دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# ئىستىلاچى ئانېئاس

( رىم )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

شىرمەت باتۇر كېسىر شاھ

مىللىي قەھرىمان ماناس

رامەنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى

ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

ئىستىلاچى ئانېئاس

بۈيۈك بىرودۇ

نىبلۇڭىن پاجىئەسى

بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

تروياىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش

باتۇر شاھ باكفىر

22

ISBN 7-228-09500-6

ISBN 7 - 228 - 09500 -6

(民文) 单价:11.00 全套定价:110.00元

15
1546. 22
1

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# ئىستىلاچى ئانىئاس

ئەسلى ئاپتورى : ۋىرگىل ( رىم )

تەرجىمە قىلغۇچىلار : مەريەم مەتتىمىن
خالمۇرات ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版,1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس
ئېستېلاچى ئانېئاس
ئەسلى ئاپتورى: ۋېرگىل [رىم]
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەريەم مەمتىمىن
خالمۇرات ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ لۇڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى 8.25
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7—228—09500—6
يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن (ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن)

**图书在版编目(CIP)数据**

征服者阿涅埃阿斯/(古罗马)维吉尔著：玛丽亚木·买买提伊明，哈力木拉提·伊明译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.7
ISBN 7－228－09500－6

Ⅰ.征… Ⅱ.①维… ②玛… ③哈… Ⅲ.史诗—古罗马—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I546.22

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第082961号

责任编辑：热依汗古丽·库尔班
责任校对：热娜古丽·阿布力米提
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 8.25印张
2005年7月第1版 2005年7月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN 7－228－09500－6
单价:11.00元（总定价:110.00元）

# قىسقىچە مەزمۇنى

مەن ئۇرۇش ۋە بىر ئادەم ھەققىدە سۆزلىمەكچى. بۇ ئادەم تەقدىرنىڭ قوغلىشى بىلەن، ئۇرۇش ئوتى يەرۇ ئاسماننى قاپلىغان ترويا دېگەن قىرغاقلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ ئايرىلىپ، ئىتالىيىنىڭ لاۋىنىئوم دېگەن يېرىگە كېلىدۇ. ئەرش ئىلاھى يۇپىتېرنىڭ شەپقەتسىز خوتۇنى يۇنو ئۇنىڭغا بەك ئۆچ بولغانلىقتىن، ئۇ مەيلى سۇ يولى ياكى قۇرۇقلۇق بىلەن يول يۇرسۇن، يول بويى ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلارنى پەيدا قىلىپ قىينايدۇ. ئۇ ئۇرۇشنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ۋەتىنىنىڭ ئىلاھىنى لاتىئومغا ماكانلاشتۇرىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ لاتىن مىللىتى، ئالبا پادىشاھلىرى ۋە رىمنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىللىرى بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ كىشى ئىلاھە ۋېناس (ۋېنىئۇس) بىلەن قەھرىمان ئانكىسېسنىڭ ئوغلى، ترويانىڭ داھىيسى ئۇلۇغ ئانېئاس. ھەيۋەتلىك ئىدې تېغى ئۇنىڭغا قالتىس جاسارەت ۋە غەيۇرلۇق بەخش ئەتكەنلىكى، شادىمان تەبىئەت ئىلاھەسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ قاملاشقان سۇمبات، نۇرانە چىراي ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئىلاھلارغا خاس ئېسىلزادىلىك، ۋۇجۇدىدىن تەڭداشسىز جەسۇرلۇق، شجائەت ئېپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەزمۇت، كەڭ مۇرىلىرى بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇلۇغۋار ئىرادە ۋە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى تۈپەيلى ئۇ كېيىن چوقۇم ئىلاھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

تەڭرىشاھ يۇپىتېرنىڭ بىر تۇركۇم ترويا ئەۋلادىنى كۆنلەر-

نىڭ بىرىدە بىپايان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇشى، بۇ مىللەتنىڭ تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچ - قۇدرەت، تەڭداشسىز باتۇرلۇق كۆرستەلەيدىغان ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تىرېلارنىڭ شەھەر - قەلئەلىرىنى يوق قىلىپ، لىۋىيىنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى يىقىتىپ، بۈيۈك ئىتالىيە دۆلىتىنى بەرپا قىلىدىغانلىقى تەقدىرگە پۈتۈلگەن.

ئەمما، تىرېلارنىڭ قەلئەسى كاتەيكى ئەسلىي تەڭرىشاھ خانىشى يۇنو ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان جاي بولۇپ، يۇنونىڭ يىراقتىكى ئىتالىيە ۋە دىب دەرياسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېرى مۇنبەت، نېمىتى مول، خەلقى باي - باياشات بۇ جاينى زېمىندىكى بارلىق جاينىڭ خوجىسىغا، تاجىدارىغا ئايلاندۇرۇش ئويى بار ئىدى. ۋەھالەنكى، تىرويانىڭ قەد كۆتۈرۈپ چىقىش تەقدىرى ئۇنىڭ بۇ شېرىن چۈشىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئۆز ۋاقتىدا تىرويا شاھزادىسى پارىس ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا نەزەر - كۆزىنى سالماي، ئۇنى نومۇسقا قويغان ۋە قاتتىق غەزەپلەندۈرگەندى. ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان دەھشەتلىك تىرويا ئۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن يۇنو تىرويالىقلارنىڭ بۇ ئەۋلادىنى، باتۇر، قەھرىمان ئاكىلىېسنىڭ قولىدىن تەلىيى ئوڭ كېلىپ قۇتۇلۇپ چىققان تىرويالىقلارنى تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ، تـەقدىرنىـڭ زەربىسى بىلـەن بىپـايان دېڭىز - ئوكيانلاردا يىل - يىللاپ قاڭقىپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىنى تاپالماي، ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغان قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

شەپقەتسىز يۇنو قانچىلىغان ئىلاھلارنى تىرويالىقلارغا ئۆچ قىلىۋېتەر؟ قانچىلىك بوران - چاپقۇن ۋە ۋابا بىلەن ئۇلارنى قىينار؟ ئۇلارنى قانچىلىغان تۇزاق قۇرۇپ، پاتقاققا مىلەر؟ ئىلاھەنىڭ ئوغلى ئانېئاس قانداق بالا - قازاغا يولۇقار ۋە قانداق سىناقلارغا دۇچ كېلەر - ھە!

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسسە بالا ـ قازا قوشلاپ كېلەر ······ 1
ئىككىنچى قىسسە ئىلاھەنىڭ ئىلتىجاسى ·········· 3
ئۈچىنچى قىسسە مېھىر ـ شەپقەت ··············· 7
تۆتىنچى قىسسە قىلتاقتا چۇشۇش ··············· 13
بەشىنچى قىسسە قانلىق پاجىئە ················ 20
ئالتىنچى قىسسە تەڭرىنىڭ ئەمرى ·············· 33
يەتتىنچى قىسسە تۇگىمەس خېيىمخەتەرلەر ······ 39
سەككىزىنچى قىسسە خەتەر ئىچىدە ھاياتلىق يولى تېپىش ························ 45
توققۇزىنچى قىسسە ئۆڭكۈردە يامغۇردىن پاناھلىنىش ··························· 51
ئونىنچى قىسسە دىدو ئەقلىدىن ئازدى ·········· 61
ئون بىرىنچى قىسسە سۆيگۈنىڭ قۇربانى بولۇش ······ 67
ئون ئىككىنچى قىسسە قەبرە بېشىدا ·················· 73
ئون ئۈچىنچى قىسسە باتۇرلار بەيگىدە ·········· 77
ئون تۆتىنچى قىسسە رەھىمسىز تۇمۇر مۇشت········ 84
ئون بەشىنچى قىسسە يۇنونىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى ··· 89
ئون ئالتىنچى قىسسە باقىي ئالەمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ························ 95

ئون يەتتىنچى قىسسە ئەڭ زۇلمەتلىك دۇنيا ……… 102

ئون سەككىزىنچى قىسسە ئازاب - ئوقۇبەتكە مەھكۇم ئەرۋاھلار ……… 109

ئون توققۇزىنچى قىسسە جەننەتتىكى مەنزىرىلەر ……… 113

يىگىرمىنچى قىسسە لاتىئومغا قەدەم قويۇش ……… 119

يىگىرمە بىرىنچى قىسسە بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس 129

يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە شۇملۇق ئىلاھەسى ئۇچۇپ ئۆتكەن جايلار ……… 133

يىگىرمە ئۈچىنچى قىسسە ئۇرۇش ئوقى بەتلەندى ……… 138

يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە دىب دەرياسى ئىلاھەسىنىڭ يول كۆرسىتىشى ……… 143

يىگىرمە بەشىنچى قىسسە ياردەم سوراش ……… 149

يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە ئانىنىڭ غەمخورلۇقى ……… 154

يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە كۈچىنى زورايتىش ……… 158

يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە زىددىيەتلىك بىشارەت ……… 163

يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە جەڭ ئېلان قىلىش ……… 169

ئوتتۇزىنچى قىسسە دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلغان باتۇر ……… 174

ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە كەسكىن جەڭ ……… 181

ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە تۇرنۇسنىڭ ھەيۋە كۆرسىتىشى ……… 186

ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە ئىلاھلارنىڭ تالاش - تارتىشى ……… 193

ئوتتۇز تۆتىنچى قىسسە تېز بېرىپ ياردەم قىلىش ……… 196

ئوتتۇز بەشىنچى قىسسە ھەل قىلغۇچ جەڭ ……… 200

ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى ……… 203

ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ قايتا نامايان بولۇشى ........................ 207
ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە ئاتا - بالىنىڭ تەڭلا ئۆلۈشى 213
ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە ئاساسلىق جەڭ ۋە ئاساسلىق يارىشىش ........................ 219
قىرىقىنچى قىسسە ئاياللارنىڭ جەڭگە چىقىشى ... 227
قىرىق بىرىنچى قىسسە ئايال قەھرىمانىنىڭ جاسارىتى ... 231
قىرىق ئىككىنچى قىسسە داڭدار سەركەردىنىڭ گۈلى توزىدى ........................ 236
قىرىق ئۈچىنچى قىسسە ئانىلىق مېھرى ........................ 244
قىرىق تۆتىنچى قىسسە دۇئىلغا چىقىش ........................ 248
قىرىق بەشىنچى قىسسە بۇيۇك ئىشلار قان ئىچىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ........................ 252

## بىرىنچى قىسىم

# بالا - قازا قوشلاپ كېلەر

بىپايان دېڭىز ، تروياللىقلارنىڭ كېمە ئەترىتى ئاچچىق دېڭىز سۈيىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە ، ئىشغال قىلىنغان تروپا زېمىنىدىن تروپا ئىلاھىنى ئىتالىيىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ، ئۇلار ئۇ يەردە تروپا شەھىرىنى قايتىدىن بەرپا قىلماقچى ئىدى. ئىتالىيىگە ھەممىدىن يېقىن سىسلىيە ئارىلى يىراقتىن كۆزگە كۆرۈندى. ئەپسۇسكى تروياللىقلار يۇنونىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك بوران - چاپقۇن پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

تەڭرىشاھ خانىشى غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي بولۇت ماكانىغا يول ئالدى. دولقۇن ۋە بوران - چاپقۇن شاھى ئائېئولوس بۇ قۇتىرىغانلار ماكانىدا تىركىشىۋاتقان قەھرلىك بوران، شاۋقۇن سېلىۋاتقان قارا يامغۇرنى غايەت زور غار ئىچىگە سولىۋالغانىدى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن بوران غارنىڭ مۇستەھكەم تاملىرىغا قەھرى بىلەن ئۇرۇلغانلىقتىن ، جىلغا قورقۇنچلۇق ئەكس سادادىن لەرزىگە كەلگەنىدى. يۇنو ئائېئولوسنى شۇ تاپتا تىلىنىۋم دېڭىزىدا كېتىۋاتقان تروياللىقلارنىڭ كېمىلىرىنى ئاغدۇرۇپ ۋە چۆكتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى دېڭىزغا چېچىۋېتىشكە يېلىنىش ۋە پارا بېرىش ئارقىلىق ئۇناتتى. ئائېئولوس يۇنونىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ، ئىچى كاۋاك تاغنىڭ يېنىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇۋىدى ، تاغ ئىچىگە سولانغان دەھشەتلىك بوران دەر-

هال ئېچىلغان جايدىن سەپ تارتقان قوشۇن كەبى ئېتىلىپ چىـ
قىپ، ھۆركىرىگىنىچە زېمىندىن ئۆتۈپ دېڭىزغا يوپۇرۇلۇپ
كەلدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دېڭىزنى
قاراڭغۇ تۈن قوينىغا ئالدى. تروياللقلار قاراڭغۇدا ئۆلۈم ۋەھدـ
مىسى ئىچىدە قالدى. ئانېئاسنىڭ كېمە ئەترىتىدىكىلەر گويا
شامالدا قالغان يوپۇرماقتەك تىترەپ جان تالىشىشقا باشلىدى.
كېمىنىڭ پالاقلىرى سۇنۇپ، بېشى قىڭغىيىپ قالدى. دېڭىز
سۈيى قۇتراپ تاغدەك - تاغدەك يوغان، ئېگىز دولقۇنلىرى بىلەن
كېمىلەرنى خادا تاش، تۇراقسىز چۆكۈندى قۇملارغا سوقۇپ چۆكـ
تۈرۈۋەتتى، ئادەملەرنى دېڭىزغا تاشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ قورالـ
لىرى، كېمە تاختىلىرى ۋە تروياللقلارنىڭ قىممەت باھاـ
لىق نەرسە - كېرەكلىرى دېڭىزدا لەيلەپ قالدى.
دېڭىز غەزەپلىك دولقۇنلىرى بىلەن ئاستىدىكى لاي - قۇملاـ
رنى ئۈستىگە ئېتىپ قاينايتتى. بوران ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ
قاينىمىدا تروياللقلارنىڭ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى.
ئانېئاس ئاسمانغا قاراپ ئازابلىق ئىڭراپ نالە قىلدى.

بۇ پاجىئەلىك كۆرۈنۈش دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇسنىڭ ئىچىـ
نى سىيرىلدۇردى. ئۇ مېھرىلىك يۈزىنى دېڭىزدىن چىقىرىپ،
دېڭىز دولقۇنلىرىنى تىنچىتتى، قارا بۇلۇتلارنى قوغلىۋەتتى،
جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان تروياللقلار ئەڭ يېقىن قىرغاققا
يېتىۋېلىشقا تىرىشىپ پۈتۈن كۈچىنى چىقاردى.

## ئىككىنچى قىسىم

# ئىلاھەنىڭ ئىلتىجاسى

بۇ يەر دېڭىزغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن بىر قولتۇق بولۇپ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇزلۇكسىز تۇردە ئاراللارغا ئۇرۇلۇپ، بارا ـ بارا ئاجىزلاپ كېتەتتى. پورتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيا تاشلار تىك، خەتەرلىك چوققىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇستىدىكى دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئەتراپقا قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك تۇس بەرگەنىدى. ئانېئاس كاردىن چىققان يەتتە كېمىنى بۇ يەرگە يىغدى. ترويالىقلارنىڭ بۇ باتۇر داھىيسى قىياغا چىقىپ كەچلىك تاماق ئۇچۇن يەتتە كىيىك ئېتىپ كەلدى. ئۇ ئېغىر قايغۇ ۋە ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قېرىنداشلىرىغا تەسەللى بەردى:

— بۇرادەرلەر، قايغۇرماڭلار، بىز بۇنىڭدىمۇ ئېغىر قايغۇ ـ ئازابنى باشتىن كەچۈرگەنمىز. ترويا ئۇرۇشى ئۇلۇغ شاھىمىز پىرىئامۇسنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى؛ قەھرىمانىمىز ھېكتور جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولدى؛ ئاتىلىرىمىز، ئاكا ـ ئۇكىلىرىمىز، خوتۇنلىرىمىز دەھشەتلىك، پاجىئەلىك تۇردە جېنىدىن ئايرىلدى؛ بىز دېڭىز ئالۋاستىسى سىكۇللانىڭ غەزىپىنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق. قىيالارنىڭ قورقۇنچلۇق ھۆركىرەشلىرىنى ئاڭلىدۇق. يەكچەشمە گىگانت ئادەم كوكروپوسنىڭ غارلىرىنىمۇ كۆردۇق. تەڭرى بىزنى بارلىق مۇشكۇلاتلاردىن خالاس قىلىدۇ. بىز لاتىئومغا قاراپ ئىلگىرىلەيمىز. چۈنكى، ئۇ يەر بىزنىڭ

ئارامبەخش ماكانىمىز بولىدۇ. بىز ئۇ يەردە قەددىمىزنى رۇس-
لاپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ھەيۋەتلىك قەلئە، سىپىللارنى
قۇرىمىز. بۇرادەرلىرىم، ۋەتەنداشلىرىم، سەۋرچان بولۇڭلار،
بىز كەلگۈسى ياخشى كۈنلەر ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزنى ئوبدان



ئاسرىشىمىز لازىم.

مول، ئوخشىغان تاماقلار ئاچلىق دەردىنى تۈگەتتى. كەلگۈسىدىكى ئىشلار ئۈمىد پەيدا قىلدى. تروياللىقلار تاماقتىن كېيىن ئۆز - ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ، قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتتى. بۇ چاغدا يۇپىتېر بىلەن ئۇنىڭ قىزى ۋېناس ئاسماندىكى ئەڭ ئېگىز جايدا دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزغا، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان قۇرۇقلۇققا، ئەگرى - بۈگرى دېڭىز قىرغاقلىرىغا، مىڭلىداپ يۈرۈشكەن ئادەملەرگە نەزەر سېلىپ تۇراتتى. ئانىئاسىنىڭ ئانىسى، مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھەسى ۋېناس تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئىلتىجا قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— ھەممىگە قادىر ئاتا –، سىز ئالەمدىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ئىلاھلارنى تەشۋىشلەنگەن خاس مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ۋە چاقماقنىڭ قۇدرەت - ھەيۋىسى بىلەن ئىلكىڭىزدە تۇتىسىز. مانا ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن قايسى كەچۈرگۈسىز گۇناھىم ئۈچۈن، ئوغلۇم ئانىئاس بىلەن تروياللىقلارنى بۇنچە زور بالا - قازاغا دۇچار قىلدىڭىز، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلدىڭىز، زادى نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىتالىيىگە بېرىۋېلىشىغا يول قويمايدۇ؟ ئىنسانلار ۋە ئىلاھلار ئاتىسىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ قىزىنىڭ گۈلدىن گۈزەل چېھرىگە قاراپ دېدى:

— ۋېناس، ئەندىشە قىلمىغىن. سېنىڭ ئەۋلادىڭنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۆزگەرگىنى يوق. مەن ۋەدە قىلغان شەھەرلار ۋە ئۇمىنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنى سەن كۆرەلەيسەن، شۇنداقلا كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئانىئاسنى يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ساماغا سەن ئۆزۈڭ ئاپىرىپ قويىسەن، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ئۇ ئىلاھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ پىكرىمدىنمۇ يېنىۋالغىنىم يوق. شۇغىنىسى، ئىچى زەھەر يۇنو تروياللىقلارغا ئۆچ بولغانلىقتىن، قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر دېگەندەك دېڭىز-

نى، زېمىننى، سۇزۇك ئاسماننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ھالىنى قويمىدى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇمۇ پىكرىنى ئۆز-گەرتىپ مەن بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ بۇ ھۆكۈمدارى، سېنىڭ ئەۋلادىڭ بولغان رىملىقلارغا شەپقىتىنى ياغدۇرىدۇ. مەن ھازىرلا ئىلتىجايىڭنى ئىجابەت قىلىپ، گۆر ئاغزىدىن يانغان بۇ تروياللىق-لارنى بىر ئامال قىلىپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇراي.

يۇپىتېر شۇئان كاتەيكى زېمىننى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان قەلئە تروياللىق بۇ سەركەردان كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرسۇن، بېرىپ ئېيتقىن، دەپ ئەرش ئوردىسىدىكى ئەلچىنى يولغا سالدى.



## ئۇچىنچى قىسىم

# مېھىر - شەپقەت

كۈن چىقىشتىن سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ نۇرى يۇلتۇزلارنى ئۆز جايىغا يولغا سالدى. ۋېناسىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئانېئاس ۋە ئۇنىڭ سادىقەتمەن ھەمراھى ئاكاتېس كاتەيكىغا قاراپ يول ئالدى.

كاتەيكى فىنىكىلارنىڭ ۋەتىنى بولۇپ، بۇ يەرگە تىرېلار شەھىرىدىن كەلگەن ئايال دىدو پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. دىدونىڭ ئاكىسى پۇل - مال قەستىدە ئۇنىڭ ئېرى، فىنىكىلار ئىچىدىكى ئەڭ باي ئاقسۆڭەك ھىكەيسىنى ئۆلتۈرۈۋەت-كەن. دىدو بۇ زالىم مۇستەبىتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يېقىن - يورۇقلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مال - دۇنياسىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ يېڭى، گۈزەل، ھەيۋەتلىك كاتەيكى شەھىرىنى بەرپا قىلغانىدى.

يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ شەھەردە چىرايلىق ئىمارەتلەر، كەڭ يوللار، نۇرغۇن ئادەملەر، پورت، مەيدان ھەمدە يۇنوغا ئاتاپ سېلىنغان ئىبادەتخانا بار ئىدى. بۇ كاتتا ئىبادەتخانىنىڭ ئېگىز، كۆركەم دەرۋازىسى، برونزىدىن قىلىنغان ئىشىك، رام، كېشەكلىرى ئىلاھەنىڭ سۇر - ھەيۋىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىدا ترويا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن رە-سىملەر بار ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ خەۋىرى يىراق - يىراقلارغا تارقالغانلىقتىن، بۇنىڭدىن پۈتۈن دۇنيا خەۋەردار بولغانىدى.

ئانېئاس رەسىملەرگە قاراپ يۇنان سەركەردىلىرىدىن ئاگامېم-
نون، مېنېلائۇس، تروىيا شاھى پرىئامۇسلارنى تونۇدى. رەسىم-
لەردە يەنە پەي دۇبۇلغا كىيگەن ئاكىللېسنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى
ھەيدەپ قېچىپ كېتىۋاتقان تروىيالىقلارنى قوغلاپ ماڭغانلىقى،
دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، قالقان تۇتقان باتۇر، قەھرىمان ئانې-
ئاسنىڭ يۇنان سەركەردىلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىر-
لەنگەنىدى، جەڭ مەيدانىدا چېپىپ يۈرگەن مانىنون باشچىلىقىدى-
كى ئېفئوپىيە جەڭچىلىرى، ئامازونىنىڭ ئايال پادىشاھى پېنتېسى-
لېئانىڭ ھىلال ئاي شەكىللىك قالقان تۇتۇپ، ئالتۇق رەڭلىك
پوتا باغلىغان ھالدا ئادەملەر گىرەلىشىپ كەتكەن جەڭ مەيدانىدا
ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، جەڭ قىلىۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەنى-
دى... ئانېئاس بۇ تونۇش كىشىلەر ۋە كۆرۈنۈشلەرگە زور قىزى-
قىش بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندا، ئايال پادىشاھ دىدو ئىبادەتخانىغا
كىرىپ كەلدى.

تەڭداشسىز ساھىبجامال دىدو بىرمۇنچە چىرايلىق، ياش
قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىبادەتخانىغا كىرىپ كەلگەندە، گويا
ئىلاھە دىئانا بىر تۈركۈم پەرىلەرنى ئېلىپ چۈشۈپ ئولوتاس
دەرياسى بويىدا ئۇسسۇل ئوينىغاندا، گۈزەل پەرىلەر ئارىسىدىن
ئۇنىڭ گۈلدىن گۈزەل ھۆسنى بۆلەكچە نۇرلىنىپ، ئەقلىنى لال
قىلغاندەك، دىدونىڭ ئاجايىپ گۈزەل رۇخسارى ئەتراپىنى پارلاق
نۇرغا تولدۇرغاندەك بولدى. توساتتىن كىشىلەرنى ئىككى ياققا
سۈرۈپ يول چىقىرىپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلارغا ئانېئاسنىڭ
كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇلار دېڭىزدا ئايرىلىپ كەتكەن،
ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن تروىيالىق ئانتېئۇس،
قەھرىمان كروئانتۇس ۋە باشقا تروىيالىقلار ئىدى. ئانېئاسنىڭ
يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ بې-
رىپ ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان بۇ قوللارنى چىڭ سىققۇسى،
تونۇش يۈزلەرگە سۆيگۈسى كېپكەتتى. بىراق ئۇ ئۇن چىقىرالمى-

دى. چۈنكى، ئۇ ناتونۇش شەھەرنىڭ ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىنى
قانداق كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى، بۇ گۈزەل ساھىبجامالنىڭ قەلبىدـ
ىكىمۇ نۇرلۇق چىھرىگە ئوخشاش گۈزەل، ئاق كۆڭۈللۈك يېغىپ
تۇرىدىغان ـ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، فىنىكىيلارنىڭ قەلبىدىن
تروياىلىقلارغا بولغان دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ،
ئايال پادىشاھ دىدو يىراقتىن كەلگەن بۇ سەرگەردانلارنى دوستانە،
سەمىمىي ھالدا قوبۇل قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بۇ ھالدىن
كۆڭلى تىنغان ئانىئاسنىڭ ئانىسى، ئىلاھە ۋېناس، ئانىئاسنى
قوغداپ تۇرغان تۇماننى تارقىتىۋەتتى. شۇئان ئىلاھەنىڭ بۇ ئوغـ
لى — شىجائەتلىك، ئاجايىپ غەيۇر، سۇباتلىق، ئېسىل سۈپەت
يىگىت كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولدى.

ساھىبجامال ئايال پادىشاھ دىدۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرـ
غان بۇ جەسۇر يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇياتچانـ
لىق بىلەن جان ئالغۇر شەھلا كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى. ئۇلارـ
نىڭ چەككەن رىيازەتلىرىدىن يۈرىكى ئېچىشتى، ئۇ شۇنچىلىك
يېقىملىق ئاۋازدا سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— شىجائەتلىك، جەسۇر يىگىتلەر، سىلەرنى قۇياشنى قارـ
شى ئالغاندەك قارشى ئالىمەن. سىلەر ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان
بولۇڭلار. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش قىسمەتكە ئۇچراپ، سىلەرگە
ئوخشاش ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەنلىكىم ئۈچۈن، ئاخىر كېلىپ
مۇشۇ يەرنى ماكان قىلدىم. بۇ بالا ـ قازانى بىۋاستە باشتىن
كەچۈرگەچكە، مەن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قوـ
لۇمنى ھەرقاچان سۇنىمەن.

ئايال پادىشاھ ئانىئاسنى ئوردىغا باشلىدى، كىشىلەردىن
ئانىئاسنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە نۇرغۇن قوي ـ كالا،
هاراق ـ شاراب ئەۋەتىپ بەردى. ئانىئاسمۇ تروياىلىقلارنىڭ ئەڭ
ئەتىۋارلىق مۈلكى بولغان سېرىق مەشۈتتە نەپىس توقۇلۇپ تىكىلـ



گەن ئۆزۈن كۆڭلەك، ئېسىل جاۋاھىراتلار قويۇلغان ئالتۇن تاجنى دىدوغا تەقدىم قىلدى.

ئايال پادىشاھ دىدو تروياللىقلارنى دوستانىلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ئوبدان كۈتۈۋالدى. بىراق، تۇن قاراڭغۇلۇقىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن ۋېناسنىڭ تەشۋىسى ئاشتى. ئىچى زەھەر يۇنونىڭ يەنە چاتاق تېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ يۇنودىن بۇرۇنراق ئىش كۆرۈش مەقسىتىدە بىر ئەپچىل ھىيلە تاپتى، يەنى ئۇ كىچىك مۇھەببەت ئىلاھى كۇپىدونى ئانېئاسنىڭ ئوغلى، سۆيۈملۈك ئاسكانىئۇسنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، دىدونىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئايال پادىشاھنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ، ئۇنىڭغا سۆيگۈ يالقۇنى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئېرىنى ئۇنتۇلدۇرغۇزۇش، دىدونىڭ ئۆزۈن ۋاقىت تىمتاس تۇرغان يۈرىكىنى يېڭىچە مۇھەببەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈپ، قاقاس قەلب ئېتىزىنى سۆيگۈ سۈيى بىلەن سۇغۇرغۇزۇش ئىشىغا سالماقچى بولدى. مۇھەببەت ئىلاھەسى ۋېناسنىڭ مەقسىتى، بۇ بىچارە ئايال پادىشاھنى سۆيگۈ يالقۇنى قورشاۋىغا ئېلىپ، ئانېئاسنى ئۆزىگە ئوخشاشلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدىغان، ھەرقانداق ئىلاھىي كۈچمۇ ئۇنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان قىلىش ئىدى.

شۇنداق، مۇھەببەت ئىلاھى كۇپىدو ئۇستىلىق بىلەن ئاسكانىئۇسنىڭ سىياقىغا كىرىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇنىڭ چېھرىدە پارلاپ تۇرغان ئىللىق نۇر، ئۇنىڭ سەبىي ۋە پاكلىقى، مېھرى ئىسسىقلىقى ھەممىلا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى. بولۇپمۇ ئايال پادىشاھ دىدو ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى، يۈرىكى ھاياجاندىن قەپەستىكى قۇشتەك تېپىرلاپ كەتتى. دىدونىڭ ئوتلۇق نەزىرى، قوغۇشۇن كەبى ئېرىگەن يۈرىكى ئۇنىڭغا تەلپۈندى، شۇڭا ئۇ ئۇنى يۇمشاققىنا قۇچاقلاپ، مېھرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى. بىچارە دىدو قۇچىقىدىكى كىشى-

نىڭ، يەنى كىچىك مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقان مۇھەببەت يالقۇنى-نىڭ ئۆزىنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە تۇتىشىپ كۆيدۈرىدىغانلىقىنى پە-قەتلا بىلمەيتتى.

دىدو ياقۇتلار قويۇلغان ئالتۇن رومكىغا لىق هاراق قۇيۇپ، ھەممىگە قادىر تەڭرى ئاتا يۇپىتېر ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈپ، بۇيۇك تەڭرى ئاتىسىدىن بۇگۈنكى يۈرەكنى ئېزىدىغان كۈننى فىنىكىيلىقلار ۋە سەركەردان بولۇپ كەلگەن تروياللىقلارغا شاد -خۇراملىق كۈن قىلىپ بېرىشنى تىلىدى. مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك ئوت يالقۇنى سوغۇق ۋە تەكەببۇر قەلبىنى شامدەك ئېرىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شېرىن بىر سېزىم مەستخۇش قىلغان دىدو ئانېئاسقا ئاشىق - بىقارار بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى قەلبىدىكى مەبۇدە، قۇياش ئانېئاسقا تىكىلگەنىدى. ئۇ شۇ هالەتتە ھەقىقىي ئىلاھ ئەۋلادى بولغان ئانېئاستىن دەھشەتلىك تروىيا ئۇرۇشى ۋە ئۇلار-نىڭ يەتتە يىللىق سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆز-لەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

تروياللىقلارنىڭ داھىيسى ئانېئاس ئايال پادشاھنىڭ يېنىدى-كى ئېسىل كۈرسىتا ئولتۇرۇپ، يەتتە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتى ۋە سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تۈن ئاسمىنىدا تېخىمۇ سۈرلۈك، مەيۈس ئاڭلىناتتى...



## تۆتىنچى قىسسە

# قىلتاققا چۈشۈش

— ئاھ، شاھىم، مېھىر - شەپقەتلىك زات، ترويانىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئەسلەش يۈرەكنى ئېزىپ، ئادەمنى چىدى-غۇسىز قايغۇ - ھەسرەتكە پاتۇرىدۇ.

ئادەمنى جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويىدىغان ئۇ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش تىلغا ئېلىنسا، دۈشمەنلىرىمىز بولغان ئاكىللېس ئاتا - بالىنىڭ قول ئاستىدىكى نۆكەرلەر ياكى تاش يۈرەك ئودىسسۇس-نىڭ لەشكەرلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئىختىيارسىز ياش تۆكى-دۇ. چۈنكى باي، مۇنبەت ترويا زېمىنى يۇنانلىقلار تەرىپىدىن شۇنچىلىك پاجىئەلىك يوسۇندا دەسسەپ - چەيلىنىپ، تۈزلىۋې-تىلدى. سانسىزلىغان جانلار بىگۇناھ ھالدا ئەرۋاھلارغا ئايلاندى. شەھەرگە ھايات بەخش ئەتكۈچى دەريا سۇلىرىدا قانلار سەل بولۇپ ئاقتى. ئىدې تېغىدا يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغان ئەرۋاھلار ئۇچۇپ يۈردى.

ئۇرۇش 10 - يىلىغا قەدەم قويغانغا قەدەر بىز، يۇنانلىقلارنى ھەيۋەتلىك ترويا سېپىللىرىغا يېقىن يولاتماي توسۇپ تۇرغاند-دۇق. يىللار شۇ تەرزدە ئارقا - ئارقىدىن ئۆتىۋەرگەچكە، يۇنان سەركەردىلىرى ئۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. شۇ ئەھۋالدا ھىي-لىگەر سەركەردىلەر ئەقىل - پاراسەت ئىلاھەسى ئافىنادىن ئىلا-ھىي ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىپ، كىچىكرەك دۆڭچىلىك بىر ياغاچ ئات ياساپتۇ. پۇرسەت تېپىپ جىنايى، رەزىل ھەرىكەتنى باشلاش



ئۈچۈن، ئاتنىڭ بوش قورسىقىغا خىل قوشۇندىن بىر تۈركۈمنى مۆكتۈرۈپتۇ. ئاندىن دۆلىتىمىزگە ئامان - ئېسەن ئەكېتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، غايەت يوغان بۇ ياغاچ ئاتنى ئىلاھلارغا ئاتىدۇق دېگەن يالغان گەپنى تارقىتىپ، يالغاندىن قارارگاھ، چېدىرلارنى تاشلاپ چېكىنىپ ماڭغان ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى.

بىز ساددىلىق بىلەن يۇنانلىقلار راستتىنلا كەتتى، دەپ ئويلاپتۇق. شۇڭا، پۈتۈن ترويا شاد - خۇراملىققا چۆمدى. ئۇن يىلغىچە ئېچىلمىغان ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسى ئاخىر ئەركىنلىككە چىققاندەك يوغان ئېچىلدى. شادلانغان كىشىلەر بىر كۆرەيلى دەپ، دېڭىز بويىغا باردى. ئۇلار يۇنانلىقلارنىڭ قارارگاھى، تاشلانغان نەرسە - كېرەكلەر قاتارىدا غايەت يوغان ياغاچ ئاتنى، يەنى ئىلاھە ئافىنا قالدۇرۇپ كەتكەن جانغا زامىن سوۋغاتنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. كىشىلەر بۇ غايەت يوغان نەرسىنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىشنى ياكى دېڭىز بويىغا تاشلاپ قويۇشنى بىلەلمەي مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. قارىمۇقارشى پىكىرلەر ھەر تەرەپتىن قارا يامغۇر كەبى ياغدى. بىر چاغدا ھۆرمەتلىك شاھىمىز پرىئامۇسنىڭ ئوغلى لائوكون بىرمۇنچە كىشىلەرنى باشلاپ غەزەپ بىلەن شەھەردىن چېپىپ چىقىپ، قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قالغان كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— بىچارە پۇقرالىرىم -، سىلەر دۈشمەننى راستلا چېكىنىپ كەتتى دەۋاتامسىلەر؟ سىلەرچە ھېيلىگەر ئودىسسۇس غەلىبىنى ترويالىقلارغا مۇشۇنداق ئاسانلا بېرىۋېتەرمۇ؟ بۇ گۇمانلىق نەرسە بىر بولسا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان قورال، بىر بولسا بۇنىڭ ئىچىگە يۇنانلىقلار يوشۇرۇنغان. بىز دۈشمىنىمىز بولغان يۇنانلىقلاردىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك!

لائوكون كۈچىنى يىغىپ ئاتنىڭ قورسىقىغا ئۇزۇن بىر نەيزىنى تىقتى. ئۈچلۈق، ئۆتكۈر نەيزە ياغاچتىن ياسالغان ئاتنىڭ

قورسىقىغا چوڭقۇر كىرىپ ياغاچ ئات سىلكىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك قورسىقىدىن ئىڭرىغاندەك ئاۋاز چىقتى. ئەگەر ئىلاھلار بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئاللىقاچان بەلگىلەپ قويمىغان، بۇ ساختا غەلىبىدىن بىزنىڭ كاللىمىز قىزىپ قېيىپ كەتمىگەن بولسا، لائوكون چوقۇم كۆپچىلىكنى قايىل قىلغان، كىشىلەر يۇنانلىقلار يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ ئوۋۇنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان بولار ئىدى. ئۇ چاغدا ترويا شەھىرى بۈگۈنگىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولار ئىدى، پرىئامۇسنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردا، قەلئەسىمۇ ھېچنېمە بولمايتتى.

ھالبۇكى، بىز دۆتلۈكىمىزدىن پەرۋانىدەك ئىش قىلىپ يۇنانلىقلار قۇرغان قىلتاققا چۈشتۇق.

تروياللىقلار ياغاچ ئات ئىشىنى قىزىق تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقاندا، تاغدا مال باقىدىغان بىر توپ چوپان قوللىرى كەينىگە باغلانغان بىر يىگىتنى سۆرىگىنىچە ئىسقىرىتىپ يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان بۇ يۇنان قەھرىمانى ئىڭرىغان ھالدا، بىزگە ئېچىنىشلىق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىر جەمەت ئودىسسۇس ئۇنى ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماقچى بوپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇ ئاڭلىمىغان تۈرلۈك جىنايەتلەر ئارتىلىپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان بۇ يىگىت جان ئاچچىقىدا ئارغامچىنى ئۈزۈپ قېچىپ، ئوت ـ چۆپلۈك ساسلىقتا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئاچلىق ۋە قورقۇنچتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ توختىماپتۇ. ياشاش ئارزۇسىنىڭ يوققا چىققانلىقىدىن يۈرىكى ئېچىشىپتۇ. جاسۇس سىنونىنىڭ يىغلاپ ـ قاقشاپ توقۇغان بۇ ھېكايىسى كەيپىياتىمىزنى ئۆزگەرتىپ، غەيرەت ـ جاسارىتىمىزنى يوقلا قىلىۋەتتى. مېھىر ـ شەپقەتلىك پادىشاھىمىز پرىئامۇسمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىزگە بالا ـ قازا ئېلىپ كەلگەن ئەشەددىي دۈشمىنىمىزگە تىنچلىق، دوستلۇق قولىنى سۇندى. ھېيلىگەر سىنون بىزگە

ئەگەر بۇ ياغاچ ئات سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن شەھىرىڭلارغا ئېلىپ كىرىلسە، ئۇ ھالدا ئاسىيانىڭ زور قوشۇنى ئاگامېمنونـ
ـنىڭ شەھىرىگە قىستاپ كېلىدۇ ـ دە، بۇ بالا ـ قازا يۇنانلىقلار ـ
نىڭ بېشىغا كېلىدۇ، — دېدى. دىئومېدېس بىلەن ئاگامېمنون مىڭدىن ئارتۇق كېمىنى ئىشقا سېلىپ ئون يىل جەڭ قىلىپ بىزنى باش ئەگدۈرەلمىگەنىدى. ھالبۇكى، سىنوننىڭ ئالدامچىـ



لىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن قىلغان يالغان سۆزلىرى بىزنى ئىشەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى ۋە يالغاندىن تۆككەن كۆز ياشلىرى بىزنى ئەل قىلىۋەتتى. سىنوننىڭ كۆز ياشلىرى لائوكوننىڭ غەزىپى ۋە مۇنازىرىسىنى بېسىپ چۈشتى. قورقۇنچلۇق بەختسىزلىك لائوكوننىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇسنىڭ كاھىنى بولغان لائوكون نەزىر ئۆتكۈزىدىغان مېھراب (تومىسە) ئالدىدا يوغان بىر بۇقىنى ئۆلتۈرۈپ، دېڭىز ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، تىپتىنچ دېڭىز يۈزىدە يۇنانلىقلار يوشۇرۇنغان جايدا تۇرغان ئاجايىپ يوغان ئىككى يىلان، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇنى يېرىپ قاتارلىشىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەلدى. ئۇلار سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، مەيدىسىنى كېرىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تىنماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۆركەش ياسىغان دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ ماڭغاندا چىققان ئاۋاز ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. ياغاچ ئاتنى چۆرىدەپ تۇرغان تروياللىقلار بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قورقۇپ تاتىرىپ كېتىشتى ھەمدە ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي قېچىشتى. يىلانلار ھەش ـ پەش دېگۈچە قىرغاققا چىقىپ قىپقىزىل ئاغزىنى ئېچىپ كۈشۈلدىگىنىچە ئۇدۇل لائوكونغا قاراپ ئۆمىلەشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىغا چىرمىلىشىپ بالىلارنىڭ يۇمران بەدەنلىرىنى چىشلەپ چاقتى. ئاندىن يالماپ يۇتۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ لائوكون نەيزىسىنى ئېلىپ بار كۈچى بىلەن يىلانلارغا ئاتتى. نەيزە بېرىپ سانجىلغۇچە ئارىلىقتا يىلانلار لائوكوننىمۇ بېلىدىن ئىككى قات چىرمىۋالدى. يەنە پېشانىسىنى ئىككى قات چەمبىرەك شەكلىدە ئورىۋالدى ـ دە، مەغرۇرانە ھالدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈشۈلدىدى. لائوكون قاتتىق تىركەشتى. بېشىدىكى رەڭلىك بوغقۇچ قىپقىزىل قان ۋە قاپقارا زەھەردىن ھۆللەندى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى پەلەككە يەتتى. ئۇ ئىككى يىلان لائوكوننى سۆرىگىنىچە قەلئەنىڭ ئۈستىدىكى

قورقۇنچلۇق ئافىنا ئىبادەتخانىسىغا ئەكىرىپ كېتىپ، ئۆزلىرى
قالقان كەينىدە تۇرغان ئافىنانىڭ پۇتى ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالدى.
ترويالىقلار قاتتىق قورقۇپ قېتىپلا قالدى. كەينىدىن كىشىلەر
لائوكون بۇ مۇقەددەس ياغاچ ئاتقا نەيزە سانجىپ، ئىلاھلارنى
غەزەپلەندۈرۈپ قويدى، شۇڭا مۇشۇنداق بەدەل تۆلىدى، دېيىشتى
ھەمدە ئاتنى دەرھال ئىلاھلار مېھرابىغا ئاپىرىپ، ئىلاھلارغا
ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلايلى، دەپ توۋلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن، بىر بۆلۈك كىشىلەر دەرھال شەھەرگە قاي-
تىپ، سېپىلدىن تۆشۈك ئاچتى. بەزىلەر بولسا ياغاچ ئاتنىڭ
پۇتىغا چاق ئورناتتى، ئۇزۇن، يوغان ئارغامچا ياساشتى. شۇ
تەرىقىدە بۇ غايەت يوغان ياغاچ ئاتنى سۆرەپ ئىتتىرىپ شەھەرگە
ئېلىپ ماڭدى. ئوغۇللار، قىزلار مۇناجات ئېيتقان ھالدا ئۇلارغا
ئەگەشتى. سېپىلنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزگۈچە ياغاچ ئات تۆت
قېتىم تاقىشىپ قېلىپ، ئاتنىڭ قورسىقىدىن قوراللار بىر -
بىرىگە تېگىپ جاراقشىغاندەك ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىراق بىز ترو-
يالىقلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك بول-
غاچقا، ھېلىقىدەك غەلىتە ئاۋازلار ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمى-
دى. شۇنداق قىلىپ بۇ غايەت يوغان ياغاچ ئات شەھەرگە ئېلىپ
كىرىلىپ، سىيرىلدۇرۇلۇپ شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئاپىرىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىز شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئاپەت ياغدۇرغان
بۇ ماشىنىنى، يۇنانلىقلارنىڭ بۇ رەزىل سوۋغىسىنى ئۆز قولىمىز
بىلەن ترويا شەھىرىگە ئېلىپ كىردۇق.

### بەشىنچى قىسسە

## قانلىق پاجىئە

پەلەك ئۆز ئوقى ئەتراپىدا چۆرگىلەۋەردى. قاراڭغۇ كېچە ئۆز ماكانىدىن چىقىپ بىپايان زېمىن ۋە ئاسماننى قاراڭغۇ پەردە بىلەن چۈمكىدى. شۇنداقلا قۇۋلۇق، شۇملۇق قىلماقچى بولغان يۇنانلىقلارنى ھەم ئۆز قوينىغا ئالدى. چارچىغان تروياللىقلارنى ئۇيقۇ ئەسىر قىلدى. ئادالەتسىز تەقدىر ئىلاھى جاسۇس سىنوننى قوغدىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ياغاچ ئاتنىڭ ئاستىغا بېرىپ، ئاتنىڭ قورسىقىنى بوش تاتىلاشتۇرۇپ، ياغاچ ئاتنىڭ قاپقىنى ئاچتى. يۇنانلىقلار بەئەينى ھوشيار ئوۋچى ۋە تايغانلار ئارىسىدىن قويلارنى مارىلاپ كۆزىتىپ تۇرغان دالا بۆرىلىرىگە ئوخشاش، ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدىن شەپە چىقارماي چۈشۈشتى. نەيزە، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ترويا شەھىرىنىڭ بارلىق دەرۋازى-سىنى ئېچىپ، ئۇيقۇ ۋە ھاراق ـ شاراب قوينىدا ياتقان ترويا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا كىرىش-تى. يوشۇرۇنغان يۇنان كېمىلىرى ئوچۇشلۇق شامالنىڭ ياردىمى بىلەن تېزلىكتە قىرغاققا يېتىپ كەلدى. تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ قوشۇن شەھەرگە گويا كەلكۈن كەبى بېسىپ كىردى. پولات قورغاندەك مۇستەھكەم، پۇختا شەھەر گويا يىل-لاپ تۇرۇپ چىقىرىپ كەتكەن قەغەزگىلا ئوخشاپ قالدى. پۈتۈن شەھەر قالايمىقانچىلىق، يىغا ـ زارە، نالە ـ زار ئىچىدە قالدى. مېيىپ بولغان ۋە يارىلانغان كىشىلەر جەسەتلەر ئۈستىدە ئۆمىلەپ

يۇرۇشەتتى؛ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانلارنىڭ ئاله - زارىنى
ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بېسىپ كەتكەندى؛ ئايالللار ۋە بالىلارنىڭ
يىغا - زارىسى تېخىمۇ بەك ئېچىنىشلىق بولۇپ، يۈرەكنى
پارە - پارە قىلاتتى. پۈتكۈل شەھەرنى تاشلانغان قورال - ياراغلار
ۋە قىپقىزىل قان قاپلىغانىدى.

مۇشۇ خەۋپلىك پەيتتە، تروياىمىزنىڭ بۈيۈك قەھرىمانى
هېكتورنىڭ روهى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بىچارە، باتۇر
چەۋەندازنىڭ هالى خاراب بولۇپ، چىرايىدا قايغۇ - هەسرەت،
كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى. توپا ۋە قان ئارىلىشىپ ئۇنىڭ
يۈزىنى قاپقارا تۇسكە كىرگۈزگەن. تېشىلىپ كەتكەن پۇتىنىڭ
ئالىقىنى ئېشىپ كەتكەن، چاچلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغان، ساقال
- بۇرۇتى قاسماق، پۈتۈن بەدىنى جاراھەت ئىدى. تۇۋا، هېكتور-
نىڭ ئېسىلزادىلەرگە خاس چىرايلىق، ئالىيجانابلىق چاقناپ تۇرى-
دىغان يۈزىنى قانداق ئىپلاس نەرسە بۇنداق قارا قىلىۋەتكەندۇ،
ئۇنى نېمىشقا بۇ قەدەر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغاندۇ؟
هېكتور قاتتىق خۇرسىنىش ئىچىدە ماڭا كەلگۈسى يولۇمنى كۆر-
سىتىپ بەردى:

— هەي، ئىلاھەنىڭ ئوغلى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بۇ شە-
هەردىن نېرى كەت. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆككە تاقاشقان
تروىيا قەلئەسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ناۋادا بۇ شەھەرنى ئىنساننىڭ
كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ساقلاپ قالغىلى بولسا ئىدى، مەن ئۇنى
ئاللىقاچان ساقلاپ قالغان بولاتتىم. هازىر تروىيا ئۆزىنىڭ بارلىق
مۇقەددەس نەرسىلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ساڭا، تروىيالىقلار-
نىڭ كەلگۈسىدىكى داھىيسى بولغان ساڭا تاپشۇرىدۇ. سەن ئۇلار-
نى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارغا باشقا بىر ماكان تېپىپ بېرىسەن.
سېنىڭ تەقدىرىڭ ئۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.
سەن دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتسەڭ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتكە
ئۇچراپ رىيازەت چېكىسەن، يات مىللەتلەرنى بىر - بىرلەپ



ئىشغال قىلىسەن. ئاخىرىدا بۈيۈك بىر شەھەر بەرپا قىلىسەن. ئاندىن ھېكتور مۇقەددەس رەڭلىك بوغقۇچ، چەكسىز قۇدرەتلىك ئىلاھە ۋېستانىڭ ھەيكىلى ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئىلىنى ماڭا بەردى.

ئاھ! ھېكتور، شەھىرىم ئوت يالقۇنى ئىچىدە تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن، ئاھۇ ـ زار پەلەكنى تىترىتىۋات-سا، بۇ يەردىن كېتىشكە يۈرىكىم قانداق چىدايدۇ؟ سېنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىڭنى كۆرۈپ يۇنانلىقلارغا تېخىمۇ بەك غەزىپىم كەلدى. قورالللارنىڭ دەھشەتلىك جاراڭلاشلىرى، ئاياللارنىڭ قۇتقۇزۇڭلار دەپ جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراشلىرى، قولىقىمدا ئەكس سادا ياڭرىتىپ، قۇلىقىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. پۈتۈن شەھەر كۆيۈۋاتىدۇ، ياغاچ ئات بولسا شەھەر مەركىزىدە غادىيىپ تۇرۇ-دۇ. ئاتەش ئىلاھى فوركان قۇتراۋاتىدۇ، پەلەككە يەتكەن ئوت يالقۇنى كەڭرى كەتكەن خىگئۇم دېڭىز بوغۇزىنى قىزارتتى. دېي-فوبۇسنىڭ ئازادە، ھەشەمەتلىك قەسىرى كۇمپەيكۇم بولدى. يۇ-نانلىقلار ئەمدى بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى، ئىگىسى بولدى. مانا بۇ ئىشلار قېنىمنى ئۇرغۇتۇپ، مېنى باتۇر بولۇشقا روھلاندۇ-رۇپ، جەڭگە كىرىشكە ئۈندىمەكتە. مەن قولۇمغا قورال ئېلىپ، بارلىق ھەمراھلىرىمنى يىغىپ، ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان شەھەرگە كىرىپ جەڭ قىلماقچى بولدۇم. غەزەپ مېنى ساراڭ قىلىپ ئەقلى ـ ھوشۇمدىن ئايرىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېكتورنىڭ سۆزلىرىنى تامام خىيالىمدىن چىقىرىۋېتىپ، جەڭ قىلىپ شەرەپ بىلەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدۇم. بۇنداق ئۆلۈش چەكسىز شەرەپلىك ئىدى، مەن ھەم ئۇلۇغۋار تروپا شاھىغا يۈز كېلەلەيتتىم.

مەن بىر تۇركۇم ياش، باتۇر يىگىتلەرنى يىغىپ ئوتقا ئۆ-زۈمنى ئاتتىم، جەڭگە ئاتلاندىم. شەپقەتسىز قىساس ئىلاھەسى-نىڭ ئاۋازى قەيەردە ياڭرىسا، قەيەردە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ۋە



پالۋانلارنىڭ جەڭ شاۋقۇنى ئاڭلانسا شۇ يەرگە چاپتىم. قىساس ئېلىش ئىستىكى بىزنى شۇنچىلىك ئەسەبىيلەشتۇرۇۋەتتىكى، بىز بەئەينى تۇمان ئىچىدە ئولجا ئىزدەۋاتقان ئاچ بۆرىگە ئوخشاپ قالغاندۇق. شۇڭا دۆلىتىمىزگە ھىمات بولۇپ تۇرغان، دۆلىتىمىزگە تەۋە ئىلاھلار ئىبادەتخانىلىرى ۋە نەزىر - چىراغ مېھرابلىرى قولىمىزدىن كېتىپ قالغان، بىز ياردەم بېرىپ قۇتقۇزماقچى بولغان شەھەر كۆيۈۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بىز ھەممىنى بىر يولىلا دوغا چىقىرىپ ئېلىشتۇق.

بىز دۇشمەن بارىگاھلىرىدىن، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆلۈمگە ئۆزىمىزنى ئاتتۇق، شۇ چاپقىنىمىزچە

شەھەر مەركىزىگە باردۇق. باردۇقيۇ، يۈرىكىمىز قاراڭغۇ كېچە-دەك قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئاھ، بۇ كۆندىكى قانلىق قىرغىند-چىلىق ۋە ئۆلۈم - يېتىمنى قانداق تىل بىلەن تەسۋىرلەي ئەم-دى. بۇنداق قىلىشقا تىلىم كۆيمەيدۇ. چۈنكى، ئەۋلادتىن ئەۋلاۋد قۇدرەتلىك دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي پايتەخت يوقالغان، كوچىلار، قورۇ - ئۆيلەر، ئىبادەتخانا بوسۇغىلىرىدا ئۆلۈكلەر تولۇپ كەتكەن. ئاھ دەردىم!

بىز شەھەردە يۇنانلىقلارنىڭمۇ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاقتۇر-ماقچى بولدۇق - تە، ئاندروگېئوس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جەھەننەمگە يولغا سالدۇق. يۇنانلىق-لارنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلاشىپ جەڭ قىل-دۇق. بەئەينى ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرغان بوران كەبى ھەر تەرەپتە جەڭ قىلدۇق. يۇنانلىقلار يېقىلماقتا، قىلىچلىرىمىز قانغا بويالماقتا ئىدى. بىزدىنمۇ كروئىبۇس ۋە رىپېئۇسلار قۇر-بان بولدى. ئاھ ترويا، ئۇ كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىمىنىمۇ ئوت يالقۇنىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. سىلەر گۇ-ۋاھ بولۇڭلار، قېرىنداشلىرىم يىقىلغان چاغدا، مەن يۇنانلىقلار-نىڭ قىلىچ - نەيزىسىدىن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم.

قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك چۇقان - سۈرەن دىققىتىمىزنى پرىئامۇسنىڭ ئوردىسىغا قاراتتى. بۇ يەردە شۇقەدەر دەھشەتلىك جەڭ بولۇۋاتاتتىكى، بۇنىڭ ئالدىدا باشقا جايلاردا بولۇۋاتقان جەڭ ھېچقانداق دەھشەتلىك ھېسابلانمايدۇ. بۇ يەردە بىز ئىنتايىن دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆردۇق. قەبىھ يۇنانلىقلار ھەممە يەرگە يامىرىغان چېكەتكىلەردەك كۆپ بولۇپ، ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغاند-دى، قاتارلىشىپ تۇرۇپ ئوردا دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى ... بىز مەخپىي يول بىلەن ئوردىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز پوتەيگە چىقىۋالدۇق. ئوردا ئىچى قالايمىقانچىلىق، نالە - زار بىلەن تولغانىدى. پۇختا ئىشىكلەر قوش بىسلىق پالتا بىلەن

چانالدى. ئارىسىغا مىس ئېلىنغان ئىشىكلەرمۇ كېشىكلىرىدىن ئاجرىتىۋېتىلدى. ھەرەمدىكى ئايالىلارنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يىغ-لاشلىرى، ئېچىنىشلىق توۋلاشلىرى، قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغان ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. يۇنانلىقلار ئاخىرىدا ئوردا دەرۋازىسىد-نى بۇزۇپ ئېچىپ، يوپۇرۇلۇپ كىرىپ ئوردىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلارمۇ قالمىدى. ئۇلار بەئەينى تۇغاد-نى بۆسۈپ كۆپۈكلىشىپ ئاققان، ئالدىنى توسقان ھەرقانداق توسالغۇنى سۈپۈرۈپ ئېقتىپ ئېتىزلارنى بېسىۋالغان، قوتانلار-دىكى قويلارنى ئاققۇزۇپ كەتكەن كەلكۈنگە ئوخشاش ئىدى. ھەتتا ھەيۋىسى، قورقۇنچلۇقى كەلكۈندىن بەتتەر يامان ئىدى. ئاھ، تروپا ئوردىسى ئاياغ - ئاستى قىلىندى، 50 ئېغىز ھەرەمخانىدا ئەسلىي شاھزادىلەر، خانزادىلەر خۇشال - خۇرام ئوينىاپ - كۈ-لۈپ ياشاشقا تېگىشلىك ئىدى. ھەشەمەتلىك تۇۋرۇكلەرگە باشقا شەھەرلەردىن سوۋغا قىلىنغان قىممەت باھالىق قورال - ياراغلار ئېسىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇلارنىڭ ھەم-مىسى كۆپۈككە ئايلاندى.

شەھەرنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇلۇغ پادىشاھىمىز پرىئامۇس ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، باتۇر ياش يىگىتلەرگە ئوخشاش مۇستەھكەم ساۋۇت - دۇبۇلغىنى تىت-رەپ تۇرۇپ كىيىپ، بېلىگە ئەسقاتمايدىغان شەمشەردىن بىرنى ئېسىپ، دۈشمەن ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ جەڭدە شېھىت بول-دى. ئاكىلىېسنىڭ ئوغلى، ۋەھشىي پرۇس پرىئامۇسنىڭ كۆز-چە ئاۋۋال ئۇنىڭ ئوغلى پرىدورۇسنى ئۆلتۈردى، ئاندىن دەلدەڭ-شىپ ئارانلا تۇرغان بوۋاينى سۆرەپ ئىلاھىي مېھراب ئالدىغا، ئوغلىنىڭ قېنىغا مىلەپ ئەكەلدى - دە، سول قولىدا بوۋاينىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن قىلىچنى بوۋاينىڭ قارنىغا تاكى سېپىغىچە تىقتى.

شۇنداق قىلىپ، پرىئامۇسنىڭ ھاياتى تۈگىدى. تەقدىرنىڭ

ئادالەتسىز ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك يۇسۇندا ئاياغلاشتى، يەنى ئۇ ترويانىڭ ئاسمان - پەلەك ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقانلىقىنى، زىرائەتلىرى مول، خەلقى باياشات، ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دەپ ئاتالغان تروياـ نىڭ گۇمران بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆلدى. ئىلگىرى ئاجايىپ شان - شەرەپلەر قۇچقان، تەڭداشسىز قۇدرەت كامالەت بىلەن شۆھرەت قازانغان پادىشاھنىڭ قاۋۇل تېنى دېڭىز ساھىلىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ ئەمدى نامسىز بىر جەسەتكە ئايلانغانىدى.

بىزنىڭ ئۇلۇغ قەدىمىي پايتەختىمىز، بىز تروياللىقلارنىڭ يۇرت - ماكانى مانا مۇشۇ تەرىقىدە گۇمران بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى يۇرەكنى پارە - پارە قىلىدىغان ئېچىنىشلىق يىغا - زار، ھەر خىل قورقۇنچلۇق سىياقتا ئۆلگەن جەسەتلەر، بارىدىغان يېرى يوق سەرسان ئەرۋاھلار قاپلىدى.

بەختكە يارىشا ئامان قالغان تروياللىقلار مانا بىز، دادام



دېمەتلىك ياشنىپ قالغان پادىشاھنىڭ پاجىئەلىك يوسۇندا ئۆلتۈ-رۈلگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، كاللامدا شۇئان قەدىردان دادام-نىڭ ئوبىرازى زاھىر بولدى، مەن يەنە خوتۇنۇم كىرىېئۇسا، تالان - تاراج قىلىنغان ئائىلەم ۋە ئوغلۇمنىڭ تەقدىرىنى ئويلى-دىم. مەن ئويۇمنى بىر باشقا چىقىرالماي، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئۇيان - بۇيان قاراپ تۇرغىنىمدا، ۋىستا ئىبادەتخاند-سىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ھېلېنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ پاجىئەلىك ئۇرۇشنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغىنى مۇشۇ خوتۇن، تروياني گۇمران قىلغىنى مۇشۇ خوتۇننىڭ تەڭداشسىز گۈزەل رۇخسارى ئەمەسمۇ؟ شۇئان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا قىساس ئوتى يېلىنجاپ، گۇمران بولغان ۋەتىنىم ئۈچۈن قىساس ئېلىش ئىستىكى مېنى ئىلىكىگە ئالدى. بىر ئايالنى جازالاش گۇناھ بولسىمۇ، بۇ خىل جازالاش كىشىگە خاتىرىلىگۇدەك شان - شەرەپ، غەلىبە تۇيغۇسى بېرەلمىسىمۇ، بۇنداق غەلىبە ئالقىشلانمايدىغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈ-شۈم، قەلبىمدىكى قىساس ئوتىنىڭ دەۋتى بىلەن بۇ خوتۇنغا تېگىشلىك جازا بېرىش ئارقىلىق، تروياللىقلارنىڭ قېنى چېچىل-غان دېڭىز ساھىلى ۋە جانجىگەر كىشىلىرىمنىڭ جەسىتىنى ئە-مىن تاپقۇزۇشۇم كېرەك.

مەن غەزىپىمنى باسالماي خەنجىرىمنى ئۇنىڭغا سانجىشقا تەم-شەلگەن شۇ پەيتتە، ئالدىمدا مېھرىبان ئانام پەيدا بولدى. تۇن قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنىڭ رۇخسارى بۆلەكچە گۈزەل، نۇرلۇق بو-لۇپ، ئىلاھلارغا خاس سالاپىتى ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوڭ سۈپەت ۋە يېقىملىق تۈس بەرگەنىدى. ئۇ گويا ئەتىرگۈلنىڭ ئېچىلغان غۇنچىسىدەك چىرايلىق لەۋلىرىنى يېرىپ ئىسمىمنى تووۋلىدى:

— ئاھ، ئوغلۇم، سېنى بۇ قاتتىق دەرغەزەپكە كەلتۈرگەن نەرسە زادى قانداق دەرد - ئەلەم؟ ياشانغان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن دادىڭ قېنى؟ ساھىبجامال خوتۇنىڭ كىرىېئۇسا ھاياتمۇ؟

ئوماق، ئامراق ئوغلۇك ئاسكانىئۇس نەدە؟ سىنىڭ ئاتا - ئانا،
خوتۇن بالىلىرىڭنىڭ غېمىنى يېگىنىڭ قېنى؟ ناۋادا ئۇلارنىڭ
هالىدىن مەن خەۋەر ئالمىغان بولسام، ئۇلار ياكى ئوتتا كۆيۈپ
كۇلگە ئايلانغان، ياكى دۇشمەنىنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولاتتى. ئاھ
ئوغلۇم، بىچارە، باي - باياشات تروياني گۇمران قىلغىنى،
پەلەككە تاقاشقان هەيۋەتلىك قەلئە، ئوردا - سارايىنى تۇپتۇز
قىلىۋەتكىنى گۇناهكار هېلېنىنىڭ گۇزەل جامالى ئەمەس، ئەيىب-
لىنىشكە تېگىشلىكى پارىسمۇ ئەمەس، بەلكى تەڭرىشاھ، شەپقەت-
سىز ئەرش ئىلاهى! ئەتراپىڭدىكىسى پۇتۇنلەي قاراڭغۇلۇق ئىچد-
دىكى ساختا كۆرۈنۈش. سېنىڭ ئىنسانلارغا خاس كۆزۈڭنى قارا
بۇلۇت توسۇۋېلىپ هېچ نەرسىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. ماڭا قارا
ئوغلۇم، بۇ قاراڭغۇ پەردىنى ئېچىۋېتەي. ئاناڭنىڭ بۇيرۇقىدىن
باش تارتمىغىن، ئىلاھنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلىشنى رەت قىلمىغىن. ئەنە قارا، مانا قارا، ئوغلۇم،
تاش - كاھىش پارچىلىرى تاغدەك دۆۋىلەنگەن، ئىس - تۇتەك
ۋە توپا - چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ جايدا، دېڭىز ئىلاهى
نېپتۇنۇس غايەت زور ئۇچ ئاچا يالمانلىق نەيزە بىلەن ترويا
سېپىلىنىڭ ئۇلىنى سىلكىتىپ، پۇتۇن شەھەرنى ئۇلى ئۇستىگە
غۇلىتىۋاتىدۇ؛ ئاۋۇ يەرگە قارا، تاش يۇرەك يۇنو شەھەرنىڭ
غەربىي دەرۋازىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئىشغال قىلىپ، بېلىگە
قىلىچ ئاسقان هالدا كېمىدىن چۇشكەن ئىتتىپاقچى قوشۇننى بار
ئاۋازى بىلەن يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ؛ ئاۋۇ يەرنى كۆردۇڭمۇ، ئەنە
ئافىنا قەلئەنىڭ چوققىسىدا بۇلۇت پەيدا قىلىدىغان قالقاننى تۇتۇپ
ئولتۇرىدۇ. قالقاننىڭ ئۇستىگە قويۇلغان قورقۇنچلۇق مېدوسا-
نىڭ بېشى يالتىراپ نۇر چاچرىتىپ تۇرىدۇ. هەتتا تەڭرى ئاتا
يۇپىتېرمۇ يۇنانلىقلارغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ هەمدە ئىلاهلارنى ترو-
يالىقلار بىلەن دۇشمەنلىششكە كۇشكۇرتۇۋاتىدۇ. شۇڭا دەيمەن

ئوغلۇم، بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئۆزۈڭنى تارتىپ، ئائىلەڭدىكى-لەرنى قوغدىغىن. مەيلى سەن قەيەرگە بارما، سېنى قوغدايمەن، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن.

ئانام تۇن قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولدى. مەن ئۆگزىدىن چۈشتۇم. تروياغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئىلاھلارغا دۇچ كەلدىم. ھەممىسىنىڭ تەرى تۇرۇك، تۇرقى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئانام يوشۇرۇنچە مېنى ئوت يالقۇنلىرى ۋە دۈشمەن بارىگاھىدىن ئۆتكۈزدى. شۇڭا، دۈشمەننىڭ نەيزە ـ مىلتىقلىرى ماڭا يول بەردى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتلارمۇ ئارقىسىغا چېكىندى. شۇ-نىڭ بىلەن مەن دادامنىڭ كونا قورۇسىغا كېلىۋالدىم.

كۆز ئالدىمدىكى ترويا شەھىرى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى، ئوت يالقۇنى تۇۋرۇك كەبى چوڭلۇقتا كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە كۆتۈر-لۈۋاتاتتى. ئەزرائىللار چارىلاپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ ـ چىقىپ يۈ-رەتتى. دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇسنىڭ بۇ شەھىرى ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەيران بولۇپ، پەقەت ئۆلىللا قالغانىدى. بۇ ھال بەئەينى كېسى-ۋېتىلگەن ئاسمان ـ پەلەك يوغان دەرخ تىنماي تەۋرىنىپ، ئا-جىزغىنا نالە قىلىپ تاغ بېلىگە ئاستا يىقىلغانغا ئوخشايتتى.

مېنىڭ دادام، جاھىل، ئەمما قەھرىمان دادام ياشىنىپ قالغاندا سەرگەردان بولۇپ ياشاشنى خالىمىدى، ئەمما مەن دۈش-مەنلەرنىڭ ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىپ دادامنى، ئوغلۇم ۋە خوتۇنۇم-نى ئۆلتۈرۈشىگە، ئۆلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ قېنىغا مىلىنىپ يېتىشىغا قانداقمۇ قاراپ ۋە چىداپ تۇرالايمەن؟ مېھرىبان ئانا، سىز مېنى مۇشۇنداق پاجىئەنى كۆرسۇن دەپ ئۇرۇش ئوتى ئىچى-دىن ئېلىپ چىققانمىدىڭىز؟ ئاھ دادا، ئەمدى مەۋجۇتلۇقتىن قالغان بۇ شەھەردىن بىز بىلەن بىللە ئايرىلىشقا ماقۇل دەڭ.

توساتتىن ئوغلۇم ئاسكانىئۇسنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدا سۇس ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ چېچىنى يالاشقا، پېشا-

نىسىنى ئۇراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمما بالامنى كۆيدۇرمىدى. تەڭرىنىڭ بۇ بېشارىتى دادامنى قايىل قىلدى. مەن دەرھال قوڭۇر رەڭ شىر تېرىسىنى دادامنىڭ دۈمبىسى ۋە ئېگىلگەن بوينىغا يېپىپ ئۇنى يۈدۈدۈم. ئوغلۇم ئاسكانىئۇس ئوڭ قولۇمنى تۇتۇپ چوڭ - كىچىك چامداپ مەن بىلەن ماڭدى. خوتۇنۇم كەينىمىزدىن ماڭدى. بىز ناھايىتى قاراڭغۇ جايلار بىلەن ماڭ-دۇق. مەن ئەزەلدىن دۈشمەنلەرنىڭ ئوق - يامغۇر كەبى يېغىۋات-قان قورالللىرىدىن قورقمىغان، قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنى ئالدىدىمۇ چىرايىمنى ئۆزگەرتمىگەنىدىم. ئەمما ھازىر مەن كېلىۋاتقان ئوغلۇم ۋە خوتۇنۇمنىڭ، دۈمبەمدە يۈدۈپ كېتىۋاتقان دادامنىڭ غەم - تەشۋىشى تۈپەيلىدىن سەلكىن شامال-دىنمۇ قورقۇپ كېتىۋاتاتتىم، بىرەر شەپىنى ئاڭلىسام قورققى-نىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قېلىۋاتاتتى.
يولدا بەختكە يارىشا ئامان قالغان بىر قىسىم تروياللىقلار بىلەن ئۇچراشتۇق. دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيا - نەيزىلىرىدىن ۋە ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان كۈچلۈك ئوتتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتۇق. بىلمىدىم، قايسى بىر ئىلاھ مەن بىلەن قارشىلاشتىكىن، مەن ئەقلىمدىن ئادىشىپ، تونۇش كوچىلاردىن ئادىشىپ كەتتىم - دە، شور پېشانە خوتۇنۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. بۇ ئېغىر دەردتىن ئەقلىم كاللامدىن ئۇچتى - دە، جىمىكى ئىلاھلارنى، بارلىق ئادەملەرنى تىللاپ قارغاپ كەتتىم. بۇ كۆيۈ-ۋاتقان شەھەردە كۆرگەنلىرىم ئاز بولغىيمىدى؟ مەن يەنە ساۋۇت - دۇبۇلغامنى كىيىپ، ھاياتىمنىڭ نىمە بولۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئوت ئىچىدە پۈتۈن شەھەرنى كېزىپ ئاختۇرۇپ چىق-تىم. ئەلەملىك چاقىرىشلىرىم خوتۇنۇم كىرېئۇسانىڭ ئەرۋاھىنى يېنىمغا باشلاپ كەلدى. مەن ئۈچ قېتىم ئۇنى قۇچاقلىدىم، ئەمما ئۇ ئۈچلا قېتىم باغرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. بەئەينى

بىردىنلا سوققان شامال، گويا بىر چۈش كەبى كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا غايىب بولدى. قاتتىق يىغلىدىم، ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى. كېيىن مەن شەھەردىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كەتتىم. كېرىئۇسا بولسا بۇ خارابە شەھەردە مەڭگۈگە قېپقالدى.



## ئالتىنچى قىسسە

# تەڭرىنىڭ ئەمرى

تەڭرى ئاسىيادىكى دۆلەت ترويا ۋە پرىئامۇسنىڭ بىگۇناھ پەرزەنتلىرى، خەلقىنى يوق قىلىۋېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىگە تەكەببۇرانە قارايدىغان ترويا، نېپتۇنۇسنىڭ شە-ھىرى ترويا ئىس - تۈتەك ئىچىدە تۈزلىنىپ پۈتۈنلەي گۇمران بولدى. بىز، يەنى ترويانىڭ ئامان قالغان ئازغىنا ئوغلانى تەڭرى-نىڭ ئەمرىگە بىنائەن ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ، يوچۇن يىراق ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىندۇق. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ دېڭىز قىرغاق-لىرىدىن، پورت، قولتۇق، ئېتىز - داللىرىدىن، ئەمدى مەۋ-جۇت بولۇشتىن قالغان ترويادىن كۆز ياش قىلىپ ئايرىلدۇق. مەن قېرىنداشلىرىم، ئوغلۇم، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىلاھلىرى ۋە ترويا ئىلاھىنى ئېلىپ ، سۈرگۈن قىلىنغانلار سۈپىتىدە دېڭىزغا چىقتىم.

بىز دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرۈپ كۆرمىگەننى كۆردۇق، بىزگە ئەڭ يېقىن دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ يېڭىدىن ئۆز شەھىرىمىزنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىدا بولدۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز دەسلەپ ئۇرۇش ئىلاھى مارس تەۋەلىكىدىكى دۆلەتكە باردۇق. بۇ يەردە گىلاس، مىرتاس (خۇشبۇي، ئاق كۆڭۈل، دائىم يېشىل تۇرىدى-غان نوتا ئۆسۈملۈك) تىن قويۇق، قاپقارا قان ئاقىدىكەن ھەمدە ئازابلىق ئىڭرىغاندەك، نالە قىلغاندەك ئاۋاز چىقىرىدىكەن. بۇن-داق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ۋەھشىي زېمىن پرىئامۇسنىڭ ئوغ-





لى پرىدورۇسنىڭ ئالتۇنلىرىنى بۇلاپ كەتكەن، بۇ يەرگە پاناھلى-
نىپ كەلگەن تروياىىقلارنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن.
ئۆلۈپ كەتكەنلەر بۇ ئاچ كۆز شەھەردە قان ئاققۇزىدىغان يىشىل
دەرەخلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن.
بىز بۇ يەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاپوللونىڭ شە-
ھىرى، يەنى دېڭىزدىكى بىر مۇقەددەس ئارالغا باردۇق. مەن بۇ
يەردىكى تاش بىلەن سېلىنغان قەدىمىي ئىبادەتخانىغا زور ھۆرمەت
بىلەن كىرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ مۇنداق دېدىم:
ئاھ! ئاپوللو، بىز بەك ھېرىپ كەتتۇق. تروياىدىكى جەڭ
قوراللىرىنىڭ ئاۋازى تېخىچە قۇلىقىمىزدا جاراڭلاپ تۇرىدۇ،
قىپقىزىل قانلار كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تېنىمىزنى شۈركۈندۈرۈۋا-
تىدۇ، كەلگۈسىمىز تولىمۇ قاراڭغۇ، شۇڭا بىزنى ئۆزىمىز تەئەل-
لۇق بىر زېمىنغا ئىگە قىلغايسىز، بىزگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغان بىر شەھەر ئاتا قىلغايسىز!
گېپىم تۈگەش بىلەن تەڭ، بىردىنلا جىمى نەرسە، يەنى
ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىك ـ راملىرى، ئىلاھىي لاۋىر دەرىخى،
ئەتراپتىكى تاغلار لەرزىگە كېلىپ تەۋرىگەندەك بولدى. كۆكتىن
ياڭراق بىر ئاۋاز كەلدى:
— ئېگىلمەس ـ سۇنماس تروياىىقلار، سىلەر ئەجدادىڭلار
تۇغۇلغان زېمىنغا بېرىڭلار! ئۇ يەر سىلەرنى قارشى ئالىدۇ،
سىلەرنى باقىدۇ. بېرىپ ئىلگىرىكى ئاناڭلارنى ئىزدەڭلار. ئۇ
يەردە ئانىئاس جەمەتى، يەنى ئانىئاسنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى،
نەۋرە ـ چەۋرىلىرى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئاپوللونىڭ ئىلاھىي ئەمرى ئۈمىدسىز قەلبىمىزنى نۇرلان-
دۇردى، ئارزۇ ـ ئۈمىد شامالىرى كېمىلىرىمىزنىڭ يەلكىنىنى
قايتىدىن لەپىلدەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەجدادىمىز ياسىئوس
ماكان تۇتقان «غەربىي دىيار»غا قاراپ يولغا چىقتۇق.
بىپايان دېڭىزنىڭ چېكى يوق ئىدى، قورقۇلۇقمۇ كۆرۈن-

مەيتتى. بىز كۆز يەتكۈسىز كۆك بىلەن بىر رەڭدىكى دېڭىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى زوق ـ شوخ بىلەن تاماشا قىلىۋاتقان چاغدا، تۇساتتىن باش ئۈستىمىزدە قاپقارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ بوران چىقىشقا باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قارا بۇلۇتلار دېڭىز قاينىمىدەك قايناپ، بوران قۇتراپ ئاسماننى چاقماق يېرىپ ئۆتتى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر قۇيۇلدى. بىز نىشاندىن ئادىشىپ كەتتۇق. كېمىلىرىمىزمۇ چېچىلىپ كەتتى.

بىز پايانى كەڭ دولقۇنلۇق دېڭىزدا دەم چۆكۈپ، دەم لەيلەپ يۈرەتتۇق. ئاق يېغىن قۇياشنى توسۇۋالغانلىقتىن يارامىلىق رول - چىمىز پالىنۇرۇسمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلى - كىنى ئايرىيالمىدى. قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشنىمۇ بىلەلمى - دى. بىز توپتوغرا ئۈچ كۈن دېڭىزدا لەيلەپ يۈردۇق. تۆتىنچى كۈنى قۇرۇقلۇققا كۆزىمىز چۈشتى. يىراقتىن تاغ ـ ئېدىرلار ۋە لەيلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈننى كۆرۈپ پالاقلارنى كۈچەپ ئۇرۇپ، بىزگە سالامۇستاپا كۈننى سالغان دېڭىزدىن ئاخىر ئايرىلىپ، قوش ئارال ستروفادېسقا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ ئاراللاردا خارپ ئىسىملىك، ئادەم يۈزلۈك، قۇش تەنلىك ئالۋاستىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق بىر جىن ـ ئالۋاستى، ھەتتا دوزاختىكى ستىكس دەرياسىدىن چىققان ۋەھ - شىي ئالۋاستىلارمۇ يىپ ئېشىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بەدىنى قۇش - قا، يۈزى گۈزەل قىزلارغا ئوخشايتتى، گەندىسى شۈنچىلىك سېسىق ئىدى. قوللىرى تىرناققىلا ئوخشايتتى. يۈزى ئاچ ئەر - ۋاھلارنىڭكىدەك سارغىيىق بولۇپ، ئۇلار ئېگىز ئاسماندىن، تىك قىيالاردىن، ھەرقانداق بىر جايدىن شىددەت بىلەن قانات قېقىپ ئېتىلىپ كېلىپ، يېمەكلىكلىرىمىزنى بۇلاپ قاچاتتى. ئۇلارغا نەيزىلىرىمىز، قىلىچلىرىمىز ئۆتمەيتتى. كۆكتە ئادەمنىڭ قۇ - لاق ـ مېڭىسىنى يېگۈدەك سەت چىرقىراپ، قايتا ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئېگىز قىيادا ئولتۇرۇ -

ۋىلىپ چىرقىراق ئەمما بوغۇق، سەت ئاۋازدا بىزنى تىللايتتى:
— ھەي، لائومېدوننىڭ ئەۋلادلىرى، خارىي نامىلىق زېمىند-
ىمىزدىن چىقىپ كېتىش، سەنلەر شەھەر بەرپا قىلىدىغان جاي
بۇ ئەمەس. ئېسىڭدە چىڭ تۇتۇش، بۇ گەپلەرنى تەڭرى ئاتىغا
ئاپوللو دېگەن. ماڭىمۇ شۇ ئاپوللو ئېيتقان. مەن قىساس ئىلاھە-
سى. ئەمدى سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى، سىلەرنىڭ سەرسان -
سەرگەردان بولۇشۇڭلار تامامەن ئىتالىيىنى ئىپىشنى مەقسەت
قىلىدۇ. سىلەر چوقۇم ئىتالىيىگە ئامان - ئېسەن بارىسىلەر،



ئىتالىيە پورتىغا ئەركىن ـ ئازادە كىرەلەيسىلەر. بىراق بىزنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغىنىڭلارنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاچارچىلىققا دۇچار بولۇشتىن، ئاچلىققا چىدىماي ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنىمۇ قويماي يەۋەتكۈدەك ھالغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىلاھلار سىلەرگە لەۋزە قىلغان ھەيۋەتلىك، ئېگىز سېپىل بىلەن ئورالغان شەھەر بەرپا قىلىمىز، دەپ خام ـ خىيال قىلماڭلار! بۇرادەرلىرىمىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ، روھى چۈشۈپ بوشاپلا كەتتى.

يەنە نۇرغۇنلىغان قاقاس ئاراللار ۋە كۆككە تاقاشقان تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشتۇق. كۆك بىلەن بوي تالاشقان قەلئەسىمان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئىلاھ ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى كۆردۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز كۈتۈلمىگەندە قۇرۇقلۇققا چىقىپ بىتروتون شەھىرىگە ئاياغ باستۇق.

## يەتتىنچى قىسىم

# تۆگمەس خېيىمخەتەرلەر

بىتروتوندا بىر پرىئامۇسنىڭ ئوغلى ھېلېنۇس ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ھېكتورنىڭ ئايالى ئاندروماك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ھازىر ئۇلار ئەر - خوتۇن بولۇپ، يۇناننىڭ بۇ شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ھېلېنۇس ترويادىكى كائوننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ دالىغا «كائون دالىسى» دەپ نام بەرگەن ھەمدە بۇ تاغ باغرىدا ترويا شەھىرىگە ئوخشىتىپ بۇ شەھەرنى بەرپا قىلغانىكەن.

— ئېيتىڭا، بىزنى قانداق شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، ترويالىق قېرىنداشلىرىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشتۈردى؟ قايسى ئىلاھ بىزنى ياخشى كۆڭلى بىلەن بۇ دېڭىز بويىغا ئەكېلىپ، كەلگۈسىنى بىلەلەيدىغان سىزدەك بېشارەتچى بىلەن ئۇچراشتۇردى؟ ئاھ، ھېلېنۇس، ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ؟ ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى بىر قۇر كۆرسىتىپ ماڭا يىراقتىكى زېمىنغا بېرىپ، ئىتالىيىنى ئىزدەپ تېپىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئۇ جاي زادى قەيەردە؟ مەن يەنە قانداق خېيىمخەتەرلەرگە يولۇقىمەن؟ بۇنچىۋالا زور ھەم قىيىن مۇشكۇلاتلارغا قانداق قىلسام بەرداشلىق بېرەلەيمەن؟ — دەپ ھېلېنۇسقا ئىلتىجا قىلىپ ماڭا يول كۆرسىتىشىنى ئۆتۈندۈم.

ھېلېنۇس مېنى قولتۇقلاپ ئاپوللو ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ باردى. بىرقانچە كالا - موزاينى سويۇپ نەزىر قىلىپ، ئىلاھلار-

دىن بىزگە بەخت ـ سائادەت تىلىدى. ئاندىن ماڭا مۇنداق دېدى:
— ھەي، ئىلاھەنىڭ ئوغلى، شەيئىلەرنىڭ ئىشلىرىنى، ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپىنى تەقدىر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سىز ناھايىتى چوڭ بىر ئىلاھ قوغداۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا، دېڭىزلار-دىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ بۇ يەرگە كېلەلىدىڭىز. سىلەرنىڭ ياقا يۇرتلۇق كىشىلەر ئىلكىدىكى دېڭىزلاردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆ-تۈپ، ئىتالىيە پورتىغا بېرىپ ماكانغا ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، مەن پەقەت بىرنەچچە ئىشنىلا سىزگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن. باشقا ئىشلارنى بولسا تەقدىر ماڭا بىلدۈرمەيدۇ. يۇنومۇ سىزگە ئېي-تىشقا يول قويمايدۇ.
— بىرىنچىدىن، سىلەر يەنە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىنلا، يىراقتىكى ئىتالىيىگە يېتىپ بارالاي-سىلەر. سىلەر ئۈچ بۇرجەك ئارالنىڭ سىرتى بىلەن، يەنى ئو-سوگنانىڭ تۈزلۈق دېڭىزلىرىدا يۇرۇشۇڭلار كېرەك. سىلەر يەنە باقىي ئالەمدىكى ئىككى كۆلدىن ۋە قۇياش ئىلاھىنىڭ قىزى كىرېكنىڭ ئارىلىدىن ئۆتىسىلەر، ئاندىن زېمىندا شەھەر قۇرماقچى بولغان جايغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارىسىلەر. سىزگە قانداق بېشارەتنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي. بۇلارنى ئېسى-ڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ: كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز ئىنتايىن تىت ـ تىت بولۇپ، يۇرت ـ ماكانىڭىزدىن تولىمۇ يىراق، دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ئەگەر دەريا بويىدىكى كاۋچۇك دەرىخى يېنى-دا، يېڭىلا 30 نى كۈچۈكلىگەن يوغان بىر مىكىجىنىنىڭ ياتقىنى-نى كۆرسىڭىز، ئۇ قاردەك ئاق بولسا، يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېمىۋاتقان چوشقا كۈچۈكلىرىمۇ ئاق بولسا، دېمەك، سىز كەلگۈ-سىدە شەھەر بەرپا قىلىدىغان جاي، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلىرى-ڭىزدىن كېيىنكى ئارامبەخش ماكانىڭىز شۇ دېگەن بولىدۇ. سىز يول بويى نۇرغۇن رىيازەت چېكىسىز، بىراق بۇلاردىن قورقۇپ كەتمەڭ، چۈنكى سىزگە تەقدىر يول كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. سىز

ئاپوللوغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرسىڭىزلا، ئۇمۇ سىزگە ئىلاھىي قولىنى سۇنۇپ يار ـ يۆلەك بولىدۇ. سىلەر كېمەڭلارنى شاۋقۇن-لۇق دېڭىز دولقۇنلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قىرغاقتا توختاپ، قىرغاقتا مېھراب ياساپ تىلەك تىلىمەكچى بولغاندا، ئىلاھلارنىڭ ئاچچىقى-نى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىلاھىي ئۇتقا يۈزۈڭلارنى كۆرسەتمەستىن، چېچىڭلارنى، بېشىڭلارنى قى-زىل ئۇزۇن لاتىدا ئورىۋېلىڭلار. بۇ مۇقەددەس قائىدىگە سىز ۋە بۇرادەرلىرىڭىز چوقۇم ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. ئۆزىنىڭ پاك-لىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىزمۇ بۇ دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

— سىز شامال يۆنىلىشى بويىچە بۇ يەردىن ئايرىلىپ سىسى-لىيىگە قاراپ يول ئالغاندا، تار پېلورۇس دېڭىزى بوغۇزى كۆز ئالدىڭلاردا پەيدا بولغان چاغدا، سىز سول تەرەپتىكى قۇرۇقلۇققا يېقىن دېڭىز يولى بىلەن ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك، بۇ يول يىراق-راق، ئەگىلىپراق ماڭىدىغان يول بولسىمۇ، چوقۇم ئوڭ تەرەپ-تىكى قىرغاقتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىز لازىم. نېمىشقا دې-گەندە، ئۇ يەر دۈشمىنىڭلار بولغان يۇنانلىقلارنىڭ شەھىرى. ئۇ يەر ئەسلىي كۆز يەتمەس كەڭ قۇرۇقلۇق ئىدى. كېيىن ئىنتايىن قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئۇ يەر يېرىلىپ كەتكەن. دەھشەتلىك دول-قۇنلىغان دېڭىز سۈيى ئىتالىيە ۋە سىسىلىيىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن. ئىككى تەرەپتىكى ئېتىز ـ دالىلار ۋە شەھەرلەرنى تار دېڭىز ئېقىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئوڭ تەرەپنى سىكوۋرا، سول تەرەپنى مەڭگۈ تويماس چاربدىس پۈتۈنلەي توسۇۋالغان. چاربدىس گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى دولقۇن قامچىسى بىلەن ئۇرىماقچى بولغاندەك، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دۆڭدەك يوان دول-قۇنلارنى شۇمۇرۇپ قايناملىرىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار-نى پۈركۈپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. سىكوۋرا بولسا بىر قىز بىلەن دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، قورسىقى

بۆرىگە، قۇيرۇقى دېڭىز دېلفىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ چوڭقۇر، قا-
راڭغۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، تۇساتتىن تۇمشۇقىنى چىقى-
رىپ كېلىپ ـ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى قىرغاققا سۇرۇپ ئەكې-
لىپ، قىرغاقتىكى قىيالارغا ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلايدۇ. شۇڭا
سىلەر ئىتالىيىگە بېرىشقا ئالدىراپ كەتمەي، يىراقراق بولسىمۇ
سىسىلىيىدىكى پاچىنۇستىن ئايلىنىپ ئۆتۈڭلار. بۇنداق قىلىش
ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان سىكوۋرانى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ قىيا
تاشتا تۇرۇپ كۆك رەڭلىك ئىتقا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ھۇۋلاش-



لىرىنى ئاڭلىغاندىن ھەر ھالدا كۆپ ياخشى.
— ھەي، ئىلاھەنىڭ ئوغلى، ھەممىدىن مۇھىم يەنە بىر ئىش بار، شۇنى دەپ قوياي، سىز ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئىلاھە يۇنوغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭ. ئۇنى ئۇلۇغلاشقا خۇشال - خۇراملىق بىلەن قەسەم قىلىڭ. چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتقان بۇ تەڭرىشاھ خانىشنى ئىلتىجا قىلغۇچى سۆپىتىڭىز بىلەن كاتتا سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۆزىڭىزگە قارىتىپ قولغا كەلتۈرۈۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىزلا، ئاندىن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز، سىسىلىيىنى كەينىڭىزگە تاشلىۋېتىپ، ئىتالىيە زېمىنىغا يېتىپ بارالايسىز.
— ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىڭىزدىن كېيىن، كۇماي شەھىرىگە بېرىڭ. ئۇ يەردە ئەرۋاھلار ئايلىنىپ يۈرىدىغان كۆل، توختىماي شىۋىرلىشىدىغان ئورمان ئاۋېرنۇس بار. ئۇ يەردە سىز بىر تەلۋە بېشارەتچى ئايالنى كۆرىسىز. ئۇ پىنهان، چوڭقۇر بىر تاش غاردا تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن بىلەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى يوپۇرماققا بەلگە ۋە يېزىق بىلەن يېزىپ قويىدۇ. يول يىراق، شامال ئوڭۇشلۇق بولسىمۇ، بۇرادەرلىرىڭىز ئارقىغا سۆرەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىسەن، دەپ ئەيىبلەشسىمۇ، سىز ھەرگىز يولغا چىقىشقا ئالدىرىماڭ. سىز ئاۋۋال بېرىپ ھېلىقى ئايال بېشارەتچىنى تېپىڭ - دە، ئۇنىڭدىن ئىلاھلارنىڭ بېشارەتلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، دەپ تەلەپ قىلىڭ. ئۇ سىزگە ئىلاھلارنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ، سىز باشتىن كەچۈرىدىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئۇرۇشلارنى دەپ بېرىدۇ، سىزگە غەلىبە قازىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاھ، ترويالىق قېرىندىشىم، باتۇر، قەھرىمان ئانېئاس، يۇرۇشلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇلۇغ ترويانىڭ نام - شۆھرىتىنى پۈتۈن جاھانغا تارتىڭ!
بىز ھېلېنۇسنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يەنە يولغا چىقتۇق. ئانكىسېس كىشىلەرگە دەپ كېمىنىڭ جىمى يەلكەنلى-

رىنى چىقارغۇزدى. ھېلىنۇس بىزگە نۇرغۇنلىغان ئېغىر مېتال
بۇيۇملار، نەپىس نەقىشلەنگەن پىل چىشى بۇيۇملىرى، كۆپلىگەن
يامبۇ، دودونادا ياسالغان مىس قازان، ئات، قورال - ياراغ
سوۋغا قىلدى. ئايرىلىدىغان ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئاندروماك قات-
تىق يىغلاپ پەرىشان بولدى، ئاسكانئۇسقا ئېسىل كىيىم -
كېچەك ئېلىپ بەردى ۋە ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭغا بەخت
تىلىدى.

بىز يېقىن كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، كلاۋىنىيە قىرغىقى-
نى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق، قورقۇنچلۇق سىكوۋرادىن ئايلى-
نىپ ئۆتتۇق. چاربىدىستا دولقۇنلار ئاسمانغا ئېتىلاتتى. لاي -
شېغىل قايىنىغان قازان كەبى ۋىژىلدايتتى. بىز پالاقنى كۈچەپ
ئۇرۇپ، پاچىنۇستا بىرىنچى بولۇپ كېمىنىڭ بېشىنى غىچىرلى-
تىپ تۇرۇپ سولغا بۇرىدۇق. بارلىق كېمىچىلەر باشقا كېمىلەر-
نىمۇ كۈچەپ پالاق ئۇرۇپ سولغا بۇرىدى. بىردىن تاغدەك يوغان
دولقۇن كېلىپ بىزنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى. دولقۇن يانغاندا
بولسا بىز دېڭىزنىڭ قەرىگە كىرىپ كەتتۇق ۋە باقىي ئالەمگە
يەتتۇق. قىرغاقتىكى قىيالارغا ئۇرۇلۇپ قايتقان دېڭىز دولقۇن-
نىڭ ھۆركىرىشىنى ئۈچ قېتىم ئاڭلىدۇق، ئۆركەشلىگەن دول-
قۇنلارنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، يۇلتۇزلاردىن تامغان شەبنەم
تامچىلىرىغا ئوخشاش توروكلاپ دېڭىزغا چۈشكىنىنى ئۈچ قېتىم
كۆردۇق. كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ بوران ئاخىر تىنجىدى.
ھېرىپ ھالىمىز قالمىدى، نىشاندىن ئادىشىپ كەتتۇق. ئىتالى-
يىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا كوكروپوس دېڭىز بويىغا بېرىپ قال-
دۇق.

سەككىزىنچى قىسسە

# خەتەر ئىچىدە ھاياتلىق يولى تېپىش

بۇ يەر شامال تەگمەيدىغان تىنچ، ناھايىتى چوڭ بىر پورت ئىكەن. بىراق، يېقىن ئەتراپتا پارتلىغان يانار تاغ ئېتىلىپ بولۇپ، گۈلدۈرماممىدەك ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىكەن. بەزىدە ئاسمانغا قاپقارا ئىس تۈۋرۈكلىرى ئېتىلىپ چىقىدىكەن. قاپقارا قاينام ئىچىدىن قىزىق لاۋىلار ئوت شارىدەك يالقۇن چىقىرىپ ئۇچۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى يالىغاندەك بولىدىكەن. بەزىدە بۇ يانار تاغ كۆيۈپ قىپقىزىل بولغان ئۇچەي - باغرىنى ئاسمانغا ئاتقاندەك ئاجايىپ ھالەت شەكىللىنىدىكەن. يانار تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە مەدەنلەر قايناپ، گۈلدۈرلەپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گىگانت ئادەم ئېنكېلادۇسنىڭ چاقماق چېقىپ يېرىمى كۆچلا بولغان تېنى مۇشۇ يالقۇنتاغقا باسۇرۇقلۇق ئىكەن. كۆيۈۋاتقان تېنى پارتلاۋاتقان ئوت قازىنىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئەتراپقا داۋاملىق ئوت پۇركۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ھېرىپ كېتىپ ئۆرۈلمەكچى بولسا، پۈتكۈل سىسىلىيە ئارىلى قاتتىق تەۋرىنىپ كۈچلۈك ئاۋازدا ئىڭراپ ناله قىلىپ كېتىدىكەن. ئاسماننىمۇ قويۇق تۇمان قاپلايدىكەن. بىزمۇ بۇنداق يۇلتۇزلار خىرە، ئاسمان قاراڭغۇ، ھەممە يەرنى تۇمان باسقان بۇ نامەلۇم قورقۇنچلۇق ھالەتكە چىداپ ئورمانغا مۆكۈنۈپ ياتتۇق.

ئەتىسى چولپان يۇلتۇزى كۆتۈرۈلۈپ، سۇبھى ئىلاھەسى

كۆكتىن نەمخۇش كۆلەڭگىلەرنى تارقىتىۋەتكەن مەھەلدە، ئۇش-تۇمتۇت ئادەمگە خېلىلا ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ئورمانلىقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇ بىچارىنىڭ ساقال - بۇرۇتى بەكمۇ مەينەت، ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان، پارچە - پۇرات رەختلەردىن تىكەن بىلەن سانجىلىپ تىكىلگەن كىيىملىرى جۇلدۇر - جۇلدۇر ئىدى. ئۇ سېپى ئۆزىدىن يۇنانلىق بولۇپ، ئودىسسۇسنىڭ خىزمەتكارى، شور پېشانە ئاكېمونىدېس ئىكەن. ئۇ بىزنىڭ ترويالىقلارغا خاس كىيىم - كېچەكلىرىمىز ۋە قورال - ياراغلىرىمىزنى كۆرۈپ قورقۇپ توختاپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت يۈگۈرۈپ كېلىپ تىزىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ ماڭا يالۋۇردى. دادام ئانكىسېس ھەمراھلىرى تاشلاپ كەتكەن بۇ ياش يىگىتكە سەمىمىيلىك بىلەن قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى يوقاتتى. بەختسىز ئاكېمونىدېس بۇ ئارالدا ئۇچرىغان قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى.

بۇ ئارالدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، بىر كۆزلۈك بىر گىگانت ئادەم ياشايدىكەن. تۇخۇمەك دەرەخلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز تاغ ئۆڭكۈرى ئەتراپىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن قوي، ئۆچكىلىرى بار ئىكەن. ئۇ بۇ ئەتراپنى تاش بىلەن تام قوپۇرۇپ توسىغانىكەن. ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىك ۋە قان ھىدى بىلەن تولغان ئۆڭكۈرى ئالامەت يوغان ۋە چوڭقۇر ئىكەن. بۇ بىر كۆزلۈك مەخلۇق قالتىس ئېگىز بولۇپ، ئۆرە تۇرسا بېشى بۇلۇتقا تاقىشىدىكەن. ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىكەن. ئاھ تەڭرىم! كەڭ پېشانىسىدىكى بىرلا كۆزى سورلۇك چاقناپ تۇرىدىكەن. پۇتلىرى مىڭ يىللىق كاۋچۇك دەرىخىدەك ئىكەن، قىيا تاشلارنى قوللىرىدا توپ قىلىپ ئوينايدىكەن. ئۇ ئۆڭكۈردە يېتىۋېلىپ غەيسە يوغان قول پەنجىلىرى بىلەن ئىككى يۇنانلىقنى تۇتۇۋالغانىكەن، ئۇ ئۇلارنى تاشقا ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىپ، ئۇچەي - باغرىنى يەپتۇ،

قاپقارا قېنىنى ئېچىپتۇ. قاپقارا قان ئېقىپ، تارتىشىپ تۇرغان پۇت - پاچاقلىرىنى غاجاپ - چايناپ مەززە قىلىپ يەپتۇ. ئوبدان غىزانى يەپ راسا تويغاندىن كېيىن، بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ، يوغان تېنى ئۆڭكۈردە سوزۇلۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇيقۇ ئىچىدە ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ قان ئارىلاش گۆشلەرنى تۇكۇرۇپ چىقىرىپتۇ.

هايات قالغان يۇنانلىقلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ تىتى-رەپ كېتىپتۇ. ئودىسسئوس كۆپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ، بۇ گىگانت ئادەمنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاۋغا ئاپتۇ. ئاپوللو-نىڭ نۇرلۇق چىرىغىدەك يېنىپ تۇرغان غايەت يوغان بىر كۆزىگە كۆيۈۋاتقان ياغاچنى تىقىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى گويا قىزىتىلغان تۆمۈرنى سۇغا سالغان چاغدىكىدەك پىژىلداپ كۆيۈپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇنانلىقلار قوينىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنۇ-ۋېلىپ ئۆڭكۈردىن چىقىپتۇ - دە، كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. بىچارە ئاكېموندېسنى بولسا باشقىلار ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، چاشقان تۆشۈكى، بۆرە ئۇۋىسى ھەممە يەرنى قاپلىغان بۇ قاقاس ئارالدا قاپتۇ.

— ھەي شەپقەتلىك تروياللىقلار، دەرھال قېچىپ كېتى-ڭلار، — دېدى بۇ بىچارە يۇنانلىق بىزگە يېلىنىپ، — قىرغاقتىكى ئارغامچىلارنى كېسىپ تاشلاپ، بۇ نەس باسقان قور-قۇنچلۇق جايدىن كېتىڭلار. ئۇنىڭدەك قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار-دىن بۇ يەردە نەچچە يۈزى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېڭىز قولتۇ-قىدا تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئېگىز تاغلاردا كېزىپ يۈرىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئانىئاس، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئېلىپ بۇ قانخور مەخ-لۇقنىڭ يېنىدىن دەرھال كەتكىن.

بىز قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بۇ يۇنانلىققا تەسەللى بېرىپ تۇراتتۇق، گىگانت ئادەم پولىپېموسنىڭ غايەت زور گەۋدىسى قويلار ئارىسىدىن دېڭىز بويىغا قاراپ سۈرۈلدى. پاھ، نېمانداق قورقۇنچلۇق مەخلۇق بۇ، ئۆزى سەت، تۇرقى يوغان، بىردىنبىر

كۆزى قارىغۇ. ئۇ دەرەخنىڭ بىر شېخىنى تۇتۇپ ئېگىز - پەس
دەسسەپ ماڭاتتى. ئۇ دېڭىزغا كىرىپ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ كۆزىدى-
كى قان - يىرىڭنى يۇدى. چىشلىرىنى غاراچلىتىپ بىر نېمىلەر
دەپ غۇدۇڭشىدى. ئاندىن دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. خېلى
يىراققا بارغان بولسىمۇ، دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ بېلىگىمۇ كەلمىدى،
بىز بۇ ھالنى كۆرۈپ قورقتۇق، دەرھال ئارغامچىلارنى ئاۋاز
چىقارماي كېسىپ، ھېلىقى يۇنانلىقنى ئېلىپ قېچىپ كەتتۇق.
ھېلىقى مەخلۇق ئاۋازنى ئاڭلاپلا بىزنى قوغلاپ كەلدى. ئەمما
سۇ بارا - بارا چوڭقۇرلىغانلىقى ئۈچۈن بىزگە يېتىشەلمىدى.
ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرىشىدىن بارلىق دولقۇنلار ئۇسسۇلغا
چۈشكەندەك تەۋرىنىپ كەتتى، ھەتتا ئىتالىيە ئىچكى قۇرۇقلۇقىدى-
مۇ تىترەپ توختىمىدى. بۇ ھالەت پۈتكۈل ئۇرۇق - جەمەتنى
چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار ئورمانلىقلاردىن، ئېگىز تاغلاردىن دېڭىز
ساھىلىغا چېپىپ كېلىشتى. ئېتنى تېغىنىڭ بۇ ئەزىمەتلىرى
ۋەھشىي قىياپەتلىك يەكچەشمە، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان،
قارىماققا يۇپىتېرنىڭ تاغ ئۈستىدىكى ئورمانلىقى ئارىسىدىكى
ھەيۋەتلىك كاۋچۇك دەرىخىگە ئوخشايدىغان، شۇنداقلا دىئانانىڭ
ئورمانلىقىدىكى قامەتلىك ئارچا دەرىخىدەك بۇ گىگانت ئادەمگە
قاراپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى دېڭىز ساھىلىمۇ تار
ۋە كىچىك بىلىنەتتى. ئىچىمىزگە قاتتىق قورقۇنچ چۈشتى.
شۇڭا، بىز ئالدىراپ - تېنەپ يەلكەنلەرنى ئېچىپ، نىشاننىمۇ
تۇزۇك پەرق ئەتمەستىن شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يۈرۈپ كەت-
تۇق. بىز پانتاگىس دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق، مەگالا
دېڭىز قولتۇقى ۋە تاپسۇس تۈزلەڭلىكىدىن، خلوروسنىڭ مۇنبەت
سازلىقلىرىدىن ماڭدۇق. پاچىنۇسنىڭ قىيا تاشلىرى ۋە بۆرتۈپ
چىققان ئاجايىپ يوغان خادا تاشلىرى يېنىدىن ئۆتۈپ، پالما،
زەيتۇن دەرەخلىرى ئۆسۈپ كەتكەن سېرىنۇسلاردا ئېقىپ يۈر-
دۇق، يۈرەكنى ئېزىدىغان، دېرېپانۇم پورتىدىن ئۆتتۇق...

بىز دېڭىز سەپىرىدە سانسىزلىغان بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈردۇق، نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتنى يەڭدۇق. بىراق دېرىپانۇمغا كەلگەندە مېھرىبان دادامدىن ئايرىلىپ قالدىم. چۈن-كى، رەھىمسىز ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر بۇ قەھرىماننىڭ تېنىنى چېقىۋەتكەنىدى. ئاھ جېنىم دادا، غەم ـ قايغۇغا چۆككىنىمدە، بالا ـ قازاغا يولۇققىنىمدا ماڭا تەسەللى بېرىپ يۆلەنچۈك بولىدىغان دادا! سېنىڭدىن ئايرى-لىش ئازابىغا قانداقمۇ چىدارمەن! ئاھ دادام ئانكىسېس، سىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىلاھە ۋېناس بىلەن توي قىلغان، ئۇنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنىدىڭىز، ترويادىكى ھايات ـ ما-ماتلىق جېڭىدە ئۇ سىزنى ئىككى قېتىم قۇتقۇزۇپ چىققانىدى، يەتتە يىل بىز بىلەن رىيازەت چەككەنىدىڭىز. ئەپسۇس، ئەۋلادلى-رىڭىزنىڭ ئىتالىيىنىڭ مۇنبەت زېمىنىغا، سانسىزلىغان پادىلى-رىغا ئىگە بولغىنىنى، ھۆكۇمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتتىڭىز. دادامدىن جۇدا بولۇش مېنىڭ رىيازەت چېكى-شىمنىڭ ئاخىرقى قېتىمى، ئۇزۇن مۇساپىلىك سەپىرىمىنىڭ بۇ-رۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

تەڭرى بىزنى، ئۇزۇن يىللار سەرسان ـ سەرگەردان بولغان ترويالىقلارنى سۈرۈپ ـ سۈرۈپ سىزنىڭ يېرىڭىزگە — دوستانە قىنكى دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى زېمىنىغا ئەكېلىپ قويدى. بىزنىڭ كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى. جىمى نەرسىمىزدىن ئاي-رىلىپ قالدۇق. شۇنداقتىمۇ سىلەر يۇنانلىقلارنىڭ قىرىپ تۈگى-تىشىدىن ئامان قالغان بىز ترويالىقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىزنى شەھىرىڭلار ۋە زېمىنىڭلاردىن تەڭ بەھرىمەن قىلماقچى بولۇۋاتى-سىلەر. ئاھ شاھىم، بىز، شۇنداقلا ھايات قېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ترويالىقلار، سىزنىڭ شەپقىتى-ڭىزگە مىننەتدارلىقىمىزنى قايسى تەرىقىدە بىلدۈرسەك بولار؟ ئەگەر ئەرش ئىلاھى ھەققىي ياخشى كىشىلەرنى قىزغىن سۆيىدى-

غان، ئەگەر بۇ ئالەمدە ئادالەت مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا مەن ئەڭ، ئەڭ ئۇلۇغ تەڭرى ئاتىدىن سىزگە زور بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن. دەريالار داۋاملىق ئېقىپ دېڭىزلارغا قۇيۇلۇپ تۇرسا، بۇلۇتلار توختىماستىن تاغ ـ ئېدىرلار ئۇستىدىن ئۆتۈپ تۇرسا، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرسا، مەن مەيلى چاقىرىق بويىچە قايسى زېمىندا يىلتىز تارتاي، سىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىڭىز، نام ـ ئابرۇيىڭىز، گۈزەل جامالىڭىز مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز مەدھىيىلىنىدۇ. سىزگە بولغان مىننەتدارلىق قەلبىم گۈلزارلىقىنى مەڭگۈ ياشنىتىدۇ.

## توققۇزىنچى قىسىم

# ئۆتكۈردە يامغۇردىن پاناھلىنىش

ئانىئاسىنىڭ ئېغىر، ئەمما مەردانە ئاۋازى تۈن ئاسمىنىدا ئاستا جىمىپ كەتتى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى چەكسىز ھۆرمەت ۋە خەيرىخاھلىق تۇيغۇسى لەرزىگە سالدى. ئايال پادىشاھ دىدونىڭ يۈرىكىگە سۆيگۈ ئوقى سانجىلىپ، سۆيگۈ شەربىتى تەشنا يۈرەكنى ياشنىتىپ، نامەلۇم بىر ئىستەك، ئىنتىلىش پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شېرىن سېزىم بىلەن لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

زېمىننى ئاپوللونىڭ نۇرلۇق چىرىغى يورۇتقان، سۇبھى ئىلاھەسى ئۆپۈق سىزىقىدىن نەمخۇش سايىنى يوق قىلىۋەتكەن مەھەلدە، مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك ئوتى دىدونى كۆيدۈرۈپ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئېرى ھېكەيس قەستكە ئۇچرىغان، ئاكىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، زېمىننى خانىۋەيران قىلىۋەتكەندىن بۇيان، دىدونىڭ شىكەستىلەنگەن يۈرىكىنى ھېچبىر ئاشىق، تەلەپ قويغۇچى قىلالىغىنى ئېرىتەلمىگەنىدى، ئۇ يەرباسنى ياراتمىغان، ئافرىقىدىن ئىبارەت بۇ زېمىن بېقىپ ئۆستۈرگەن نى ــ نى قەھرىمانلار، باتۇرلار، جاھان سورايدىغان سەركەردە ــ داھىيلارنى نەزەر ــ كۆزىگە ئالمىغانىدى. ياقا يۇرتلاردىن سەرگەردان بولۇپ كەلگەن بۇ قەھرىماننىڭ جاسارىتى، غەيۇر، مەردانىلىكى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇنى ئوتقا، سۇغا تاشلىدى. ئاھ مۇھەببەت، سېنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچۈڭ ئۆلگەن قەلبىگە جان ئاتا قىلدۇ، سولغان چىمەنلىكنى ياشنىتىپ خۇش پۇراق، گۈزەل

گۈللەرگە تولدۇرىدۇ، شۇنداقلا شادلىقنى ئازابقا ئايلاندۇرىدۇ،
پارلاق نۇرنى قاراڭغۇلۇققا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ.

قىش پەسلى ۋە ئورىئون (ئاسماننىڭ ئېكۋاتور قىسمىدىكى
يۇلتۇزلار تۈركۈمى) پەيدا قىلغان بوران – چاپقۇن دېڭىزدا ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىۋاتقان، ئانېئاسنىڭ كېمىلىرى رېمونت قىلىند-
ۋاتقان، ناچار ھاۋا كىلىماتى پەيدا بولۇۋاتقان مۇشۇ ياخشى پۇر-
سەتتە، گۈزەل دىدو تەڭرىدىن ئانېئاسنى ئۆزىنىڭ فىنىكى شەھى-
رىدە ئېپقېلىشىنى، ئۆزىنىڭ ئانېئاسنىڭ شېرىن مۇھەببىتىگە
نائىل بولۇپ، بەخت پەيزىنى سۈرۈشنى تىلىدى.

دىدو ھەربىر مېھراب ئالدىدا نەزىر قىلىپ تەڭرىدىن شەپقەت
تىلىدى. ئۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە، چىشى تولۇق
چىقىپ بولغان قوينى سويدۇرۇپ، قانۇن تۈزۈش ئىلاھەسى كېس-
لىس، ئاپوللو، ھاراق – شاراب ئىلاھى باككوسقا ئاتاپ نەزىر
قىلدى. يەنە نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يۇنوغا ئاتاپ ئالايى-
تەن قۇربانلىق قىلدى. دىدو يەنە قاردەك ئاق سىيىرنىڭ بوينىغا
ئۆز قولى بىلەن ھاراق چېچىپ، مول نازۇنېمەتلەر قويۇلغان
مېھراب ئالدىغىچە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپ يېڭىۋاشتىن نەزىر
قىلدى. قوزىچاقنىڭ يېرىلغان قارنى، تېخى تامام ئۆلۈپ بولمى-
غان ئىچ – قارنى نېمىدىن بېشارەت بېرەر؟ كۆيۈك ئوتىدا پۇچۇ-
لىنىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان دىدو بەئەينى شوخ كېيىكتەك
كىرتى ئارىلىدىكى ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈردى. ئانېئاسنىڭ نۇ-
رانە چىرايى، بەقۇۋۋەت، قاۋۇل، سۇباتلىق قەددى – قامىتى،
ئېغىر – بېسىق، ئەمما جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنىڭ قەلبىگە نەقىش
بولۇپ چېكىلىپ، ئۇنى ھاياجانغا سالغاندى. ئۇ سۆيۈملۈك يارى
ئولتۇرغان كۇرسىتا يانتۇ ئولتۇرۇپ، يوغان، بوش زالدا يېگانە
ھالدا چوڭقۇر مۇڭغا چۆككەنىدى. ئانېئاس يېنىدا بولمىسىمۇ،
ئانېئاسنىڭ خۇشخۇي تەبەسسۇملۇك نۇرانە چىرايى كۆز ئالدىدىن
كەتمەيتتى. دىدوغا ئاسكانىئۇسنى يەنە قۇچاقلاپ تۇرغاندەك بى-



لىندى. ئۇ دادىسىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە! دىدونى ئۆزۈڭگە مەھلىيا، ئاشىق قىلىۋالغان ھەي ئانىئاس. ئايال پادىشاھنىڭ مۇھەببىتىگە سەن قانداق جاۋاب قايتۇرىسەن؟

سۇبھى ئىلاھەسى دىڭىزدىن ئايرىلىپ، زىمىننى قۇياش پارلاق نۇرى بىلەن قۇچاقلىغاندا، بىر توپ سەر خىل فىنىكى ئوۋچىسى ئۆتكۈر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇسسۇرى چەۋەندازلىرى بىلەن ئىنتايىن سەزگۈر ئوۋ ئىتلىرىمۇ چىقىشتى. كۆزگە كۆرۈنگەن فىنىكى ئاقسۆڭەكلىرى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئايال پادىشاھنىڭ چىقىشىنى

كۈتۈپ تۇراتتى. ئايال پادىشاھنىڭ ئالتۇن رەڭ يوپۇق يېپىلغان ئېتى مېڭىشقا ئالدىراپ ئېغىزدۇرۇقىنى زەردە بىلەن چايناپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ، خوجايىنىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئايال پادىشاھ ئاخىر چىقتى. گويا ئاينى بېزەپ تۇرغان چاقناق يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، زور بىر تۇركۇم قورۇقچىلار ئۇنى ئوراپ كېلىشەتتى. ئايال پادىشاھ ئاجايىپ سۆلەتلىك، گۈزەل كۆرۈنەتتى. سىدون پاسونىدىكى چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان ئېسىل پلاش ئۇنىڭغا بۆلەكچە ھەيۋەت ۋە زىبالىق قوشقانىدى. دىدونىڭ ئوقايسى، چاچ تۇگۈچى، ھەتتا قېنىق قىزىل رەڭلىك چاپىنىنىڭ ياقىسىغا قادىۋالغان بۇلاپكىسىمۇ ئالتۇن ئىدى. ترويالىق مېھمانلار، شادىمان ئاسكانىئۇسمۇ چىقتى. ئانېئاس جىمى ئادەمدىن قاۋۇل، كېلىشكەن، روھلۇق بولۇپ، بەجايىكى لۇسىيادىكى قىشلىق سارىيىدىن ۋە زانتۇس جىلغىسىدىن ئايرىلىپ كۇنىس تېغىغا چىققان ئاپوللوغا ئوخشايتتى. يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن چېچى يۇمشاق شاخلار بىلەن چىگىلگەن، ئېسىلزادىلەرگە خاس ئوچۇق، كېلىشكەن چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. مۇرىسىدىكى جاراڭلاپ تۇرغان قورالىغا ئوخشاش، ئانېئاسنىڭ تەقى - تۇرقى، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدىن سۈرلۈك، تەمكىنلىك ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار تاغقا كەلدى. تىك قىيالار ئارىسىدا ياۋا قوي - ئۆچكىلەر چېپىپ يۈرەتتى. رەڭدار تەڭگە تەنلىك كىيىكلەرمۇ تاغ ئورمانلىرىدىن چىقىپ، كەڭ دالىدا توپا - چاڭ توزىتىپ چېپىشاتتى. ئاسكانىئۇس تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، جىرا ئىچىدە ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ تۇرغان بىرەر قاۋان بۇ قورقۇنچاق كىيىكلەر ئارىسىغا كىرسە ياكى قوڭۇر تۈكلۈك شىر ھۆركىرىگىنىچە تاغدىن ئېتىلىپ چۈشسە... دېگەندەك شېرىن خىياللار بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلىدى ۋە مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر قۇيۇۋەتتى. فىنىكىلىق ئوۋچىلار، ترويالىق ياشلار ۋە



ئىلاھە ۋېناسىنىڭ نەۋرىسى ئاسكانىئۇس ئالاقزادە بولۇپ پاناھلان-غۇدەك جاي ئىزدەش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چاپتى. تاغدىن كەلگەن سۈيى شارقىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. دىدو بىلەن ئانېئاس تەڭلا بىر ئۆڭكۈرگە كىرىشتى. جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئانىسى بولغان زېمىن بىلەن نىكاھنى قوللىغۇچى يۇنو چاقماق چاقتۇرۇپ بەلگە بەردى، كۆك ئاسمان بۇ توپقا گۇۋاھچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، دىدو ئاخىر چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن يارى ئانېئاسنىڭ كەڭ، بەردەم كۆكرىكىگە ئۆزىنى ياقتى.

بۇ بەختىيار ياشلار يۇنىڭ ترويالىقلارنىڭ ئىتالىيە دۆلىتى قۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، يۇنو قۇرغان قىلتاق ئىكەنلىكىنى، مانا مۇشۇ كۈننىڭ بالا – قازا، ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ بىچارە دىدو باشقىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋاتقان بۇ مۇھەببەتكە قانداق بەدەل تۆلەر، قانچىلىك قۇربان بېرەر – ھە؟

مۇھەببەت قاينىمىدا ھوزۇرلىنىپ ئۆزۈپ يۈرگەن دىدو باشقا ئىشلارنى پۈتۈنلەي خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، قىنىدىكىدا ياسىلىۋاتقان پوتەيلەر توختاپ قالدى، ياشلار ھەربىي مەشىقنىمۇ تاشلىۋەتتى. پورت ۋە ئۆرۈش تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىمۇ توختىدى، تۇرلۇك قۇرۇلۇشلار يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى. سېپىلنىڭ شۇنداق يوغان كۈنگۈرىلىرى ۋە ئاسمان – پەلەك ئېگىزلىكتىكى ئاسما ماشىنىلارمۇ ئۇيقۇغا كەتتى. پۈتۈن ھاياتىنى سۆيۈملۈك يارىغا ئاتىۋەتكەن دىدو ئانېئاس بىلەن بىرگە بولۇشنى دۇرۇس ۋە يوللۇق بولغان نىكاھ، دەپ بىلەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ مۇھەببەت مەخپىيىتىنىڭ قانداق ئۆچ – ئاداۋەتلەرنى قوزغىۋېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

مەخسۇس تارقىتىش ئىشىغا مەسئۇل ئىلاھە پارما دىدونىڭ مەخپىيىتىنى لىۋىيىنىڭ جىمى يېرىگە يېيىۋەتتى. بارلىق ۋابا

ئىلاھلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇچقۇر يەلتاپىنى، چەبدەس قاناتلىرى
بولغاچقا سۇرئىتى ھەممىدىن تېز ئىدى. قانىتىدىكى ھەربىر پەي
ئۇستىدە ئوچۇقلا تۇرىدىغان بىردىن كۆزى، قانلىق تىلى، تىللى-
رىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاغزى ۋە دىڭ تۇرىدىغان بىر-
دىن قۇلىقى بار ئىدى. ئۇ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئالەمدە ئۇچۇپ
يۈرەتتى، قانات قاققاندا چىقارغان ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەيت-
تى. كۈندۈزى بولسا ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ياكى ساراي -
قەسىرلەرنىڭ ئېگىز لەمپىلىرىدە ئولتۇرۇپ شەھەرگە ۋەسىمد-
لىك، ئەجەللىك يالغان گەپلەرنى تارقىتاتتى. بەزىدە بەختسىز-
لىككە ئائىت راست گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ئۇ پۈتۈن ئافرد-
قىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، دىدو ھەققىدە نۇرغۇن سۆز - چۆچەك
تارقاتتى. ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل
ئافرىقىدا مىش - مىش پاراڭلار كۆپىيىپ، دىدونىڭ رەت قىلد-
شىغا ئۇچرىغان نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپ ئوتىدا
ئۆرتەندى. ئالىيجاباب شان - شۆھرىتىنى، بۇرچىنى ئۇنتۇغان
بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھالىنى كۆرگەن ھەممىگە قادىر يۇپد-
تېر ئەلچىسى ماكورىغا شامىلىنى چاقىرىپ قاناتلىرىڭنى كېرىپ
ئۇچۇپ بېرىپ، ئىلاھىي پەرمانىمنى ترويا شاھزادىسىگە يەتكۈز-
گىن، دەپ تاپىلىدى.
ماكورى دەرھال سېرىق رەڭلىك كىچىك قاناتلىق ئاياغنى
كىيدى - دە، دېڭىز - ئوكيان ۋە زېمىن ئۈستىدىن شامال كەبى
ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ قولىدا زەپىران چىراي ئەرۋاھلارنى جەھەن-
نەمدىن چاقىرىپ چىقالايدىغان ھەم بەزى ئەرۋاھلارنى پاجىئەلىك
جەھەننەمگە ماڭغۇزۇۋېتەلەيدىغان، ھەم كىشىلەرگە ئۇيقۇ كەلتۈ-
رىدىغان، ھەم ئۆلۈكلەرنىڭ كۆزىنى جامدەك ئېچىۋېتەلەيدىغان
ئىلاھىي ھاسا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شاماللارنى قوغلاپ،
بۇلۇتلارنى سۇر توقاي قىلىپ ماڭدى. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ
يىمىرىلمەس قەيسەر ئانلىق گىگانت ئادەم ئاتلاسنى كۆردى. ئات-



لاس بېشىدا ئاسماننى تىرەپ تۇراتتى، قارىغايلار ئۆسۈپ كەتكەن بېشىدا قارا بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. كەڭ مۇرىلىرىنى قار باسقانىدى، كەلكۈن كەبى سۇ بۇ بوۋاينىڭ ئېگىكىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، سالۋا-راپ كەتكەن ساقىلىدا مۇز بولۇپ قاتاتتى. ماكورى قاناتلىرىنى تەكشى يېيىپ بۇ گىگانت ئادەمنىڭ پېشانىسىدە ئازراقلا توختىدى - دە، گويا دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە تاشلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىق توپلىرىغا ئۆزىنى ئاتقان يوغان قۇش كەبى، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتتى. ئۇ ئەنە شۇ تەرىزدە ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدا سەپەر قىلىپ، بوۋىسى ئاتلاسنىڭ يېنىدىن لىۋىيە قۇملۇقلىرىغا كەلدى. ئۇ قاناتلىق پۇتلىرى بىلەن كەپىلەر بىلەن تولغان ئافرىقا زېمىنىغا ئاياغ قويۇشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانېئاس قۇرغان قەلئە ۋە يېڭى ئۆيلەر پەيدا بولدى.

ئانېئاس باي دىدو سوۋغا قىلغان سېرىق رەڭلىك ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئېسىل قىلىچ تاقىغان، دىدو ئۆز قولى بىلەن سېرىق مەشۈت يىپتا كەشتىلەپ تىككەن تىرېلار پاسونىدىكى قىزىل رەڭلىك چاقناپ تۇرغان پلاش كىيگەن هالدا تۇراتتى. ماكورى دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنى تەڭرىشاھ شانۇ شەۋكەتلىك ئولىمپىس تېغىدىن سېنىڭ ئالدىڭغا ئەۋەتتى. سەلتەنەتتى، سۇر هەيۋىسى بىلەن ئا-لەملەرنى ۋە زېمىنلارنى ئىلكىدە تۇتقان، ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى بۇيرۇقۇمنى جىددىي ۋە تېز سۈرئەتتە ئۇنىڭغا يەتكۈز، دەپ مېنى بۇيرۇدى. سەن كۆڭلىرىڭنى لىۋىيە زېمىنىدا ئۆتكۈزۈپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ سېنىڭ كەلگۈسىدە تۇرىدىغان ماكانىڭ فىنىكى ئەمەس، بەلكى سەن هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىتالىيە، قەهرىمانلار ئۇزۇلمەي مەيدانغا چىقىدىغان ئىتالىيە، لەشكىرىي جاسارەتتە هەممىنى تىترىتىدىغان ئىتالىيە! سەن ئېسىل ترويا

قېنىدىكى ئەۋلادلارنى گۈللەندۈرۈشۈڭ ھەمدە پۈتۈن دۇنيانى قا-
نۇنىنىڭ ئاستىغا جەم قىلىشىڭ لازىم. ئاھ، ئانېئاس، سەن شۇ
قەدەر ئۇلۇغ ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مۇھەببەتكە
ئەسىر بولۇپ كەتسەڭ زادى بولمايدۇ! سەن ھەممىنى يېڭىپ
ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشۇڭ، ئاسكانىئۇسنىڭ رىم قەلئەلىرىگە
ھۆكۈمران بولۇشىغا يول ئېچىشىڭ كېرەك. سەن دەرھال كېمە-
لىرىڭنى تەييار قىلىپ، يەلكەنلىرىنى كۆتۈرۈپ لاۋىنىئۇمنىڭ
ئېتىز - داللىرىنى ئىزدىگىن!

ماكورىنىڭ ئەيىبلەش ئاۋازىنىڭ ئايىغى چۇشمەستىنلا، ئۆ-
زى شالاڭ ھاۋا قاتلىمىغا كىرىپ ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن غايىب
بولدى.

بۇ ئاجايىپ غەلىتە ھادىسىنى كۆرۈپ ئانېئاسنىڭ چاچلىرى
قورقۇنچتىن تىك تۇرۇپ كەتتى. ئاۋازى ئاغزىغا كەپلىشىپ تې-
شىغا چىقىرالمىدى. چۈنكى، بۇنداق قاتتىق ئەيىبلەش ۋە تەڭرى-
نىڭ پەرمانى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغانىدى. ئانېئاسنىڭ
يۈرىكى شان - شەرەپ ۋە سۆيگۈدىن ئىبارەت ئىككى تاش ئارىسىدا
مىجىلىشقا باشلىدى. چۈنكى تەڭرىنىڭ پەرمانى بويىچە، ئۇ كەل-
گۈسىدىكى دۇنياسى بولغان ئىتالىيىنى تاپمىسا بولمايتتى. ئەم-
ما، بۇنى مەجنۇن دىدوغا قانداق دېسە بولار؟

# ئونىنچى قىسسە

## دىدو ئەقلىدىن ئازدى

ئىلاھە پارما بۇ ياقتا ئايال پادىشاھ دىدوغا ترويا كېمىلىرى-نىڭ مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭ-لاپلا مەجنۇن ئايال پادىشاھ دەرد - ئەلەمدىن ئەقلىنى يوقىتىپ، ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولدى. ئىززەت - غۇرۇر دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بەئەينى هاراق - شاراب ئىلاھىنىڭ ئەمىرگە بويسۇنغان سادىق مۇرتىغا ئوخشاش قورالىنى هەريان شىلتىپ، ۋاقىراپ - جارقىراپ پۈتۈن شەھەردە چېپىپ يۈردى. ئاسمانلىرىنى تىللاپ، سۆكتى، ئانىئاسقا يېلىنىپ، يالۋۇردى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار يۈزىنى يۇيۇپ، ئانىئاسىنىڭ كۆڭلىدى-نى هۆل قىلىۋەتتى. ئانىئاس ئىلاھىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشىنى ئې-سىدە چىڭ ساقلاپ، خۇسۇسىي سۆيگۈ - مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىپ، چوڭ ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بېلىنى چىڭ باغلىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇر مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ تۆرىگە نەقىش قىلىپ ئورناتتى - دە، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، دىدو-دىن ئايرىلىپ، ترويالىقلارنىڭ چوڭ - چوڭ كېمىلەرنى دېڭىز ساھىلىدىن سۆرەپ دېڭىزغا چۈشۈرۈشكە قوماندانلىق قىلدى. ترويالىقلار پۈتۈن شەھەرنىڭ هەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن دېڭىز ساھىلىغا چېپىپ كېلىشتى. خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە كېمىنىڭ باش قىسمىغا گۈللەرنى تاقاپ، يەلكەنلەرنى چىقىرىپ هەرقاچان يولغا چىقىشقا تەق بولۇپ تۇردى.

ئازاب ۋە ئەلەمدىن دىدونىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولدى. مەغرۇرلۇق، ئىپتىخار، غۇرۇر دېگەنلەر مۇھەببەتكە ئەل بولدى. دىدو يەنە بىر نۆۋەت يىغا - زارە، يالۋۇرۇشلار بىلەن ئانىئاسنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

— ھەي ۋاپاسىز، مەن يىغلاپ تۈگىشەي دېسەم ئەجەب كۆزىڭىزدىن تامچە ياش چىقمايدىغۇ —، سىزنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن كىشىگە ئازراقمۇ ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى، ئەمما سىز بىرەر قېتىم ئۇھسىنىپ باقمىدىڭىز، ماڭا قىيا بېقىپمۇ قويمىدىڭىز، بۇ قانداق گەپ؟ سىز ھەممە نەرسىڭىزدىن ئايرىلىپ، مېنىڭ زېمىنىمدىكى دېڭىز بويىغا كېلىپ قالغىنىڭىزدا، مەن سىزنى قوبۇل قىلدىم. پادىشاھلىق ھوقۇقۇمدىن تەڭ بەھرىمەن قىلدىم، ھەمراھلىرىڭىزنىمۇ ئۆلۈم ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. ئەمما، سىز ياخشىلىقلىرىمغا قانداق جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇۋاتىسىز؟ ئەجەبا سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىم، تېخى يېقىندا بېرىشكەن مەڭگۈلۈك ۋەدىلىرىمىز، يەنە تېخى مەن بىچارىنى كۈتۈپ تۇرغان پاجىئەلىك ئۆلۈم... سىزنى ئېلىپ قالالماسمۇ؟ مۇشۇ قىش پەسلىدە شىمال شامىلىغىمۇ قارىماي ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقماقچىمۇسىز؟ نېمانچە تاش يۈرەك ئادەمسىز؟ ئاھ يۈرەك پارەم، مېنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە لايىق قانداقتۇر بىر ئىشلىرىم ياكى مېھرىڭىزنى ئۇزەلمىگۈدەك، يۈرىكىڭىزدە قالغۇدەك بىرەر جايلىرىم بولسا، خۇش بولۇپ كېتەي، خانىۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئائىلەمگە ئىچ ئاغرىتىڭ! چۈنكى، سىزنى دەپ پۈتۈن ئافرىقىدىكى شاھلار، كاتتىلار، تۆرىلەر ماڭا ئۆچ بولۇپ كەتتى؛ سىز ئۈچۈن پاك ئىپپىتىم، گۈزەللىكىم ۋە شانۇ شەۋكىتىمدىن مەھرۇم بولدۇم. مېنى ۋەيران قىلغان ھەي ياقا يۇرتلۇق، ئەمدى بۇ دۇنيادا ياشاپ نېمە قىلىمەن؟ ئېرىم ھېكەيستىن ئايرىلغاندىم، ھازىر بولسا سىز رەھىمسىزلىك بىلەن مېنى تاشلاپ كەت-

مەكچى بولۇۋاتىسىز. ئەجەبا ئاكام پىگمالىئوننىڭ كېلىپ شە-
ھەرلىرىمنى ۋەيران قىلىشنى ياكى شىمالىي ئافرىقىلىقلارنىڭ
مېنى ئەسىر قىلىۋېلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرامدىمەن؟

ئېيتقۇسىز ئازابتىن ئاچچىق ھەسرەت چېكىۋاتقان دىدوغا قاراپ ئانېئاسنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ ئىنتايىن ئازابلاندى. بىر تەرەپتە، چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان سۆيۈملۈك يارى، يەنە بىر تەرەپتە، قىلماقچى بولغان بۈيۈك، شانلىق ئىشلىرى تۇراتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغۇ دىدوغا يۈرىكىنى يېرىپ كۆرسەتكۈسى، سۆيگۈسى بىلەن ئۇنىڭ قەلب ئېتىزىنى سۇغىرىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى بار ئىدى. بىراق، ماكورنىڭ ئاۋازى كۆكتىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ. يۇپىتېرمۇ ئېگىز ئولىمپىس تېغىدا ئۇ-نىڭغا (ئانېئاسقا) كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئانېئاس شۇنداق دېدى:

— گۈللەرنىڭ گۈلى، گۈزەللەرنىڭ شاھى، سۆيۈملۈك يارىم، شاپائىتىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلمايمەن، قىلغان ھەربىر ئىشىڭىزغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئې-سىم جايىدا، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، دىلرەبارىم، گۈزەل ھۆسن - جامالىڭىز مەڭگۈ خاتىرەمدە، كۆز ئالدىمدا بولىدۇ. ئەمما، مەن ھايات قالغان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن ترويا شەھىرى-نى، قەلئەلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشتەك بۈيۈك ۋەزىپىنى زىم-مەمگە ئالغانمەن. تەڭرى ماڭا بىپايان ئىتالىيىنى ئىلكىمگە ئې-لىشنى، ئەنە شۇ يەرلا مېنىڭ ۋەتىنىم بولىدىغانلىقىنى ئەمىر قىلىۋاتىدۇ. ھەر قېتىم كائىناتقا كېچە پەردىسى ۋە شەبنەملىك سايە يېيىلغان، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاسماندا ئالەمگە كۆ-لۈپ باققان مەھەلدە، دادام ئانكىسىسنىڭ ئەرۋاھى چۈشۈمگە كىرىدۇ. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مېنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مەن ئاسكانىئۇسنىڭ ئىتالىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالسام بولمايدۇ. يۇپىتېر ماڭا ئاسماندىن



بۇير ۇقىنى يەتكۈزۈپ، مېنى سىزگە بولغان مۇھەببىتىمدىن ۋاز كېچىپ، زىممەمدىكى ئۇلۇغۋار بۇرچنى ئادا قىلىشقا ئەمىر قىلدى.

دىدو كۆز يېشى ۋە - يالۋۇرۇشلار ئارقىلىق، ئانېئاسنى تەۋرىتەلمىگەندىن كېيىن، سىڭلىسى ئانناغا يېلىندى:

— جېنىم سىڭلىم، شاھلىق ئىززەت - غۇرۇرۇمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ساڭا يېلىنىۋاتىمەن، سەن بېرىپ مەشۇقۇمغا يالۋۇرۇپ باقساڭ، ئاققۇزغان كۆزياشلىرىم، ئۇنىڭ ئىچكەن قەسەملىرىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇ بۇ قارا قىشتا، شىمال شامىلىدا ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقمىسۇن. ئۇنىڭدىن پەقەت سۆيگۈ ئوتلىرىمنىڭ سەل پەسىيىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئازابىغا چىدىشىم، ئۇنى ئاق يول، مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ ماڭغۇزۇشۇم ئۈچۈن ماڭا ئازراقلا ۋاقىت، ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ئەپسۇسكى، تەقدىر قۇلىقىنى ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، دىدونىڭ بۇ سۆزلىرى ئانېئاسنىڭ قۇلىقى يېنىدىن شامال كەبى ئۆتۈپ بىپايان دېڭىزغا سىڭىپ كەتتى.

شور پېشانە، تەقدىرنىڭ ئەخمەق قىلىشى، ئەقلىدىن ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان دىدونىڭ كۆزىگە ئۆلۈملا كۆرۈندى. ئۇ مۇقەددەس سۇنىڭ توساتتىن قارىيىپ كەتكەنلىكى، قۇيۇلغان ھاراقنىڭ قىپقىزىل قانغا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. زېمىنغا قاراڭغۇلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندا، ئېرىنىڭ قەسىرسىدىن ئۇنى چاقىرغان ئاۋاز كەلدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە بىر قۇش مۇڭلۇق سايراپ ماتەم ناخشىسى ئېيتتى. قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن نۇرغۇن ئالدىن بىلگۈچىلەرنىڭ بېشارەتلىرى ۋە شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئېسىگە كېلىپ، دىدونىڭ تېنى شۈركىنىپ، كەتتى. ئۇ يەنە ئانېئاس بىر دالىدا ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن قوغلاۋاتقان، ئۆزى بولسا قورقۇپ ئەقلىدىن

ئازغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتە چۈش كۆردى. ئۇنىڭغا
بىر تۇرۇپ ئۆزى تاشلىنىۋېتىلگەن، يەككە- يېگانە قالغاندەك؛ بىر
تۇرۇپ ھەمراھسىمۇ يوق، ئۆزى يالغۇزلا ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر
يولدا كېتىۋاتقاندەك، قاقاس زېمىندا تېرىلىق قېرىنداشلىرىنى
ئىزدەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەقلىدىن ئاداشقان دا-
باي پادىشاھى پانتېئۇسقا ئوخشاشلا پەرىشان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزد-
گە بىرمۇنچە قىساس ئىلاھەلىرى، ئىككى قۇياش كۆرۈندى.
ئۈستى - ئۈستىگە قورۇلغان ئىككى ترويا شەھىرى كۆز ئالدىدا
پەيدا بولغاندەك بولدى. ئاگامېمنوننىڭ ئازاب چېكىۋاتقان ئوغلى
ئورېستېسنىڭ سەھنىدە، ئىشىك تۈۋىدە قىساس ئىلاھەسىنىڭ
ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەستىن، ئانىسىنىڭ قولىدى-
كى مەشئەل ۋە قارا يىلاندىن قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بول-
دى. بەختكە قارشى مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان دىدو تەڭرد-
نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆزى قانمىغان، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمى-
غان پانىي ئالەمدىن ئايرىلىشى كېرەك ئىدى.

## ئون بىرىنچى قىسسە

# سۆيگۈنىڭ قۇربانى بولۇش

دىدو ئۆزى بىلەن ئانىئاسقا سۆيگۈ بۆشۈكى بولۇپ، ئۆزلى-
رىنى بەخت ـ لەززەت پەيزىگە چۆمدۈرگەن كارىۋاتنى كۆيدۈرگۈ-
زۈۋەتتى. ئايال كاھىن چاچلىرىنى مۇرىسىگە يېيىلدۇرۇپ 300
مالائىكە، ئەرۋاھىنىڭ ئىسمىنى، باقىي ئالەمنىڭ، كېچىنىڭ
ئىلاھى، ئۈچ نەرسە بىر گەۋدە بولغان ھېكاتى، يەنى ئۈچ يۈز-
لۈك، پاك قىزلار ئىلاھەسى دىئانانىڭ ئىسمىنى توۋلىدى. كائىن
يەنە باقىي ئالەمدىكى ئاۋېرنۇس كۆلى ئۆڭكۈرنىڭ سۇيى دېيىلگەن
سۇنى چاچتى، ئايدىڭ كېچىدە برونزا ئورغاقتا ئورۇلغان قارا
رەڭلىك، زەھەرلىك سۇيى چىقىدىغان دورا ئۆسۈملۈكىنى، باي-
تال تېخى ئاغزىنى ئاچماستىلا شىلىۋېلىنغان، يېڭىلا تۇغۇلغان
تاينىڭ پېشانە گۆشى (ئېيتىلىشلىرىچە، بۇ بىر خىل روھلاندۇر-
غۇچ دورا ئىكەن) نى ئېلىپ كەلدى. ساھىبجامال دىدو مېھراب
ئالدىدا پاكىز يۇيۇلغان قوللىرى بىلەن مۇقەددەس زىرائەتنى تۇت-
قان، بىر پۇتىدا ئاياغ يوق، ئىمچىسىنىڭ بەلۋېغىنى يېشىۋەتكەن
ھالدا ئەرش ئىلاھلىرى ۋە ئاق كۆڭۈل، بېشارەتچى تەقدىر يۇل-
تۇزلىرىنى گۇۋاھلىققا چاقىردى، ھەققانىيەت ۋە خەيرىخاھلىق
روھىغا باي ئىلاھ ـ مالائىكىلەر ھەققىدە دۇئا قىلىپ، ئۇلاردىن
نىكاھ ئىشىدا تەلىيى چىقماي قالغان بارلىق ئاشىق ـ مەشۇقلارغا
ئىچ ئاغرىتىشنى تىلىدى. بۇ چاغدا ترويالىقلار تەڭرىنىڭ ئەمرى
بىلەن تېزلىكتە يەلكەنلەرنى يېيىپ، رەتلىك ھالدا يۈرۈپ كەتكە-

ندى، دىدو كۆرۈش سۇپىسىدا تۇرۇپ ئادەمسىز تىمتاس تۇرغان دېڭىز ساھىلى ۋە پورتنى كۆرگەندە، ئانىئاسىنىڭ مۇشۇنداق جىملا كېتىپ قالغىنىنى پەقەتلا ئەقلىگە سىغدۇرالماي، چىرايلىق كۆك- رىكىگە قاتتىق مۇشتلىدى. ئالتۇن رەڭ، مامۇق كەبى يۇمشاق، گۇزەل چاچلىرىنى يۇلدى. قەلبىدىكى مەجنۇنلارچە ئاشىقلىق تەلۋىلەرچە ئۆچلۈككە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ چىرقىراق ئاۋازى پە- لەككە يەتتى:

— ھەي يۇپىتېر، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان تروياللىقلارنى شۇنداق ئاسانلا ماڭغۇزۇۋېتەمسىز؟ ئەجەبا خانىدانىمىزنى ئۇ ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئەخمەق قىلىشىغا يول قويامسىز؟ قىنىكى باتۇرلىرى، قورالىڭلارنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ جىمى بۇ- لۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن دەرھال چىقىڭلار. قىلىچ، نەيزە، مەش- ئەللەرنى قولۇڭلارغا ئېلىپ ئۇلارنى قوغلاڭلار! ئاھ قۇياش، پارلاق نۇرۇڭ بىلەن بۇ دۇنيادىكى جىمى ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئايان قىلغىن، ھەي يۇنو، مېنىڭ ئازابىمنى بىلىسىز، مېنىڭ قايغۇمنى، ئازابىمنى ھەم چۈشەنگەيسىز؛ ھېكاتې، ھازىر قاراڭ- غۇ كېچە، ئادەملىرىم شەھەرنىڭ ئۈچ كوچا ئېغىزىدا تۇرۇپ ئىسمىڭنى زىكرى قىلماقتا؛ قىساس ئىلاھەسى ئېلىسانى كۇتۇۋات- قان ئەزرائىللار (ئۆلۈم ئىلاھەسى) گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. مەن ئۇچرىغان ئۇۋالچىلىق، دەرد - ئەلەملىرىم سىلەرنىڭ ئىل- تىپات قىلىشىڭلارغا ئەرزىيدۇ. ئىلتىجايىمنى ئاڭلاپ قويۇڭلار: ئەگەر مەن ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايدىغان ھېلىقى ئادەم- نىڭ ئىتالىيىگە بېرىشى زۆرۈر بولسا، ئەگەر بۇ ھەممىگە قادىر يۇپىتېرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بەلگىلەنگەن ئىش بولسا، ئەگەر بۇ مۇقەررەر نەتىجە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىلاھىم ئۇ راسا ئۆكتەم بىر مىللەت بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇش ئازابلىرىنى چەك- كەي، ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغاي، ئاسكانىئۇستىن ئاي- رىلىپ قالغاي، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىنىڭ

نومۇس - ئۇيات ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەي، ياردەم تىلەپ تەرەپكە چاپچىقاي. ئەگەر ھەققانىيەت ئىلاھى ھېلىمۇ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلالىغۇدەك بولسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دېڭىز ۋە تىنىك ھاڭلار ئارىسىدا جازاسىنى تارتىپ، كۆرگۈلۈكىنى راسا كۆرگەندە، مېنىڭ ئىسمىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي زىكرى قىلغاي ئىلاھىم. مەن ئۆلگەن تەقدىردىمۇ قاپقارا ئىس چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلايمەن. رەھىمسىز ئۆلۈم تېنىم بىلەن روھىمنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن ھالەتتىمۇ، روھىم مەيلى ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن، توختىماستىن ئۇنى قوغلايدۇ. ئۇنىڭغا ئېغىر سۇلھ شەرتلىرىگە باش ئېگىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى ھەرگىز پادىشاھلىق ھوقۇقى ۋە گۈزەل، ياخشى كۈنلەردىن بەھرىمەن قىلماڭلار، ئۇ ئۆمرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، قاقاس چۆل - جەزىرىدە جان تەسلىم قىلسۇن، ئۆلۈكى كۆمۈلمەستىن دالىدا قالسۇن ئىلاھىم.

— مەن بۇنداق خەۋەرنى چوقۇم ئاڭلايمەن. باقىي ئالەمنىڭ ئەڭ - ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر جايدا ياتساممۇ، بۇ خەۋەر چوقۇم مېنىڭ قۇلىقىمغا يېتىدۇ. مېنىڭ تىلىكىم مۇشۇ. بۇ مېنىڭ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇراجىئىتىم. مېنىڭ تىرىلىق خەلقىم، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى بارلىق ئەۋلادلىرىنى چوقۇم قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن ئازابلاڭلار. بۇ سىلەرنىڭ مەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا قىلىدىغان نەزىرىڭلار بولۇپ قالسۇن. بىز ئىككى مىللەت ئارىسىدا دوستلۇق، يېقىنلىق بولمايدۇ، ئىتتىپاقمۇ ھەرگىز تۈزۈلمەيدۇ. مېنىڭ ئۆز ئەۋلادىم ئىچىدىن بىرەر قىساسكار چىقىپ، ئۇ ترويا كۆچمەنلىرىنى ئوت ۋە نەيزە - خەنجەر بىلەن قوغلىسۇن. بۇ ئىشنى بۈگۈن ياكى ئەتە قىلسا بولىدۇ. غەيرەتكە كېلىدىغانلار بولسا قاچاندا قىلسا بولىۋېرىدۇ. مەن دۆلەت بىلەن دۆلەت، دېڭىز بىلەن دېڭىز، قوراللىق كۈچ بىلەن قوراللىق



كۆچىنىڭ ئۆزئارا خىرىس قىلىپ تۇرۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلى-
رىغا مەڭگۈ خاتىرجەملىك بولماسلىقىنى تىلەيمەن.
دىدو ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلىپ
بولۇپ، دەرد - ھەسرەت ۋە ئاغرىنىش، ئۆچمەنلىك ئارىلاش
نەزىرىدە ئانېئاس كەتكەن تەرەپكە نەزەر سالدى. ئاندىن ھېلىقى
تروياللىق تەقدىم قىلغان ئېسىل خەنجەرنى شارت قىلىپ سۇغۇرۇ-
ۋالدى - دە، كۆكرىكىگە سانجىدى.
ئېچىنىشلىق چىرقىراش ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈۋەتكۈ-
دەك بولدى. خەۋەر گويا چۈلۋۇرنى ئۈزۈپ قاچقان توسۇن ئات-
تەك شۇئان پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. پۈتكۈل كاتەيكىدا گويا
شەھەر دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن، پۈتكۈل قەدىمىي تىرېلار
قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان، ئالەمدىكى ئۆيلەر ۋە ئىلاھلارنىڭ
ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھەممىسى دەھشەتلىك يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە
قالغانغا ئوخشاش يىغا، ھەسرەت چېكىش ۋە ئاياللارنىڭ
يىغا - زارى كۆتۈرۈلدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئاننا ئاچىسىنى
قۇچىقىغا ئېلىپ زار - زار يىغلىغان ھالدا قاننى توختىتىۋېلىشقا
ئۇرۇندى. دىدو ئېغىر لىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېچىپ يورۇق
دۇنيانى يەنە بىر كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتى، ئەمما خەنجەر ئۇنىڭ
گۈزەل كۆكرىكىگە چوڭقۇر سانجىلغانىدى. قان بۇلۇقلاپ چىقى-
ۋاتاتتى، ئۇ ئولتۇرۇشقا ئۈچ قېتىم تەمشەلديۇ، ھەر قېتىمدا
يىقىلىپ چۈشتى. دىدو سەكراتقا چۈشكەنىدى، ئۇ قىيالماسلىق
ئىچىدە كۆكتىن نۇر، يورۇقلۇق ئىزدىدى.
دىدوغا ھەممىگە قادىر يۇنونىڭمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ-
نىڭ پۈت - قوللىرى تەرىپىدىن چۈشىلىپ جان تالىشىۋاتقان
روھىنى — جېنىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، يۇنو ئولىمپىس تېغى-
دىن ئىرىسنى ئەۋەتتى. دىدو كۆيۈك ئوتى ۋە غەزەپ - نەپرەت
تۈپەيلىدىن ئەجىلىدىن بۇرۇن دەرد - ئەلەم يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن-
لىكى ئۈچۈن، باقىي ئالەم خانىشى پروسېرپىنا ئۇنىڭ بىر تۇتام



چېچىنى كېسىۋېلىپ ئۇنى جەھەننەمگە يوللىۋەتتى. ئىرىس سا-
غۇچ قاناتلىرىنى كېرىپ، شەبنەمدەك يالتىراپ، رەڭدار لېنتى-
دەك جۇلالىنىپ ئۇچۇپ، دىدونىڭ بېشىغا كېلىپ بىر پەس
ئايلاندى. ئاندىن دىدونىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرىدىن كېسىۋالدى.
شۇئان دىدونىڭ ئىسسىقلىقى تارىلىپ كېتىپ، ھاياتلىق سەلكىن
شامالغا سىڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئانېئاس قىلچە تەۋرەنمەستىن
يىراق سەپەرگە ئاتلانغان بولۇپ، تۈن پەردىسى ئاستىدىكى دېڭىز
دولقۇنلانماقتا، كېمىلەر شامالدا دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلى-
مەكتە ئىدى. ئانېئاس قايرىلىپ كاتەيكى قەلئەلىرىگە نەزەر تاش-
لىدى. ئۇ يەردە ئاسمان - پەلەك ئوت كۆيۈۋاتاتتى. بۇ ئوتنى
شور پېشانە ئىلىسا ياققانىدى. تروياللىقلار بۇ ئوتنىڭ سەۋەبىنى
بىلمەيتتى. ئەمما ئۇلار ھاقارەتلەنگەن كۈچلۈك سۆيگۈ - مۇھەب-
بەتنىڭ ئادەمگە قانداق چىدىغۇسىز ئازاب كەلتۈرىدىغانلىقى،
ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلالايدىغان كۆيۈك ئوتىغا دۇچار بول-
غان بىر ئايالنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى
قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ
كۆڭلى قانداقتۇر بىر يامان ئىشنى سەزگەندەك پەرىشان بولدى.
ئانېئاسنىڭ يۈرىكى دىدونىڭ غېمىدە، دەردىدە تېخىمۇ ئېغىر
سۇكۇتكە چۆكتى.

# ئون ئىككىنچى قىسسە

## قەبرە بېشىدا

كېمىلەر سۇيى زۇمرەتتەك سۇزۇك دېڭىزدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى، قۇرۇقلۇق خېلىلا يىراقتا قالغانىدى. دېڭىز ۋە زۇمرەتتەك ئاسمان بىر رەڭدە بولۇپ، يېنىك بۇژغۇنلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق چاچراپ ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. تروپيالىقلار بۇ گۈزەل مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ مۇنبەت زېمىن- نىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شېرىن ئارزۇ - خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرىنەتتى. شۇڭا، ئۇلار باش ئۈستىدە غايەت زور قارا بۇلۇت پەيدا بولغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە كېچە قاراڭغۇلۇقى بىلەن بوران - چاپقۇن سايىسى ئاسمان - زېمىننى قاپلاپ دېڭىزدا قورقۇنچلۇق دولقۇن كۆتۈرۈلدى. دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇس چەكسىز قۇدرەتلىك ئۈچ ئاچىلىق يالمانلىق نەيزىسى بىلەن دېڭىزنى راسا قوچىۋىدى، شۇئان شىددەتلىك دولقۇنلار شاۋقۇن سېلىپ، بوران كۈچەيدى. تىپتىنچ دېڭىز ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازاندەك قايناشقا باشلىدى، ھاۋادىمۇ قويۇق قارا بۇلۇتلار يىغىلدى. كۆكتىكى تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ قېرىلىقتىن پۈرلەشكەن چىرايىدا مەمنۇنىيەتنى ئىپادىلىگۈچى تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ پۈتلىرىنى يوغان كېرىپ ئىتالىيىگە بارىدىغان يولنى توسۇۋالدى.

دىدونىڭ مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك يالقۇن كۆڭلىگە سالغان قاتتىق ساراسىمە تېخى

كۆتۈرۈلمىگەن بىچارە تروياللىقلارغا، تەقدىر يەنە ئۇلار يېڭەلمەيدىغان كۈچلۈك بوران - چاپقۇن ئاپىتىنى كۆرسەتتى. ئۇلار نائىلاج تەقدىر ئىلاھەسىگە باش ئېگىپ، دولقۇنلار ئارا كېزىپ يۈرۈپ سىسىلىيە پورتىغا كېلىپ قالدى. بۇ يەر ئانىئاسنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئېلىكسىنىڭ دۆلىتى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارغا تونۇش ساھىللار، تروياللىقلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئاكېستېس بار ئىدى. ئانكىسېسنىڭ جەسىتىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. سىسلىيىنىڭ پادىشاھى ئاكېستېس دەريا ئىلاھى كرىمىسوسنىڭ ئوغلى بولۇپ، تروياللىقلارنىڭ قەدىردان دوستى ئىدى. ياشانغان بۇ پادىشاھ كۈچلۈك قوللىرىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان، لىۋىيە ئېيىقىنىڭ تېرىسىنى يېپىنغانىدى. ئۇ يىراقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆز جەمەتلىكلەرنى قارشى ئالدى.

بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇشۇ ۋاقىتتا، تروياللىقلار ئەرش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى ئانىئاسنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتىنى مۇشۇ يەردە دەپنە قىلغان، مېھراب ياساپ قەبرە قاتۇرغان، ئېيتقۇسىز قايغۇغا چۆمگەنىدى. شۇنىڭدەك ئانىئاسنى، بارلىق تروياللىقلارنى قاتتىق قايغۇغا مۇپتىلا قىلىپ، يۈرىكىنى جاراھەتلەندۈرگەن بۇ كۈن ئۇلارنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. ئىلاھىنىڭ يوشۇرۇنچە يېتەكلىشى بىلەن ئۇلار بۇ يىل بۇ يەرگە يەنە كەلدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ كۈننى خاتىرىلەشنى قارار قىلدى. ئانىئاس ئانىسى ۋېناس بەرگەن شاخ چەمبىرەكنى بېشىغا كىيىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىغا ئېلىشى بىلەن دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قەبرە ئالدىغا هاراق، سۈت، قۇربانلىقنىڭ قېنى ۋە شەبنەم ئۇنچىلىرى يالتىراپ تۇرغان قىزىلگۈل قويۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ تىلاۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاھ! مۇقەددەس ئاتا، قەدىردانىم، سەن هازىر توپىغا، ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەن بولساڭمۇ، ساڭا يەنە بىر قېتىم بەخت تىلەيمەن. يۈرىكىمنىڭ نەقەدەر ئېچىشىۋاتقانلىقى، قانچىلىك قاي-

غۇر ۋۇۋاتقانلىقىمنى بىلىۋاتامسەن؟ تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتكەن كەلگۈسى زېمىنىمىز ئىتالىيىنى ئىزدەپ تېپىشتا سەن بىلەن بىرگە بولالمىدىم. سېنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئوسوگنادىكى دېڭىز دەرياسىنى تېپىش پۇرسىتى بىزگە نېسىپ بولمىدى. ئاھ ئاتا، ئۇ يەرنىڭ بىزدىن قانچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ بىزگە ئوخشۇشلۇق شامال چىقىرىپ بەرگىن، تروبا يېڭى شەھىرىنى بەرپا قىلىشىمىزغا مەدەت بەرگىن!

ئانېئاسنىڭ گېپى تۈگەش بىلەن تەڭ قەبرىدىن پارقىراق، ئاجايىپ يوغان بىر يىلان چىقىپ يەتتە چەرمەك ئۇردى، يەتتە نۆۋەت تۈگۈلۈپ يېيىلدى. بەخىرامان ھالدا قەبرىنى قۇچاقلىغاندىن كېيىن، ئاستا سويلاپ مېھراب ئالدىغا كەلدى. يىلاننىڭ دۈمبىسىدە ھاۋارەڭ تەڭگىچىلەر بار ئىدى، قاسراقلىرى گويا چىرايلىق قۇياش نۇرىدا رەڭگارەڭ نۇرلىرى بىلەن كۆكنى جۇلالاندۇرغان ھەسەن ـ ھۈسەن كەبى يالتىراپ، ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇ نەزىر كوزىسى ۋە پارقىراق، پاكىز قاچا ـ قۇچىلار ئارىسىدا يۆرۈپ سۈتنى، ھاراقنى ئىچتى، ئوتقاشتەك قىزىلگۈلنى ئاغزىغا سالدى، ئاندىن ئانېئاسقا مۆلايىم نەزىرىدە قاراپ قويۇپ، چىرايلىق سويلاپ قەبرىگە كىرىپ كەتتى. ئانېئاسنىڭ قەلبى گويا تاغ تەۋرەنگەندەك لەرزىگە كەلدى. بۇ يىلان مۇشۇ يەرنىڭ يەر مۇئەككىلىمىدۇر ياكى دادىسىنى كۈتىدىغان مالائىكىلەردىنمىدۇ، بۇنى ئانېئاس بىلمەيتتى. ئانېئاس ساداقەتمەنلىك بىلەن تېخىمۇ كۆپ نەزىرلىكلەرنى قويۇپ، ئۇلۇغ ئانكىسېسنىڭ روھىنى چاقىردى.

ئانېئاس دېڭىز ساھىلىدىكى ئەڭ ئېگىز جايغا چىقىپ، بارلىق تروياللىقلارغا خىتاب قىلدى:

— داردانۇسنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلادلىرى، توققۇزىنچى سۈبھى زېمىنىغا نۇر جامالى بىلەن كۈلۈپ باققاندا، بىز كاتتا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدىن باتۇرلۇقىمىز، جاسارىتىمىز، شىجائىتىمىز ئارقىلىق ھال سورايمىز. قېنى

كىمنىڭ كىيىمى شەمشەردەك ئىتتىك، كىمنىڭ پۇتلىرى كە-
يىكنىڭكىدەك يۇگۈرۈك، كىيىمنىڭ بىلىكىنىڭ كۈچى بار، كىم
ھەممىدىن باتۇر، بىر كۆرۈپ باقايلى! كېلىڭلار، بۇرادەرلەر،
بارلىق غەيرەت - جاسارىتىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار، زور ئىنئام
ئېلىشقا تەييارلىنىڭلار!



## ئون ئۈچىنچى قىسسە

# باتۇرلار بەيگىدە

كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. قۇياش ئىلاھىنىڭ تۇل-پارلىرى توققۇزىنچى سۈبھىنى ئېلىپ چىقتى، تاڭ نۇرى يۇلتۇز-لارنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئاسماننى سۈزۈلدۈرۈپ، كائىناتقا هاياتلىق، پارلاقلىق بەخش ئەتتى. ئانېئاسنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئانكستېسنىڭ پۇقرالىرى دېڭىز بويىغا يىغىلدى. ئادەمنى ھاياجانغا سېلىپ، يۈرەكلەرنى توشقاندەك چاپتۇرىدىغان مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇقەددەس ئۈچ پۇتلۇق داڭقان، يېشىل يوپۇرماقلىق تاج، زەيتۇن شېخى، بېغىررەڭ چاپان، كۆزلەردىن ئوت چاقنىتىدىغان تىللا - يامبۇلار غالىبلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقى جاكار-لاندى. ئېغىر پالاقلار سەپلەنگەن يەلكەنلىك تۆت كېمە دېڭىزدا ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. «كىت» ناملىق كېمىدە مېنېستې-ئۇس، گەۋدىسى يوغان، ھەيۋەتلىك بىر شەھەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان «چىمالا» ناملىق كېمىدە جاسارەتلىك جۇئاس ئولتۇراتتى. «قوشۇن» ناملىق كېمىدىكىسى سىرگېستۇس بولۇپ، ھاۋارەڭ «سكۇللا» نى كروئانتۇس ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. كېمە باشلىقلىرى كېمە بېشىدا مەيدىسىنى كېرىپ مەردانە قىياپەتتە تۇراتتى. جۇش-قۇن، روھلۇق غەۋۋاسلار باشلىرىغا تېرەك يوپۇرمىقىدىن گۈل-چەمبىرەك ئورىۋالغانىدى، يالىڭاچ مۇرىلىرىگە سۈرتۈلگەن ماي

قوْياش نوْرىدا ۋاللىلداپ توْراتتى، ئۇلار پوْتوْن كوْچى بىلەن پالاق ئۇراتتى. دېڭىز يۈزىدە پالاقلار ئۇچلۇق ۋە كېمە بېشىنىڭ سۈرۈ-لۈشى بىلەن چوڭقۇر ئېرىقلار پەيدا بولۇپ، دەمموْدەم سۇ ئۇنچى-لىرى ئاسمانغا ئېتىلىپ، چىرايلىق بۇژغۇنلار ھاسىل بولاتتى. چېپىش سىزىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بەيگە مەيدانىدا ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان ئات ھارۋىلىرى، چۇلۇۋۇرىنى سىلكىپ پوْتوْن كوْچى بىلەن ئاتلارنى چاپتوْرۇۋاتقان ماھىرلارنىڭ سۈرئىتىمۇ بۇ كېمە-لەرنىڭ سۈرئىتىگە يەتمەيتتى. باركاللا ئاۋازلىرى، ھە - ھۇ دېيىشكەن ئاۋازلار، ئالقىش سادالىرى ئورمانلىقنى چاڭ كەلتۈ-رۈپ، ئورمانلار بىلەن ئورالغان دېڭىز ساھىلىدا ئويناپ، ئەتراپ-تىكى كىچىك - كىچىك تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا قايتۇرات-تى. تىروياللىق جۇئاس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ھەممىنىڭ ئال-دىدا كېتىپ باراتتى. ئارقىدىنلا كىروئانتۇس كېتىپ باراتتى. «كىنت» ۋە «قوشۇن» ناملىق كېمىلەرمۇ ئالدىغا ئۆتۈشكە پوْتوْن كوْچى بىلەن تىرىشىۋاتاتتى. بىردە «كىنت» ئالدىغا ئۆتۈۋالسا، بىردە چوڭ «قوشۇن» ناملىق كېمە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، گاھىدا بولسا ئىككى كېمە قاتارلىشىپ قېلىپ، ئۇزۇن كېمە دېڭىز سۈيىنى گويا قوْياش ھەيدىگەندەك ئىككى ياققا ئايرىپ ئۈزۈپ، كېمىنىڭ بېشى تاشلىق قىساڭغا يېقىنلاپ قالاتتى. كىرو-ئانتۇس ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان جۇئاسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكە-نىدى، غەزەپتىن راسا كوْچكە تولغان ياش يىگىت جۇئاسنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە بۇرادەر-لىرىنىڭ بەختەرلىكىنى تامام بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كېمە-نىڭ قۇيرۇقىدىكى ئېگىز جايدا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېمە ھەيدەۋاتقان رولچى مېنوتئوسنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ رولنى ئۆز قولىغا ئالدى. ياشانغان، تەنلىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن مېنوتئوس خېلى ئۇزۇندا دېڭىز ئاستىدىن ئۆرلەپ سۇ يۈزىگە چىقتى، ئۇ سۇغا چىلانغان توپقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تەس-

لىكتە يامىشىپ قىياغا چىقىپ، ئىچىۋالغان تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدە-نى قۇسۇپ چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ئوسال ھالىتىنى كۆرۈپ كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئىككى ئوردا سەردارى، يەنى سىرگېستۇس بىلەن مېنېستېئۇس ئىككى كېمىنىڭ رولچىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈمىدى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سىرگېستوس ئالدىغا ئۆتۈپ تاش قىساڭغا يېقىنلاشتى. مېنېستېئۇسمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ كېمىنىڭ بەل قىسمىغا كېلىپ بۇرادەرلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تېز ئۈزۈڭلار، تېز! قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار! سىلەر ھېكتورنىڭ ھەمراھلىرى، ترويا يوقىلىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن چاغدىكى سەپداشلىرى، روھىڭلارنى ئۇرغۇتۇپ، جاسارىتىڭلارنى ئاشۇرۇڭلار، ئىلگىرى ئافرىقىنىڭ سىرتېس دېڭىز قولتۇقى، ئىئونىيە دېڭىزى ۋە مالېئا قىساڭلىرىنىڭ سىرتىدا قورقۇنچلۇق دولقۇنلار بىلەن ئېلىشقان چاغدىكىدەك شىجائەت، جەسۇرلۇق بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار! ئارقىدا قېلىش نومۇس! كۈچەڭلار، تىرىشىڭلار!

غەۋۋاسلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، راسا كۈچەپ پالاق ئۇردى. دېڭىز سۈيى كېمە ئاستىدىن سىرغىپ ئۆتەتتى، مىس بىلەن قاپلانغان كېمە بېشى دىرىلداپ تەۋرىنەتتى، غەۋۋاسلارنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىپ، پۈت - قوللىرى تارتىشتى، ئاغزى قۇرۇپ كەتتى، تەرلىرى يالىڭاچ مۈرىسىدىن يىلان ماڭغاندەك پەسكە ئاقاتتى.

راسا قىزىپ ئەسەبىي ھالغا كەلگەن سىرگېستۇس مېنېستېئۇس بىلەن قوڭغۇراقتەك كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرىدىغان تىك قىيا ئارىسىدا قىسىلىپ كېتىپ باراتتى، كېمە بېشى تار سۇ يۈزىدە ئۈدۈل قىياغا قارىتىلغانىدى. كىچىككىنە ئۇرۇلۇشمۇ قاتتىق قىيا تاشلارنى لەرزىگە سالاتتى. پالاقلار تىك تاش ئارىلىقىغا



كىرىپ قېلىپ، قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. كېمە بېشى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. غەۋۋاسلار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېمىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالايلى، دەپ تۇۋلاشتى. ئۇچى ئۇزۇن تۆمۈر بادرا ۋە ئىلمەكلىك نەيزىلەر بىلەن سۇنغان پالاقلارنى سۇزۇۋېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن مېنىېستىېئۇس ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى، كېمىدىكىلەر رىتىملىق هالدا تېز ـ تېز پالاق ئۇرۇپ كەڭ دېڭىزغا چىقىۋالدى ـ دە، ئاخىرقى پەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇرتۇپ چىققان قىساڭدا تىركىشىۋاتقان سىرگېستۇسنى ئارقىسىغا تاشلىدى. چۇنكى، تېيىز سۇدا قالغان سىرگېستۇس قۇتقۇزۇڭلار دەپ مۇراجىئەت قىلىشتىن نومۇس قىلىپ، سۇنغان پالاقلار بىلەن كېمىنى ماڭدۇرۇش ئۇچۇن هەپىلىشىۋاتاتتى. مېنىېستىېئۇس يەنە جۇئاس هەيدەۋاتقان يوغان مەخلۇق «چىمالا»غا يېتىشىۋالدى. رولچىدىن ئايرىلىپ قالغان جۇئاس نائىلاج تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى. ئاخىرقى پەللىگە ئاز قالغاندا، هەممىنىڭ ئالدىدا بىرلا كىروئانتۇس كېتىۋاتاتـ

تى. مېنېستېئۇس بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى قوغلاپ ماڭدى.

قىيقاس ـ چۇقان ئەۋجىگە چىقتى. تاماشىبىنلارنىڭ ھايا۔جان بىلەن ئەڭ كەينىدە قېلىپ غەيرەت بىلەن ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈش۔كە تىرىشىۋاتقان مېنېستېئۇسقا غەيرەت ـ مەدەت بېرىپ توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاسمان ـ زېمىننى تىترىتىۋەتتى. كروئانتۇس قوللى۔رىنى دېڭىزغا سوزۇپ دېڭىزدىن ئۆزىگە مەدەت بېرىشنى، ئىلاھ۔لاردىن ئۆز ۋەدىسىگە قۇلاق سېلىشنى تىلىدى. دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىدىكى دېڭىز مالائىكىسى نېرېئىدېس، پېشۋافوركوس۔نىڭ رەققاسلار ئەترىتى، ۋە دېڭىز مالائىكىسى پانوپېيئالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىبادىتى ۋە تىلىكىنى ئاڭلىدى. قېرى دېڭىز ئىلاھى پورتۇنۇس غايەت زور ئالىقىنى بىلەن كېمىنى ئىتتىرگە۔نىدى، كېمە ئاتقان ئوق ۋە قۇيۇن كەبى قىرغاققا قارا ئۈزۈپ، كەڭ پورتقا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ باردى.

كروئانتوس ئاخىرقى قېتىم قىلغان دۇئا ۋە ئىلتىجاسىنىڭ شاپائىتى بىلەن يېشىل تاج ۋە نەپىس كەشتىلەنگەن چاپان ئىنئام ئالدى. مېنېستېئۇس ئىككىنچى بولدى. جۇئاس ئاخىرقى پەللى۔گە ئۈچىنچى بولۇپ يېتىپ باردى. سىرگېستۇسمۇ كىشىلەرنىڭ شاڭخو ـ مەسخىرىلىرىگە قېلىپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇ تىك قىيالار ئارىلىقلىرىدىن تۇرلۇك ئامال ـ چارىلەر۔نى قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما پالاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. پۈتۈن بىر قاتاردىكى پالاقچىلار بەئەينى ئادەتتە يول بويىدىكى دۆڭ قېشىدا كىشىلەرنىڭ تاش ئېتىشىدىن يارىلىنىپ نىمجان بولۇپ قالغان يىلاندەك پۈتۈنلەي كېرەكتىن چىققانىدى.

ئارقىدىنلا ئېلىپ بېرىلغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر بۈلۈق ئۆسكەن، ئېگىز ـ پەس تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورالغان ناھايىتى چوڭ چۆپلۈككە ئورۇنلاشتۇ۔

رۇلدى. قەھرىمان ئانىئاس سانسىزلىغان تاماشىبىننى باشلاپ
يۇمىلاق، تەبىئىي بىر كۆرۈش سۇپىسىغا چىقتى. ئۇ باتۇر،
يۇرەكلىك كىشىلەرنى مۇسابىقىگە چۈشۈشكە چاقىردى. بەزى
تروياللىقلار بىلەن سىسىلىيىلىكلەر ئارىلىشىپ ھەر تەرەپتىن چى-
قىپ كەلدى. ئەڭ ئالدىدىكىسى نىسۇس بىلەن قىرانىغا يەتكەن،
تولىمۇ كېلىشكەن، سۇباتلىق يىگىت ئەۋرىۋئالۇس بولۇپ، نى-
سۇس بۇ يىگىتكە چىن كۆڭلىدىن ئامراق ئىدى. ئارقىدىنلا
كېلىۋاتقىنى پادىشاھ پرىئامۇسنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەۋلادى
دىئولېس، سىسىلىيە ئورمانلىرىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان يىگىت
ھېلىمۇس بىلەن پانوپېئوس ۋە ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇر-
غان، بەردەم، ساغلام يىگىتلەر ئىدى.

ئانىئاس ياڭراق ئاۋازدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى بىلەن تەڭ،
مۇسابىقىگە چۈشكۈچىلەر دەرھال كىرىچىدىن ئايرىلغان يا ئوقىدەك
يۈگۈردى. نىسۇس شامال ۋە قاناتلىق ئېلېكرادىنمۇ تېز يۈگۈرۈپ
باشقىلاردىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ ئەڭ ئالدىدا چاپتى. ئاكارنانىيا-
لىق ساليۇس ئارقىدىنلا كېلەتتى، ئەۋرىۋ ئالوس بىلەن ھېلۇمۇس
ئازراقلا ئارىلىقتا كېلىۋاتاتتى.

ئاخىرقى پەللە كۆرۈنگەندە، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەزى-
مەتلەر قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ تېخىمۇ تېز يۈگۈردى. تۇسات-
تىن نىسۇس قانغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەسلىي بۇ يەردە
تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلىنىدىغان كالا سويۇلغان بولۇپ، ياپىې-
شىل ئوت - چۆپلەر يېپيېشقاق قانغا مىلەنگەن، شۇڭا غەلىبە
قىلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان بۇ باتۇر يىگىت بەختكە قارشى
تېيىلىپ لاي ۋە قانغا يىقىلغانىدى. مۇشۇ چاغدىمۇ ئۇ ئەۋرىۋئا-
لۇس بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئويلىدى - دە، مىلىچ - مىلىچ
قان ئىچىدىن تېزلا قوپۇپ ساليۇسنىڭ يولىنى توسۇۋالدى. سال-
يۇس پۇتلىشىپ كېتىپ قېلىن قۇملۇق جايغا يىقىلدى. ئۇنىڭ
كەينىدىكى ئەۋرىۋئالۇس بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چاقماق
تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىش سادالىرى ۋە

مەدەت بېرىشلىرى ئىچىدە، ئاخىرقى پەللىگە بىرىنچى بولۇپ باردى. ئارقىدىنلا ھېلۇمۇس، ئۈچىنچى بولۇپ ئولىپس پەللىگە يېتىپ كەلدى. ساليۇس بۇنىڭغا قايىل بولماي ئالدى قاتاردا ئولتۇرغان پېشقەدەملەر ۋە تاماشىبىنلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ماڭا تېگىشلىك شان ـ شەرەپنى ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىپ كېتىشنى، دېدى. ئەمما، تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى كەمتەر، بەكمۇ قاملاشقان ئېۋرۇئالۇسقا مايىل بولدى. چۈنكى، ئۇ كۆز ياشلىرى ۋە ساغلام، تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن چىرايى، سەرۋىدەك قەددى ـ قامىتى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشتى. كۆڭلى كۆكسى كەڭ ئانېئاس ئېۋرۇئالۇسقا ئىگەرلەنگەن بىر تۇلپار ئىنئام قىلدى، ئېغىر، يۇڭلىرى قويۇق، تىرناقلىرىغا ئالتۇن قويۇلغان ئافرىقا شىرىنىڭ تېرىسىنى ساليۇسقا تەقدىم قىلدى. ئاق كۆڭۈل ئانېئاس ئۇستىۋاشلىرى مەينەت بولۇپ كەتكەن نىسۇسقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇس ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكىگە قويۇلغان قالقاننى كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ باتۇر ياشقا ئىنئام قىلدى.



## ئون تۆتىنچى قىسسە

# رەھىمسىز تۆمۈر مۇشت

ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بوكس مۇسابىقىسىمۇ باشلىنىپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە توۋلاشلىرى ئىچىدە ئا-جايىپ كۆچلۈك دالىس كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئەزىمەت ئۆز ۋاقتىدا پارىس بىلەن ئېلىشقان، ئۇلۇغ ھېكتورنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يېڭىلمەس بۇتېسنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغاند-ى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ، كۈچلۈك گۆرەنلىرىنى نامايان قىلدى، ئىككى بىلىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئوڭ - سولغا ھۇجۇم قىلدى، ھاۋاغا قارىتىپ جىددىي مۇشت ئاتتى. مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ساراسىمە ئارىلاش تەئەججۇپ نەزىرى بۇ غەيۇر پالۋانغا تىكىلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىششقا جۈرئەت قىلد-ىغان بىرمۇ كىشى چىقمىدى. يېشىل ئوت - چۆپلەر مەخمەلدەك جۇلالىنىپ تۇرغان كىچىكرەك دۆڭدە ئولتۇرغان ئاكېستېس يې-نىدا ئولتۇرغان ئېنتېرۇسنى قاتتىق ئەيىبلەپ تىللاپ كەتتى:

— ھەي ئېنتېرۇس —، سەن بىر مەھەل دەۋر سۈرگەند-ىڭ. ئەمدى باشقىلارنىڭ قىلچە كۈچىمەيلا ئىنئامنى ئېلىپ كېتىشىگە جىممىدە قاراپ ئولتۇرامسەن؟ بۇنداق قىلساڭ بوكس ئۇستازىڭ ئېلىكىسكە قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟ پۈتۈن سىسىلىيىنى تاڭ قالدۇرغان نام - ئابرۇيۇڭغا، ئۆيۈڭدە ئېسىقلىق غەنىيمەت-لەرگە قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارايسەن؟

ئېنتېرۇس ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— شاھىم، شان ـ شەرەپكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىم
ۋە شان ـ شۆھرەت تۇيغۇم پەسەيگىنى يوق، بۇ نەرسە مەڭگۈ
قورقۇنچاقلىققا ئورۇن بەرمەيدۇ. مەن دېگەن تەڭداشسىز پالۋان
ئېلىكىسنىڭ شاگىرتى. كۆردىڭىزمۇ، مانا بۇ كۆزى ئۆتكۈر،
مۇشتى ئىتتىك ئېلىكىس مۇسابىقىدە كىيىدىغان پەلەي، بۇ پەلەي
يوغان يەتتە كالىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن، ئىچىگە قاتتىق قو-
غۇشۇن بىلەن تۆمۈر توشقۇزۇلغان. ئېلىكىس كۈچلۈك بىلەكلى-
رىگە مانا مۇشۇ پۇختا تېرىنى ئورىۋالاتتى. ھەي، ترويالىقلارنىڭ
ھۆرمەتلىك داھىيسى ئانېئاس، ئىلگىرى ئاكاڭ ئېلىكىس قال-
تىس پالۋان ھېكۇلېسقا مانا مۇشۇ پەلەينى كىيىپ تاقابىل تۇر-
غان. بۇ پەلەيدە قان داغلىرى ۋە مېڭە قېتىقلىرىنىڭ دېغى بار.
رەھىمسىز يىللار چېكىلىرىمنى ئاق چاچلار بىلەن بېزىگەن



بولسىمۇ، مەن يەنىلا بۇ كىشى ئېلان قىلغان جەڭنى قوبۇل قىلمەن.

ئېنتېرۇس ئېغىر پەلەينى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى. ئاجايىپ يوغان پەلەينى كۆرۈپ دالىپسنىڭمۇ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى، ئۇ بىرلا سەكرەپ جايىدىن قوزغالدى - دە، بۇ غايەت يوغان پەلەيگە قاراپ قوللىرىنى شىلتىدى.

ئانىئاس ئېغىرلىقى ئوخشاش ئىككى پەلەينى ئەكەلدۈرۈپ، خۇددى قورال تۇتقۇزغاندەك ئىككىيلەننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. دالىپس بىلەن ئېنتېرۇس ئۆز ئورنىغا بېرىپ، تېز - تېز سەكرىدى، قوللىرىنى ئاسمانغا سوزدى، ئۇلارنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇراتتى، چىرايىدا كۈچلۈك خىرىس ئىپادىلىنەتتى. دالىپس ياش، پۇت - قوللىرى چاققانىدى. ئېنتېرۇسنىڭ پۇت - قوللىرى كۈچلۈك، بەستى يوغانىدى. ھەر ئىككىسى بارغانچە قىزىپ، قارشى تەرەپكە ئەجەللىك زەربە بېرىشكە تىرىشاتتى. شىددەت بىلەن ئېتىلغان مۇشتلار قارشى تەرەپنىڭ كۆز، بەل، كۆكرىكىگە يامغۇردەك تاراسلاپ تېگەتتى، تۇرۇپلا گويا چاقماقتەك قۇلاق، چېكە - پېشانە تۈۋىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. «قاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېنتېرۇسنىڭ ياڭاق سۆڭىكى ئاجراپ كەتتى. ئۇ يوغان بەستىنى تەڭشەپ مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى. كۆزلىرى قارشى تەرەپكە مىختەك تىكىلدى. دالىپس بولسا ھەيۋەتلىك يوغان قەلئەگە ھۇجۇم قىلغان، تولۇق قوراللىنىپ دۈشمەن بارگاھىنى قورشاۋغا ئالغان سانغۇنغا ئوخشاش، ھېلى بۇ نۇقتىغا، ھېلى ئۇ نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ باقاتتى، پۈتۈن يەر شارائىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل ئۇسۇلدا ھۇجۇم قىلاتتى. ئېنتېرۇس قارشى تەرەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاقان دالىپس ئۇنىڭ ئېغىر مۇشتىدىن شاققىدە ئۆزىنى ئەپقىچىۋىدى، ئېنتېرۇس بەستلىك، ئېغىر بولغاچقا، بەئەينى ئىدىي تېغىدىكى ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان قارىغاي يىلتى-

زىدىن قومۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنگە ئوخشاش يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى. تروياللىقلار بىلەن سىسلىيىلىك يىگىتلەر سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ غەيرەت قىلىڭلار، دەپ توۋلىدى. بىرىنچى بولۇپ ئاكېستېس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بېرىپ ياشانغان دوستىنى كۆيۈمچانلىق بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزدى. يىقىلغان قېرى قەھرىمان بولسا قورقماستىن ۋە بوشاشماستىن يەنىمۇ زور غەيرەت بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ئەلەملىك غەزەپ ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە كۈچ ئاتا قىلدى. شان ـ شۆھرەت ۋە ئىشەنچ ۋۇجۇدىدا جاسارەت ئۇرغۇتتى. ئۈچتەك ئاقارغان چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇ قوغلاپ بېرىپ، كۈچلەنگەن قوللىرى بىلەن دالېسقا شىددەت بىلەن ئوڭ ـ سولدىن مۇشت ئاتتى. دالېس ئېڭىشىپلا قاچتى. ئەمما بۇ قەھرىماننىڭ تۆمۈردەك مۇشتلىرى ئۇنىڭغا نەپسىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن، گويا قاتتىق ياغقان مۆلدۈر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تاراسلاپ چۈشكەندەك ئۈزۈلمەستىن دالېسقا تەگدى. دالېس ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى.

ئانېئاس بۇ شەپقەتسىز جەڭنى ۋاقتىدا توختىتىپ، يېڭىلگەن دالېسنى قۇتقۇزۇۋالدى. بۇ بىچارە يىگىت ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭدى. ساڭگىلاپ قالغان بېشى ئىككى ياققا گىلدىڭلايتتى، تۈكۈرگەندى، ئاغزىدىن قانغا ئارىلىشىپ تۆكۈلگەن چىشلىرى يەرگە چۈشتى.

غالىب ئېنتېرۇسنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئالغان ئىنئامغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. توساتتىن ئۇ قولىدىكى ئېغىر پەلەينى سىلىۋېتىپ، كالىنىڭ پېشانىسىنى چەنلەپ كۈچەپ بىر مۇشت ئېتىۋىدى، كالىنىڭ پېشانىسى يېرىلىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چۇۋۇلۇپ چىقتى. بىچارە ھايۋان جان تالىشىپ تارتىشتى. ئېنتېرۇس بۇ كالىنى ئىلىكسكە ئاتاپ نەزىر قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بوكس پەلىيىنى ۋە بوكس ماھارىتىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى.

بوكس مۇسابىقىسى تۇگىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك يەنە پۇختا ماھارەت ۋە ئىنچىكە گۇمپا تەلەپ قىلىنىدىغان ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ئاخىرىدا ئاتلىقلار بەيگىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەشھۇر ئاتلىق لەشكەرلەر ئەترىتى «ترويا چاسا سېپى» تروياللىقلارنىڭ تەڭداشسىز جەڭ ماھارىتى سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى. قەھرىمانلارنىڭ ھۇررا سادالىرى ۋە باركاللا ئېيتىشلىرى ئۇلارنىڭ يېڭى زېمىن ئېچىش، قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەشتەك ئۇلۇغۋار جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەلەم ماھارىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىدىن مەغرۇرلاندى، ئەپسۇسكى، ئەجەللىك زەربىنىڭ ئۆزلىرىگە كەينىدىن ئاستا، تۈيدۇرماستىن، يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى...



## ئون بەشىنچى قىسسە

# يۇنونىڭ ھىيلە - مىكرىسى

ئانېئاسنىڭ مۇقەددەس ئاتىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. كىشىلەر باتۇرلۇق، ئىشەنچ، كۈچ - قۇدرەتنىڭ شادلىقىغا چۆمدى. ھالبۇكى، ئەرىشتىكى ئەھۋال زېمىندىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. يۈرىكىدىكى كونا ئۆچمەنلىك ئوتلىرى تېخى ئۆچمىگەن يۇنو قىساس ئېلىشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. تروياللىقلار ئانكىسېسنىڭ قەبرىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتە، يۇنو ئەرىشتىن ھەسەن - ھۈسەن ئىلاھەسى ئىرىسنى زېمىنغا ئەۋەتتى. ئىرىس يۇنونىڭ ئوڭ شامال چىقىرىپ بېرىشى بىلەن، رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن يولى بىلەن ئۈن - تىنسىز تېز سۈرئەتتە ماڭدى.

ئۇ شاد - خۇرام كىشىلەر توپىدىن ئۆتۈپ، دېڭىز بويلىرىدىن، پورتتىن ئۆتتى، يىراق جايدىكى بىر پىنھان دېڭىز بويىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئانكىسقا ماتەم تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان بىر توپ ئايالنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىپايان دېڭىزغا تىكىلگەنىدى. ئۇلار بۇرۇنقى يۇرت - ماكانلىرىنى ئەسلەپ سېغىنىپ ئولتۇراتتى. ھەي، ئۇلار شۇنچىلىك ھېرىپ چارچىغان! ئۇلار يەنە قانچىلىك بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە دېڭىز سەپىرى قىلغاندا، ئاندىن ئىلاھ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان «غەربىي دىيار»غا يېتىپ بارار - ھە؟ دېڭىز سەپىرى ئۇلارنى جاق تويغۇ-

زۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار تىنچ - باياشات شەھەر، ئاق بۇلۇتتەك قوي - قوزىلار، ئىللىق ئائىلىسىنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - ھە! ھىيلە - مىكرىسى تولا ئىرېس ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى - دە، ئىلاھە قىياپىتى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يۇنانلىق ئايال بىرۇئېنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، تروياليق ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاندىن بۇ ئاجىزەلەرنى ئازدۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەي بىچارىلەر -، شور پېشانە تروياليقلار، تەقدىر جېنىڭلارنى ساقلاپ قالغىنى بىلەن، سىلەرنى قانداق گۇمران قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. سىلەر يەتتە يىلدىن بېرى دېڭىزلاردا ئۈزۈپ يۈردۈڭلار، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە باردىڭلار، سىلەرنى سىغدۇرمىغان نۇرغۇن ئاراللاردىن، قىيالاردىن ئۆتتۈڭلار، ھەر تۈرلۈك يامان ھاۋا كىلىماتىغا يولۇقتۇڭلار. بىپايان دېڭىزلاردا دەھشەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ شۇنچە مۇشەققەت چېكىشىڭلار پەقەت تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان ئىتالىيىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈنلىغۇ - ھە؟ ۋاي ئاجىزەلەر، ئەجەبا زەنتۇس دەرياسىغا كۆڭلۈڭلار چۈشمىدىمۇ، بۇ دوستانە دۆلەتتە ماكانلاشقىڭلار يوقمۇ؟ سىلەر جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ، مەشەدە تۇتقىلى، كۆرگىلى، ماكانلاشقىلى بولىدىغان تروياني بەرپا قىلساڭلار بولىدىغۇ؟ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن بىلەن بېرىپ ئاۋۇ كېمىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. بۇ يەردە دېڭىز ئىلاھى نېپتونۇسنىڭ تۆت مېھرابى بار. ئىلاھلار بىزگە ئوتنى ئۆزلىرى يېقىپ بېرىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى باتۇرلۇقنىڭ مەنبەسى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، بىرىنچى بولۇپ بالا - قازا ياغدۇرىدىغان مەشئەلنى ياندۇردى - دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار كۈچى بىلەن كېمىلەرگە قارىتىپ ئاتتى. ئىرېسنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى پىرگې موماي تونۇپ بىلىۋالدى، ئەمما مۇشەققەتلىك سەپەر ھارغىنلىقى بۇ مومىنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرۇپ قويىدى. ئاياللار



ئىرىسنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي كىمىلەرگە غەزەپلىك نەزەردە تىكىلىپ تۇرۇپلا قىلىشتى. ئىرىس قاناتلىرىنى كىرىپ ئاسمانغا چىقىپ غايەت يوغان ۋە رەڭلىرى ئېنىق ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا قىلدى. بۇ مەنزىرە ئاياللارنى ھاياجانغا سېلىپ، ئەسەبىيلىكىنى قوزغاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ ئۆيلىرىدىن، مېھراپتىن ئوتلارنى ئېلىپ كې-

لىدىپ شاخ - شومبا، ئوت - چۆپ ۋە مەشئەللەرنى كېمى-
لەرگە ئاتتى. ئاتەش ئىلاھى فوركان رەڭلىك نەقىش بىلەن
شەمشاد ياغىچىدا ياسالغان كېمىنىڭ ئۈستىدە، شىرە - ئورۇن-
دۇقلار ئارىسىدا، پالاقلار ئارىسىدا گويا چۇلغۇۋېرىدىن ئاجراپ
چىققان توسۇن ئات كەبى چېپىپ يۈرۈپ بىلگىنىنى قىلىپ پۇخا-
دىن چىقتى.

كېمىلەرنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ماھارەت
كۆرسىتىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. كىشىلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈ-
لۈۋاتقان قويۇق ئىس - تۈتەكنى كۆردى. ئانېئاس تروياللىقلارنى
ئېلىپ دەرھال دېڭىز بويىغا چاپتى. ئايالالار بولسا قورقۇپ كې-
تىپ تەرەپ - تەرەپكە قاقىچىشتى. ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرىدە
ئۆزگىرىش بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى. يۇنو-
نىڭ كۈچ - ھەيۋىسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپ كەتتى.

بىراق ئوت ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھەيۋىسىنى يوقاتمىدى. نەم
كېمە پالۇبىسى ئاستىدىكى يوچۇقلارغا تىقىلغان كەندىر يىپلار
تۇتۇن قويۇق ئىس چىقىرىپ، ئىسسىق ھاۋا ئاستا - ئاستا كېمە
ئاستىدىكى شاللارنى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى. ئوت ۋابا ئىلاھىغا ئوخ-
شاش پۈتۈن كېمىگە تۇتۇشۇپ ھەدەپ كۆيۈۋاتاتتى. قەھرىمانلار-
نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن دېڭىز سۈيى گويا دەريا سۈيى تاشقاندەك
كېمىگە كىرىپ تۇرسىمۇ، بۇ كۈچلۈك ئوتنى ئۆچۈرەلمەيۋاتاتتى.
كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ پۇچىلىنىۋاتقاندەك
قاتتىق ئازابلانغان ئانېئاس شارت قىلىپ كىيىمىنى مۈرىسىدىن
چۆشۈرۈپ گۆرەنلىرىنى ئاچتى - دە، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
ئاسمانغا قاراپ ھەممىگە قادىر يۇنودىن ئۆزلىرىنى ئوت ئاپىتىدىن
قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى
تۈگە - تۈگىمەستىنلا، قارا بوران گۈركىرەپ چىقىپ چېلەكلەپ
قۇيغاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دەھشەتلىك گۈلدۈر-
ماما گۈلدۈرلەپ يەر - ئاسماننى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. يامغۇر

سۇيى كېمىلەرگە تولۇپ، ئاخىرقى ئىس - تۈتەكمۇ جۇدۇن - چاپقۇندا يوقالدى.

بۇ ئېغىر زەربە ئانىئاسقا ئۇنى گويا ئاسماندىن يەرگە ئېتىد- ۋەتكەندەك تەسىر قىلدى، يۈرىكىنى تەرەپ - تەرەپتىن سانجىل- غان خەنجەر توختىماي قوچۇغاندەك چەكسىز ئازابلاندى. ئۇ گەپ ئاڭلاپ، سەرگەردان بولۇشنى خالىمىغان كىشىلەرنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ قويدى.

قۇياش ئاسمان قەرىدە كائىناتقا خۇش تەبەسسۇم قىلدى، دېڭىز تىنجىپ، مەيىن شامال كىشىلەرنى دېڭىزغا چاقىراتتى. تروپالىقلار يولغا چىقتى. غەۋۋاسلارنىڭ بەس - بەستە پالاق ئۇرۇشى بىلەن كېمىلەر گويا چايكىلاردەك يېنىك ئىلگىرىلىدى. ۋېناسنىڭ ئىلتىماسى بىلەن دېڭىز ئىلاھى نېپتۇنۇس ئالتۇن ئىگەرلىك ئاتنى قوشۇپ، يۇگەننى ئاتنىڭ كۆپۈك قايناپ تۇرغان ئاغزىغا سېلىپ، چۇلۇۋۇرنى بوش قويۇۋېتىپ دېڭىز سۇيىدەك كۆك زۇمرەت رەڭلىك ئىلاھىي هارۋىسىغا چىقتى - دە، دېڭىز يۈزىدىن ئاستا ئۇچۇپ ئۆتتى. چاقنىڭ گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازى ئاڭلانغانلىكى يەردە دېڭىز سۇيى تىنچلىنىپ، شامال توختاپ، بۇلۇتلار تارقىلىپ، ئاجايىپ سۈزۈك ئاسمان نامايان بولدى. ئۇنىڭ مۇلازىملىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېڭىز پېشۋاسى گلاۋكۇسنىڭ بىر تۇركۇم قېرى مۇلازىملىرى، دېڭىز مالائىكىسى ئىنونىڭ ئوغلى پالەيمون، بىر توپ ئۇچقۇر «ئادەم- بېلىق» تېرىتون، دېڭىز مالائىكىسى فوركۇسنىڭ بارلىق ئادەم- لىرى ھەمدە دېڭىز مالائىكىسى ئېچىن ۋە بىر توپ گۈزەل دېڭىز پەرىلىرى بار ئىدى.

بۇ ھال ئانىئاسنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز شېرىن شادلىققا چۆمدۈردى. ئىلاھلارنىڭ قوغدىشى بىلەن ئۇنىڭ كېمىلىرى ئو- ڭۇشلۇق ھالدا يۈرۈش قىلىۋاتاتتى. ئاستا - ئاستا شەبنەملىك قاراڭغۇ كېچە يېتىپ كەلدى.

غەۋۋاسلار ھارغان - تالغان پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. كېمىنى پالىنۇرۇسلا باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇيقۇ ئىلاھى يۇلتۇزلار شوخ كۆز چىمىلدىتىپ تۇرغان ئاسمان ئوردىسىدىن يېنىك ئۇچۇپ چۈشۈپ، كېچە ئاسمىنىدىن يول ئېچىپ، قاراڭغۇلۇق، كۆلەڭگىلەرنى تارقىتىپ پالىنۇرۇسنى تاپتى. ئۇ ئۇنتۇش بۇلىقىنىڭ سۈيى ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان بوتىقىغا چىلانغان شاخنى پالىنۇرۇسنىڭ ئىككى چېكىسىگە تەگكۈزگەندى، شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ ئاستا - ئاستا يۇمۇلدى. دەم ئالغۇسى يوق بولسىمۇ، پۇت - قوللىرى بوشاپ كەتتى. ئۇيقۇ ئىلاھى دەرھال زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ بۇ بىگۇناھ بىچارىنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋەتتى. پالىنۇرۇس دېڭىزغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. قولىدا بولسا پالاقىنىڭ سېپى ۋە كېمىنىڭ ئۇشتۇلغان بىر پارچە ياغىچى قالدى. بۇ ساداقەتمەن، ئەمما بەختسىز ئادەم تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئۆز جېنى بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. كېمە دېڭىزدا ئامان - ئېسەن يۈرۈۋەردى. ئۇيقۇ ئىلاھى بولسا سۈزۈك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

ئون ئالتىنچى قىسسە

# باقىي ئالەمنىڭ ئىشىكىنى قېقىش

ئانېئاس رولچىسىدىن ئايرىلغان كېمىنىڭ دېڭىزدا ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، دوستىنىڭ بەختسىزلىكىگە ناھايىتى قايغۇردى. رولىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا چۆلۋۈردىن ئايرىلغان توسۇن ئاتتەك چېپىۋاتقان كېمىنى ھەيدەپ مېڭىپ، ئاخىر ئوپويالىقلار ئىلكىدىكى كوماي دېڭىزى قىرغىقىغا يېقىنلاشتى.

كېمىلەر دېڭىز قىرغىقىدا رەڭدار پۆپۈكلەردەك يېيىلدى. ياشلارنىڭ بەزىلىرى ئوت ساقلىيالايدىغان چاقماق تېشى ئىزدەپ ماڭدى، بەزىلىرى ھايۋانلار كۆپ بولىدىغان قويۇق ئورمانلىقىقا، يەنە بەزىلىرى بولسا ھاياتلىقىقا جان ئاتا قىلىدىغان سۇ ئىزدەپ كەتتى. ساداقەتمەن ئانېئاسنىڭ تىلىكى باشقا بولۇپ، ئۇ ئاپوللو تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ئېگىز قەلئە، قورقۇنچلۇق سىبىرنىڭ مەخپىي خانىسىنى ئىزدەپ تاپماقچىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھەممىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ئاپوللو نۇرغۇن مۇھىم مەقسەت ـ مۇددىئا ۋە تەڭرىنىڭ ئەمرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويالايتتى.

ئالدىن بىلگۈچى ھۆكۈما ئىلاھە سىبىر كۇماي قىيالىرىدىكى بىر غاردا تۇراتتى. بۇ ناھايىتى پىنھان، ئاجايىپ چوڭ ئوردىدا يوغان بىر غار بار بولۇپ، ناھايىتى كەڭ يۈز تۈنىلى ۋە بىر ـ بىرىگە كېسىشىپ كەتكەن يۈز چىقىش ئېغىزى بار ئىدى. سىبىرنىڭ ئاۋازى يۈز تارماققا بۆلۈنۈپ غاردىن سىرتقا ئاڭلىناتتى.

شۇ تاپتا ئۇ غارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. توساتتىن ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، چاچلىرى يېيىلدى، يۈرىكى تېز چېپىۋاتقان توشقاننىڭكىدەك گۈپۈلدەپ تېز سوقۇپ، كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈ-لۈپ، بىر چۈشۈشكە باشلىدى. تېنىمۇ يوغىناپ كەتتى. قەلبى ئىلاھىي كۈچكە تولدى. چۈنكى، تەڭرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانىدى. غارنىڭ يۈز ئىشىكى بىرلا ۋاقىتتا ئېچىلىپ، ھۆكۈمانىڭ بېشارە-تى ھاۋا ئارقىلىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي ئەرش ئىلاھىنىڭ پۇشتى، دېڭىزدا مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتنى كۆرگەن ئانېئاس، تروياننىڭ باتۇر داھىيسى، سىلەر تروياللقلار لاۋىنىئۇم زېمىنىغا يېتىپ بارىسىلەر ھەمدە تەڭرى ۋەدە قىلغان شەھەرنى بەرپا قىلىسىلەر. ئەمما، سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا يەنىمۇ زور مۇشەققەت كۈتۈپ تۇرماقتا. يەنى سىلەر دەھشەتلىك



ئۇرۇشقا يولۇقسىلەر، قانلىرىڭلار دىب دەرياسىنىڭ سۈيىنى بوياپ قىپقىزىل قىلىۋېتىدۇ. ئۇ يەردە يەنە سىمئىس دەرياسى، زانتۇس دەرياسى ۋە يۇنانلىقلارنىڭ بارگاھلىرى بار. لاتىئومنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يەنە بىر باتۇر، جاسارەتلىك ئاكىللېس دۇنياغا كەلدى. ترويالىقلارغا قاتتىق ئۆچ يۇنو يەنىلا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. سېنىڭ بولسا ھېچ نەرسەڭ يوق. سەن ئىتالىيىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بارسەن ۋە گادايلار سەدىقە تىلىگەنگە ئوخشاش ياردەم تىلەيسەن. سەن يەنە باشقا جەمەتتىن بىر خوتۇن ئالىسەن. بۇ نىكاھىڭ ترويالىقلارغا ئاجايىپ پاجىئەلىك ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

سىبىر گويا ئۆزى بىر توسۇن ئاتتەك ئاپوللو چۇلۇۋۇرىنى توختىماي سىلكىتىۋاتقاندەك، يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلىۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئەسەبىيلىكى ناھايىتى ئۆزۈن ۋاقىتتا بېسىلدى. ئانېئاس ئۇ ئايال بېشارەت بەرگۈچىگە ئالمان - تالمان قەلبىدىكىنى ئىزھار قىلدى:

— ئاھ ئىلاھە، مەن كۆرمىگەن قىيىن كۈنلەر، تارتمىغان جاپا - مۇشەققەتلەر قالمىدى، ھەممىگە چىدىدىم. يەتتە يىللىق سەرگۈزەشتىم، يەتتە يىللىق رىيازەتلىرىم مېنى ئىدىيە جەھەتتە خېلى پىشۇردى. بارلىق ئىشلارنى كۆڭلۈمدە ئويلايدىغان، نەزەردە تۇتىدىغان بولدۇم. ھەي مېھرىبان ئىلاھە، بېشارەت بەرگۈچى، ئاڭلىسام ئۇ ئالەم شاھىنىڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى ۋە ئاكېلون دەرياسى قۇيۇلىدىغان قاراڭغۇ چوڭ سازلىق مەشەدە ئىكەن. ماڭا يولنى كۆرسىتىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىڭىز، قەدىردان دادامنى بىر كۆرۈۋالسام. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى يۈدۈپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن، سانسىزلىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئوق يامغۇرى ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدىم. ئۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ دېڭىز - ئوكيانلار ۋە تۈرلۈك ھاۋا كىلىماتى-

نىڭ تەھدىتلىرىنى باشتىن كەچۈردى، ئاجايىپ مۈشەققەتلىك سەپەردە كۆپ رىيازەت چەكتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بىچارە ياشنىپ قالغانلىقى، تېنى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈگىمەس ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى تېپىشىمنى، سىزدىن مەدەت تىلىشىمنى ماڭا ئۇ بۇيرۇق قىلغان، مەندىن سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈنگەن. شۇڭا، ئىككى ئالەمدە ياشاۋاتقان بىز ئاتا - بالىغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

— ھەي، ئەرش ئىلاھىنىڭ پۇشتى ۋە ئەۋلادى، ئانكىسېس-نىڭ ئوغلى. ئاۋېرنۇسقا چۈشۈش بەك ئوڭاي، چۈنكى قاراڭغۇ ئۇ ئالەمنىڭ رەھىمسىز دەرۋازىلىرى ئۇلۇغ ئوچۇق. ئەمما، ئۇ يەردىن پانىي ئالەمگە قايتىپ چىقىش ئىنتايىن مۈشكۈل. ئىلاھلا-رنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەقەت ئادىل يۇپىتېر ئامراقلىق قىلىپ ئەتى-ۋارلايدىغان، ئۆزلىرىمۇ تەڭداشسىز باتۇر، ئەقىللىق ئاز بىر قىسىملا ئۇ يەردىن قايتىپ چىقالايدۇ. ھەي، ئىلاھنىڭ ئوغلى، ناۋادا بۇ ئەخمەقلىقنى قىلىشقا بەك خۇشتار بولساڭ، ئۇ ھالدا مۇنداق ئۈچ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭ كېرەك. بىرىنچى، شاخ - يوپۇرماقلىرى قويۇق، باراقسان بىر دەرەخنىڭ بىر شېخى ئالتۇن بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئالتۇن شاخ ئۇ ئالەم خانىشى پروسېرپىنانىڭ مۇقەددەس نەرسىسى ئىكەن. ئۇنى كۆلەڭگىلەر يېپىپ تۇرىدىكەن، پۈتكۈل ئورمان ئۇنى قوغدايدىكەن. كىمكى ئۇ ئالەمنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىرمەكچى بولسا، بۇ ئالتۇن شاخنى ئېلىپ ساھىبجامال پروسېرپىناغا تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىكەن. سەن شۇ ئورمانلىققا بېرىپ ئۇ دەرەخنى ئىزدەپ تېپىپ، شۇ شاخنى قولۇڭغا چۈشۈرگىن. ناۋادا تەقدىر ساڭا خەيرىخاھلىق قىلسا، بۇ ئاتۇن شاخ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوينۇڭغا كىرىدۇ. ئەگەر تەقدىر رۇخسەت قىلمىسا، سەن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلساڭمۇ، قانچىلىك چارە - ئامال قىلساڭمۇ ئۇنى قولۇڭغا چۈشۈرەلمەيسەن. ئىككىنچى، سەن تېخى بىلمەيسەن، سەن ئى-



شىكىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ مېنىڭدىن
بېشارەت تەلەپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، يەنە بىر دوستۇڭ ئۆلۈپ
كەتتى. جەسىتى تېخى يەرلىكىگە قويۇلمىدى. بۇ ئىش بارلىق
كېمە ئەترىتىڭگە داغ چۈشۈردى. شۇڭا، سەن بىر جاي تېپىپ
ئۇنى دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇز. ئەڭ ئاخىرقى
بىر ئىش، قارا قويدىن بىرنى سويۇپ، تۇنجى قېتىملىق گۇنا-
هىڭنى يۇيۇش ئۈچۈن تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلغىن. مانا مۇشۇ
ئۈچ ئىشنى ئورۇندىساڭ، ئاندىن ستىكسنىڭ ئورمانلىرى ۋە
هايات ئادەمنىڭ قەدىمى ئاسانلىقچە يەتمەيدىغان زېمىننى كۆرەلەي-
سەن.
بېشارەت بەرگۈچى ئىلاھەنىڭ ياڭراق ئاۋازى غاردا ئەكس
سادا قايتۇردى، ئاندىن جىمىپ هەممە يەر تىمتاسلىقتا چۆمدى.
ئانېئاس ساھىلغا قايتىپ بېرىپ، بەختسىز مىسېنۇسنىڭ
جەسىتىنى كۆردى. بۇ بىچارە ئەسلىي ئىچى كاۋاك دېڭىز قۇلۇل-
سىنى بۇرغا قىلىپ چېلىپ پۈتكۈل دېڭىزنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ.
دېڭىز ئىلاھى تىرتون ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىغا هەسەت قىلىپ،
ئۇنى قىساڭنىڭ يوچۇقلىرى ئارىسىغا قىسىپ، كۆپۈكلەشكەن
دولقۇنلىرى بىلەن ئۇرۇپ جېنىنى ئاپتۇ. ئانېئاس ئۆلۈپ كەتكەن
دوستى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلاپ ياش تۆكتى. ئاندىن ئۇنى
چوققىسى پەلەككە تاقاشقان ئېگىز بىر تاغ باغرىغا دەپنە قىلدى.
ئانېئاس قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قويۇق قەدىمي ئورمانلىقتا
كىرىپ پروسېرپىناغا تەقدىم قىلىدىغان ئالتۇن شاخنى ئىزدەشكە
كىرىشتى. ئىلاھە ۋېناس ئانېئاسنى سېسىق پۇرايدىغان ئاۋېرنۇس-
نىڭ كىرىش ئېغىزىغا باشلاپ بېرىشقا ئۆزىنىڭ قۇشىنى ئەۋەت-
تى. ئىككى خىل شېخى بار بىر دەرەختىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ
نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئانېئاس ئۇ دەرەخنىڭ ئالتۇن شېخىنى
ئۈزۈۋالدى ـ دە، بېشارەت بەرگۈچى سىبىرنىڭ ئىبادەتخانىسىغا
ئاپاردى.

بېشارەت بەرگوچى يوغان توت موزاينى غارنىڭ چوڭ بىر ئېغىزىغا ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلىدى. ئاندىن قۇربانلىق كاللار-نىڭ پېشانىسىگە هاراق چاچتى. ئۇلارنىڭ ئىككى مۈڭگۈ-زى ئوتتۇرىسىدىن ئەڭ ئۇزۇن موينىرىنى يۇلۇۋېلىپ، مۇقەد-دەس ئوتقا تاشلاپ نەزىر قىلدى. ئانىدىن ئۈچ ئاچا - سىڭىل قىساس ئىلاھەلىرىنىڭ ئانىسى — كېچە ئىلاھەسى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاچا - سىڭىلىسى بولغان زېمىن ئىلاھەلىرىگە ئاتاپ ئۆزىنىڭ خەنجىرى بىلەن بىر قارا قوينى سويۇپ نەزىر قىلدى. ئاندىن پروسېرپىناغا ئاتاپ تۇغماس كالىدىن بىرىنى نەزىر قىلدى.

## ئون يەتتىنچى قىسسە

# ئەڭ زۇلمەت دۇنيا

بېشارەت بەرگۈچى ئايال بىلەن ئانپئاس بۇ ئىشلارنى تۈگەتـ-
كەندىن كېيىن، تىمتاس تۈن قاراڭغۇلۇقىدا خىرە - شىرە كۆ-
لەڭگىلەردىن ئۆتۈپ يۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار گويا يۇپىتېر تۈن
پەردىسى يېپىلغان ئاسماندا ئاينىڭ بېخىللىق بىلەن چاچقان خىرە
نۇرىدا يول يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۇ ئالەم ئىلاھى دىسنىڭ قۇپقۇ-
رۇق قەسرى ۋە هاياتلىقتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان زېمىندىن
ئۆتتى. ئۇ ئالەمگە كىرىدىغان جايدا نۇرغۇنلىغان مۇدھىش ۋە
بىگۇناھ جانلارنىڭ جىنلىرى بار بولۇپ، «قايغۇ - ھەسرەت»
بىلەن «دەرد - ئەلەم» مەشەدىن ماكان تۇتقان؛ زەپىران چىراي
«كېسەللىك»، زەئىپ، مىسكىن «قېرىلىق»، قورقۇنچلۇق
«ۋەھىمە»، بەكـﯘاش، كـۆكـەمـە «ئـاچـلـىـق»، بـەتـبـ-
ـەشـىـرە «نامىلىق»، «ئۆلۈم - يېتىم» ۋە «ئازاب» مۇ مەشەدىن
جاي ئالغان؛ «ئۆلۈم - يېتىم» نىڭ بىر جەمەت ئاچا - سىڭىللىـ-
ـرىدىن «ئۇيقۇ» بەدنىيەت «ئويۇن - تاماشا» غا يېقىن تۇراتتى.
«ئۆلۈم» نى چىللايدىغان «ئۇرۇش» بولسا ئىشىككە يۆلىنىپ تۇ-
راتتى. ئەسەبىيلەشكەن «ئارازلىق» نى يىلان قانغا مىلەنگەن تاسما
بىلەن باغلىۋالغانىدى.

قورۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا غوللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن،
شاخ - يوپۇرماقلىرى قويۇق، ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ قارىياغاچ
دەرىخى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان «خىيالى مەنزىرە - چۈشلەر» لەر



بۇ دەرەخكە ماكانلىشىۋالغانىدى. بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك غەلىتە مەخلۇقلار بار ئىدى، دەرۋازىنىڭ ئىچىدە بىر توپ يېرىمى ئادەم، يېرىمى ئات كېنتاۋرلار، ئالتە باشلىق، ئون ئىككى پۇتلۇق سىكۇللا، يۈز قوللۇق گىگانت ئادەم بىرىئارېئوس، كۆشۈلداپ تۇرغان توققۇز باشلىق ئەجدىھا لېرنېي، ئوت پۈركۈيدىغان ئايال جادۇگەر چىمايرا، بىرقانچە گورگان، ئالۋاستى خارپىئى ۋە ئۈچ تەنلىك، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇق گىرۇئونلار ئارام ئېلىۋاتاتتى.

ئانېئاس سىبىر بىلەن بىرلىكتە ستىكسنىڭ سىرلىق كېچىد-كىگە كەلدى. تارتالوسقا ئېقىپ بارىدىغان ئاكېلون دەرياسى مە-شەدە بولۇپ، دەريا ئەخلەت، چاۋا، لاي - لاتقىلارنى قاينىتىپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ بولمايتتى. كېمىچى كالوننىڭ كىيىملىرى جۇلدۇر - جۇلدۇر، قويۇق كۈل رەڭ ساقال - بۇرۇتلىرى سالپاراپ كەتكەن، ئوت چاچراۋاتقاندەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۇس بەرگەنىدى. بۇ بوۋاي ھەددى - ھېسابسىز ئەرۋاھلارنى كېچە - كۈندۈز دېمەستىن دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزەتتى. توپ - توپ ئەرۋاھلار كەلكۈن كەبى دەريا ساھىلىغا ئاقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئانىلار، قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەر، شىجائەت - جاسارىتىنى نامايان قىلىپ بولماستىنلا ھاياتىدىن ئايرىلغان قەھرىمانلار، با-تۇرلار... بار ئىدى. ئەرۋاھلار دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ تەلمۈرگەن ھالدا قوللىرىنى قارشى قىرغاققا سوزاتتى. ئەمما شەپقەتسىز كېمىچى بىرنەچچىسىنىلا كېمىگە چىقىراتتى، يەنە بىر قىسىم ئەرۋاھلارنى ھەتتا دەريا ساھىلىغىمۇ دەسسەتمەيتتى. ئانې-ئاس بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ پەرىشان بولدى ۋە چۈشىنەلمەي گاڭ-گىراپ قالدى. ياشانغان ئايال بېشارەت بەرگۈچى ئۇنىڭغا چۈشەند-ۈردى:

— ھەي، ئانكىسېسنىڭ ئوغلى -، كۆز ئالدىڭدىكىسى ئا-

مالسىزلىق دەرياسى كوچتوس بىلەن ستىكىس نامىلىق سازلىق.
بۇلار شۈنچىلىك قۇدرەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقكى، ئىلاھمۇ ئۇنى
تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ، ۋەدە بېرىشكىمۇ
جۈرئەت قىلالمايدۇ. سەن كۆرگەن بۇ ئەرۋاھلار هاياتىدىن ئاي-
رىلغاندا دەپنە قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەنلەر. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى
تىنچ ياتىدىغان ماكانغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، بۇ قورقۇنچلۇق دەريا
ساھىلى ۋە شىددەتلىك دولقۇنلاردىن ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلار دەريا
ساھىلى ئەتراپىدا يۈز يىل چۆرگىلەپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن
ئۇلارنىڭ تەلمۈرگەن دەريا بويىغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.
ئانېئاس بۇ شور پېشانە ئەرۋاھلارغا قاراپ ھەسرەت چەكتى.
ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى، دېڭىزغا دەپنە قىلىنغان لۇكاسپىس،
ئورانتېس، پالىنۇرۇسلارنى كۆردى. قايغۇ - ئېچىنىشتىن ئانې-
ئاسنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولدى.
سىبىر قويىنغا سېلىۋالغان ئالتۇن شاخنى چىقىرىۋىدى،
كالوننىڭ تېشىشىقا تەييار تۇرغان غەزىپى شۇئان ياندى. بۇ
قىممەتلىك نەرسىگە ئۇ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن قارىدى.
چۈنكى، بۇ ھاياتلىق ئىلاھى شاپائەت قىلغان ئالتۇن شاخ ئىدى.
ئۇ تۇتۇق كۆك رەڭلىك كېمىنى قىرغاققا ھەيدەپ كېلىپ، ئو-
رۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ئەرۋاھلارنى قوغلىۋەتتى. يوغان، بەستى-
لىك ئانېئاس كېمىگە چىققانىدى، تېرىدىن ياسالغان كېمە تىرىك
ئادەمنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي غىرىسلاپ كەتتى. قاپقارا
سازلىق سۈيى يوچۇقلاردىن كېمىگە كىرىشكە باشلىدى. كېمىچى
كالون ئاخىر ئانېئاس بىلەن سىبىرنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ
قويدى ۋە ئۇلارغا مەينەت، سېسىق بىر پارچە لايىنى سوۋغا قىل-
دى.
ئۇدۇلدىكى ئۆڭكۈردە ئاجايىپ يوغان غالجىر ئىت كېربې-
رۇس ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قاۋىغان ئاۋاز
پۈتكۈل سازلىقتا ياڭرايتتى. ئۇنىڭ بويىندىكى كىچىك يىلانلارمۇ
قىمىرلاپ تۇراتتى. بېشارەت بەرگۈچى ئايال سىبىر ئۇنىڭغا ئۇيقۇ



كەلتۇرىدىغان ئۈچ زۇۋۇلا خىمىرنى ئېتىپ بەرگەنىدى، ئۇ ئۇ-
چىلا ئاغزىنى ئېچىپ خىمىرنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ يەۋەتتى،
شۇئان ئۇنىڭ ئاجايىپ يوغان تېنى بوشاتتى. ئىككىيلەن بۇ پۇر-
سەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇدۇل ئۆڭكۈر ئاغزىغا يۈگۈرۈپ
باردى ـ دە، قايتىپ كەتكىلى بولمايدىغان بۇ دەريادىن ئايرىلىپ،
ئۆمرى قىسقىلار تۇرىدىغان جايغا كىردى.

ئانېئاس بۇ يەردە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇلار بىر توپ
بالىلارنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى
تېتىماستىنلا زۇلمەت كۈنلەر تەرىپىدىن ئانىسىنىڭ باغرىدىن
تارتىۋېلىنىپ، ئازابلىق ئۆلۈمگە يەم بولغانلار ئىدى. ئۇلارغا

يېقىنلا جايدا تۆھمەت بىلەن بالاغا تىقىلىپ ئۆلگەنلەر، يەنە ئۇلار-نىڭ نېرىسىدا قايغۇلۇق جانلار بولۇپ، ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزمە-گەن، پەقەت ھاياتتىن زېرىكىپ، جېنىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار بار ئىدى. ئەمدى ئۇلار پانىي ئالەمدە ياشاشنى، كەمبەغەلچىلىكتە، جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ بولسىمۇ ھايات كە-چۈرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، بۇنىڭغا ئىلاھلار رۇخسەت قىلمايتتى. نەپرەتلىك سازلىق ۋە كۆپ ئەگمىلىك ستىكس ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى. مانا بۇ ھاياتنى قەدىر-لىمىگەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

بۇ يەرگە يېقىنلا جايدا «قايغۇ دالاسى» بولۇپ، بۇ يەردە يوشۇرۇن چىغىر يوللار، ئەتراپىدا مۇھەببەت ئىلاھىي دەرەخلىرى ھاسىل بولغان بولۇپ، بۇ دەرەخلەر شەپقەتسىز مۇھەببەتنىڭ ئازابلىشى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھىنى يېپىپ تۇرات-تى. قايغۇ ــ ھەسرەت ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئايرىلغان روھىنى قويۇپ بەرمىگەنىدى. ئانېئاس بۇ يەردە كاتەيكىنىڭ ساھىبجامال ئايال پادشاھى دىدونى كۆردى. ئۇ تېخى يېقىندا ئۇنى قىينىغان جاراھەتتىن، ئازابتىن پۇچۇلد-نىپ ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. گۈزەللەرنىڭ گۈلتاجى دىدو يەنىلا بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ھىلال ئايغا ئوخشايتتى، ئېسىل سۇ-پەت، ئەمما غەمكىن، پەرىشان ئىدى. دىدونىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئانېئاسنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇل-دى. ئۇ شېرىن مۇھەببىتى، ئىللىق مېھرى، سەمىمىي ئۆكۈ-نۈشلىرى بىلەن بۇ شور پېشانە ئايال پادشاھىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىت-مەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاھ شاھىم ــ، ئۆز ۋاقتىدىكى مەشۇقۇم، كىشىلەر ماڭا سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھاياتىڭىزنى تۈگەشتۈرگەنلى-كىڭىزنى ئېيتتى. بۇ ئىش راستمۇ؟ سىز راستلا مېنىڭ سەۋە-بىمدىن ئۆلۈۋېلىش يولىدا ماڭدىڭىزمۇ؟ مەن ئاسماندىكى يۇلتۇز-لارغا قەسەم قىلىمەنكى، ئولىمپىس تېغىدىكى ئىلاھلار، ۋە ئىلا-

ھەلەرگە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بۇ باقىي ئالەمنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا ھېلىمۇ سادىقلىق بار بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ قەسەم قىلىمەنكى، ئاھ شاھىم، سىزنىڭ زېمىنىڭىزدىن ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئايرىلغىنىم يوق. بۇ پۈتۈنلەي تەڭرىنىڭ ئەمرى، تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ھازىر، مەن يەنە تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئەرۋاھلار سوقۇلۇشۇپ يۈرۈشكەن بۇ جايغا، يۈرەكنى پۈچۈلايدىغان بۇ پاجىئەلىك جايغا، قاراڭغۇ تۈنلا بار ھاڭغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئاھ ئىلىسا، مېنىڭ كېتىپ قېلىشىم سىزگە بۇنداق بالا ـ قازا كەلتۈرۈشنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. شۇڭا مەندىن ئاغرىنماڭ. مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قانداقمۇ قارشى چىقالايمەن؟ كەتمەڭ، ئىلىسا، توختاپ تۇرۇڭ، گۈزەل رۇخسارىڭىزنى ئاخىرقى قېتىم ئوبدانراق كۆرۈۋالاي.

دىدو بۇ ۋاپاسىز كىشىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. چۈنكى، ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈشكەن چاغدىكى شاراب ھەسەلدىن شېرىن بولسىمۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئەلىمى، شىكەستىسى يۈرەكتىن مەڭگۈ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان نەپرەتكە، ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئانېئاسنىڭ سۆزلىرى دىدونىڭ قاتتىق ئاغرىپ تاشتىن بەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكىنى زەررىچە بولسىمۇ يۇمشىتالمىدى. ئۇ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى يەرگە باققانىدى، چىرايى مۇزدەك مەرمەر تاشتەك سوغۇق، سۇرلۇك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تەڭداشسىز گۈزەل، ئەمما چەكسىز دەرد ـ ئەلەمدىن ئۆرتەنگەن دىدو گويا بۇلۇتلار ئارىسىدىكى پەرىزاتلاردەك يىراقلىشىپ ئانېئاسنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ قويۇق كۆلەڭگىلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى ئالدى. ئانېئاس ئۇنىڭ ئادالەتسىز قىسمەتكە دۇچار بولغىنىدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى. ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئېزىلدى.

## ئون سەككىزىنچى قىسسە

# ئازاب ـ ئوقۇبەتكە مەھكۇم ئەرۋاھلار

ئانېئاس قايغۇسىنى بېسىۋېلىپ يولىنى داۋام قىلدى ـ دە،
ئەڭ يىراقتىكى بىر دالىغا كەلدى. بۇ پىنھان جايغا ئۇرۇشتا
ئۆلگەن مەشھۇر قەھرىمانلار يىغىلغانىدى. ئانېئاس جەڭدە ئۆل-
گەن قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ ھەسرەت چەكتى. بۇ ئەرۋاھلارمۇ
ئۇنى كۆرۈپ تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋال-
دى. ئۆزلىرى ئەگەشكەن داھىيسىغا قاراپ كۆزىنى ئۇزەلمىدى.
يۇنانلىقلارنىڭ داھىيسى ئاگاممېنونىنىڭ قول ـ ئاستىدىكىلىرى
بولسا، ئانېئاس ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇدا يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان
قورالىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇشتى، قورقۇپ تىترەشتى، بەزد-
لىرى كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قاچتى، بەزىلىرى زەئىپ ئاۋازدا غەلىتە
توۋلىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلغىنى بىلەن قەھرىمانلارغا
خاس ئاۋاز چىقىرالمىدى

ئانېئاس بۇ يەردە پرىئامۇسنىڭ ئوغلى، پۈتۈن بەدىنى قانتىق
جاراھەتلەنگەن دېيفوبۇسنى كۆردى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يې-
رى قورقۇنچلۇق جاراھەت، بېشى مىجىلغان، قۇلاقلىرى كېسى-
ۋېتىلگەن، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىمۇ كېسىپ ئايرىۋېتىلگەن.
ئەرۋاھلار شۇنداق قانتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە بولسىمۇ،
ھايات ياشاۋاتقان تروياللىقلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان ياشىشىنى تىلەش-
نى ئۇنتۇمىدى.

ئانېئاس ھەمراھلىرىنىڭ بەختسىزلىكلىرىگە ئېچىنىپ تول-

غىنىۋاتقاندا، سىبىر سۇبھى ئىلاھەسى ئەتىرگۈل رەڭلىك ھارۋى-
سىنى ھەيدەپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ،
ئانېئاسنى ئاگاھلاندۇردى ھەمدە مەشەدىن ئوڭ تەرەپتىكى يول
بىلەن ئۇدۇل ماڭسا، ئۇ ئالەم شاھى دىسنىڭ قەلئەسىگە بارغىلى
بولىدۇ، مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىۋەرسەڭ داداڭ تۇرۇۋاتقان جايغا
بارىسەن، سول تەرەپتىكى يول بىلەن ئەسكى، يامان ئادەملەر
قارغىش تەگكۈر تارتالۇسقا ئاپىرىلىدۇ، دېدى.

ئانېئاس تۆت ئەتراپقا نەزەر سالدى. توساتتىن سول تەرەپتى-
كى ئېگىز، تىك قىيانىڭ ئاستىدىكى ناھايىتى كەڭرى، چوڭ
بىر قورغانغا كۆزى چۈشتى. ئوت دەرياسى فلېگتوننىڭ تېز
ئېقىنى قېلىن قەلئە سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆركەش ياساپ، دول-
قۇنلىنىپ، شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى. غايەت يوغان بىر دەرۋازا قەد
كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بىر تۆمۈر مۇنار سامان يولىغا تاقاشقاندى.
بېلىگە قانغا مىلەنگەن چاپان ئورىۋالغان قىساس ئالۋاستىسى تىس-
پونې ئېگىزدە ئولتۇرۇپ، ئىچىگە كىرىدىغان يولنى كېچە -
كۈندۈز ساقلايتتى. يولنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئىڭراش، چىرقى-
راشلار، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇلغان قامچا ئاۋازى، يەردە
سۆرۈلۈۋاتقان كىشەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئانېئاس توختاپ قال-
دى، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئەسلىي بۇ باقىي ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىنو-
سوس بىلەن رادامانتۇس تۇرلۇك گۇناھكارلارنى شەپقەتسىز يو-
سۇندا سوراق قىلىۋاتقانىكەن. تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر تې-
گىشلىك جازاسىنى يېمىگەن بەزى ھىيلىگەر گۇناھكارلارنى بۇ
يەرگە كەلگەندىن كېيىن، رادامانتۇس تېگىشلىك جازاغا تارتات-
تى. بېلىگە قامچا قىستۇرۇۋالغان تىسپونىمۇ چېپىپ كېلىپ بۇ
گۇناھكارلارنى راسا ساۋايتتى. سول قولىدا ۋەھشىيلىكى چىقىپ
تۇرغان يىلاننى ئېگىز كۆتۈرۈۋالاتتى، يىلان توختىماي كۈشۈل-
دايتتى. ئانېئاسنىڭ كۆز ئالدىدا تارتالوس كۆلى پەيدا بولدى.

تىك چۈشكەن كۆل قاراڭغۇ جەھەننەمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكە-
نىدى. قاپقارا بۇ كۆل سۈيىنىڭ نەچچە ئولىمپىس تېغىنىڭ ئې-
گىزلىكىگە تەڭ كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئەرش ئىلاھى يۇپىتېرمۇ
بىلمەيتتى. بۇ يەردە ئالويۇسنىڭ ئاجايىپ يوغان ئىككى ئوغلى
تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەرش ئوردىسىغا كىرىپ ئاسماننى قولى
بىلەن تارتىپ يىرتىۋېتىپ، يۇپىتېرنىڭ تەڭداشسىز ھۆكۈمرانلى-
قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە بولغانىدى؛ يەنە يۇپىتېرنى
دوراپ ئولىمپىس تېغىدىن گۈلدۈرماما، چاقماق تاشلىغان سالمو-
نېئۇس بۇ يەردە جازالىنىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى كۆرەڭ-
لەپ مەشئەلنى پۇلاڭلىتىپ، ئاتلارنى تاراقلىتىپ ھەيدەپ يۇناد-
دىن ئۆتكەن، شۇنىڭدەك ئاتلارنىڭ مىس كۆۋرۈكتىن تاراقلاپ
ئۆتكەندىكى ئاۋازىنى يۇپىتېرنىڭ بۇلۇت ئارىسىدا چېقىرىدىغان
گۈلدۈرماما ئاۋازىغا تەقلىد قىلماقچى بولغانىدى. ھەممىگە قادىر
تەڭرى ئاتا قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆز قورالى، يەنى چەكسىز
قۇدرەتلىك قۇيۇننى تاشلاپ، ئۇلارنى بىراقلا مۇشۇ زۇلمەت دوز-
ياغا ئەكېلىپ تاشلىغانىدى.

بۇ يەردە يەنە كائىنات ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان تىتۇس
بار بولۇپ، ئۇ توپتوغرا توققۇز مۇنبەت ئېتىزنى ئىگىلەپ ياتات-
تى. يوغان بىر بۈركۈت ئۇنىڭ ئىسسىق ئىچ باغرىنى (جىگىرد-
نى) چوقۇپ يەۋاتاتتى، يەنە توختىماستىن ئۆپكىلىرىنى
ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇنىڭ قارنىنىڭ ئىچكىرىسىدىن تېخىمۇ
مول، مەززىلىك ئوزۇق ئىزدەپ، ئۇنى ئېيتقۇسىز ئازابلايتتى.
ئۇنىڭ بۈركۈت چوقۇپ يېگەن ئىچ - باغرى ۋە بولجۇڭ گۆشلىرى
توختىماستىن ئەسلىگە كېلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ-
لۈك ئاراملىق يوق ئىدى. يەنە پىتالاردىن ئىكئون بىلەن پىرىتو-
ئوسمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ھەرقاچان سىيرىلىپ
چۈشۈپ ئۇلارنى مىجىۋېتىش ئېھتىمالى بولغان كارامەت يوغان
ئىككى تاش ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوردىنىڭ ئې-

سىل نازۇ نېمەتلىرى قويۇلغان بولۇپ، ساپسېرىق ئالتۇن زىيا-
پەت ئۇستىلى ۋالىلداپ كۆز چاقنىتاتتى. قىساس ئىلاھەسىنىڭ
ئىچىدىكى ياشتا ئەڭ چوڭى بولسا، ھەر ۋاقىت گۇلدۇرمامىدەك
دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن قورقۇتۇشقا تەييار ھالەتتە زىياپەت ئۇس-
تىلى يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ھايات ۋاقتىدا ئاكا - ئۇكا
قېرىنداشلىرى بىلەن چىقىشالمىغانلار، ئاتا - ئانىسىنى قاقشات-
قانلار، بەتنام چاپلاش، يۇندىخورلۇق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈز-
گەنلەر، پايدا - مەنپەئەتنى دەپ ۋاپاغا جاپا قىلغانلار، زىناخور-
لار، ئادالەتسىز ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلار، ئەھدىسىنى بۇزغانلار-
نىڭ ھەممىسى مەشەگە قامىلىپ جازا بېرىلىشنى كۈتۈۋاتاتتى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كىشىلەر مەڭگۈ ئېغىر تاشنى سۆرەيتتى،
بەزىلەرنىڭ پۇت - قوللىرى ئۇچقاندەك چاپىدىغان ھارۋا چاقلىرى-
غا باغلىناتتى. ئۇ ئالەم خانىشى پروسېرپىنانى بۇلاپ قېچىش
قەستىدە بولغان تېسۇسقا مەڭگۈ تۇرغىلى بولمايدىغان ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇش جازاسى بېرىلگەنىدى. ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى ئوت
قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن فىلېگئاس تا مەڭگۈگە قاراڭغۇلۇقتا قاراپ
«مەن ئەسكى ئادەم» دەپ توۋلايتتى. بۇ يەردىكى تۇرلۇك -
تۈمەن گۇناھ، رەزىللىكلەرنى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى يۇزلى-
گەن تىل، مىڭلىغان ئېغىز، پولاتتەك چىڭ كېكىردەك بولغان
ھالەتتىمۇ بايان قىلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تروياننىڭ
شەرەپلىك داھىيسى، تېز بۇ يەردىن كەت، ئۆزۈڭ باشلىغان
ۋەزىپىنى ئورۇندا.

## ئون توققۇزىنچى قىسىم

# جەننەتتىكى مەنزىرىلەر

ئانېئاس يولىنى داۋام قىلىپ، گىگانت ئادەم كوكلوپوس ياشىغان قەلئەگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىلاھەگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، هاراق چاچتى. ئاندىن ئالتۇن شاخنى ئىشىك بېشىغا قىستۇرۇپ قويدى. ئۇ شادىمان ماكان جەننەتكە ئاخىر كەلگەنىدى. بۇ يەر ياپيېشىل بەخت دەرىخى، شاد - خۇراملىق بىلەن قاپلانغان بىر ماكان ئىدى. ئاسمىنى كەڭ، ئېتىز - دالىلار بىنەپشە نۇرغا چۆمۈلگەنىدى. بۇ يەر بايلارنىڭ ئائىلىسى بولۇپ، ئۆزىگە خاس قۇياشى ۋە يۇلتۇزلىرى بار ئىدى. كىشىلەر كەڭرى چۆپلۈكتە پۇت - قوللىرىنى چېنىقتۇراتتى، بەزىلەر ئالتۇن رەڭ يۇمشاق قۇملۇقتا ئويناۋاتاتتى، چېلىشىۋاتاتتى، گاھىلىرى بولسا مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. گاھىلىرى ھەر خىل سازلارنى چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. بۇ يەردە قەدىمكى زاماندىكى ئۇلۇغ شائىرلار، گۈزەل نازىنىلار، سۇباتلىق دانىشمەنلەر، كۆڭلى - كۆكسى دەريادەك كەڭ مەردۇ - مەردانىلەر، پۈتۈن ھاياتىنى پاك ئۆتكۈزگەن كاھىنلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىغا ئاق سەللە يۆگىۋالغانىدى، ئۇلار تۇرمۇشىنى مول مەزمۇنغا ئىگە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئەسلىشىگە ئېرىشكەنىدى.

يىراقتىكى بىر ئېقىنغا ئانېئاسنىڭ كۆزى چۈشتى. بۇ ئۆزەنتۇش دەرياسىنىڭ سۈيى بەزى قورۇ - قەسىرلەردىن تېپتىنچ

ئىقىپ ئۆتەتتى. دەريانىڭ ئەتراپىدا خۇددى يازدا ھۇپپىدە ئېچىل-
غان خۇش پۇراق گۇللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۇرگەن ھەسەل ھەرد-
لىرىدەك، خېلى كۆپ ئادەم توپى ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ يۇرەت-
تى. ئېتىز - دالىلاردا كۇلكە - پاراڭ ئاڭلىناتتى. ئانېئاس بۇ
سىرلىق دەريا ۋە ئىككى قىرغاقتا مىڭلىداپ يۇرگەن كىشىلەر
توپىنى كۆرۇپ ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى.
بۇ سىرلىق دەريانىڭ ئۇنتۇش دەرياسى، بۇلارنىڭ پېشانىسىد-
گە قايتىدىن تۆرۇلۇش پۇتۇلگەن ئەرۋاھلار ئىكەنلىكىنى ئانېئاس
نەدىن بىلسۇن؟ بۇ يەردە جانلار يۇيۇش تەس گۇناھلار تۇپەيلى
جازالىنىپ تاۋلىناتتى. شۇڭا، ئەرۋاھلارنىڭ بەزىلىرى ئېسىلىپ
بوران - چاپقۇندا قالاتتى، بەزىلىرى بولسا تەھتى ئەسراغا تاشلىد-
نىپ گۇناھلىرىنى بوياتتى، يەنە بىرلىرى ئوتقا تاشلىنىپ
قايتىدىن تاۋلىنىپ چىقاتتى. ئەرۋاھلارنىڭ تار-
تىۋاتقان ئازابلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار بۇ
كەڭرى ئېلۇسىم جەننىتىگە كەلتۇرۇلۇپ، بۇ شادىمان زېمىننى
ئىگىلىگەنىدى. ۋاقىت مېتامپىسخوزلىنىۋەرسە[1]، ئاندىن يۇيۇش
تەس گۇناھلار يۇيۇلۇپ تۇگەيتتى. قېپقالغىنى پاكلانغان قەلب
ۋە سېھىرلىك ئوت بولاتتى. جانلار بۇ يەردە مىڭ يىلنى بىر دەۋر
قىلىشتەك مېتامپىسخوزنى باشتىن ئۆتكۇزگەندىن كېيىن، تەڭ-
رىشاھ ئۇلارنى ئۇنتۇش دەرياسى بولغان لېت دەرياسى بويىغا
چاقىرتىپ، ئۇلارغا بۇ دەريا سۇيىنى ئىچۇرۇپ، غەم - قايغۇنى،
ئۆتمۇشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، قۇياش پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق دۇنياغا
قايتىدىن تۆرىلىپ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى.

ئانېئاسنىڭ دادىسى ئانكىسېس مانا مۇشۇ كۆزنى چاقنىتىد-
دىغان پاراغەتلىك تۇزلەڭلىكتە تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇ كۇنلەرنىڭ
بىرىدە پانىي ئالەمگە تۆرۇلىدىغان، ياپيېشىل تاغ جىلغىسىغا

---

[1] مېتامپىسخوز — جانلىق نەرسىلەر چاقنىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشاش جەننەت، دوزاخ، پانىي ئالەم قاتارلىق ئالتە دائىرىدە تەكرار ئايلىنىپ يۇرىدۇ، دېگەن دىنىي تەلىمات — ت.



ئوبدان يوشۇرۇنغان روھلارنى كۆزدىن كۆچۇرۇۋاتاتتى. ھۆرمەتكە لايىق ئانېئاس ئاخىر مېھرىبان دادىسىنى كۆردى، كۆز ياشلىرى يۇزىنى يۇيدى. ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان دادىسىنى قۇچاقلىغۇسى كېلىپ، ئۇچ قېتىم دادىسىنىڭ بېشىنى باغرىغا باسماقچى بولۇۋىدى، ئەمما دادىسىنىڭ ئەرۋاھى خۇددى مەيىن شامال ياكى بىر چۇش كەبى ئۆزىنى قاچۇردى.

ئانكىسېس ئوغلى بىلەن سىبىرنى باشلاپ ھېلىقى روھلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇلار بارلىق روھلارنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر دۆڭگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار ئۇزۇن قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان روھلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتالىيىدە تۇغۇلغانلارنىڭ ئەرۋاھى ئىدى.

— مانا كۆر، مېنىڭ ئىپتىخارىم ئوغلۇم، پۈتكۈل تروياننىڭ
شان ـ شەرىپى، قايتا تۆرۈلۈشنى ساقلاپ تۇرغان بۇ ئەرۋاھلارنى
كۆرگىن. ئۇلار بىزنىڭ ئىسىم ـ فامىلىمىز، جەمەتىمىزگە
ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئىتالىيىگە چەكسىز شان ـ شەرەپلەر كەلتۈ-
رىدۇ. باشسىز نەيزىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئاۋۇ يىگىتنى كۆرۈۋاتامە-
سەن، ئۇ ئەرش نۇرىغا ئەڭ يېقىن بولغاچقا، پانىي ئالەمگە
بىرىنچى بولۇپ تۆرىلىدۇ، شۇنداقلا تومۇرىدا ئىتالىيە قېنى ئاقىد-
دىغان تۇنجى ئادەم بولىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا
كۆرىدىغان پەرزەنتىڭ — ئوغلۇڭ سىلۋىئۇس، كەلگۈسىدىكى
ئايالىڭ لاۋىنىيا ئۇنى تاغ ئورمانلىرى ئىچىدە بېقىپ چوڭ قىلىدۇ.
ئۇ پادىشاھ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ پادىشاھ بولىدۇ. ئۇنىڭ
يېنىدىلا تۇرغىنى پروكاس، ترويانىڭ شان ـ شەرىپى. يېنىدىكى-
لەر كاپۇس بىلەن نۇمتور، يەنە سېنىڭ ئىسمىڭغا ۋارىسلىق
قىلىدىغان سىرۋىئۇس، يەنە ئاسكانىئۇس جەمەتىدىكى يىگىت،
ئۇلۇغ كەيسەر، سېنىڭ رىملىقلىڭ... بار. بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن،
ساغلام، كۈچلۈك يىگىتلەرنىڭ ئىسىلزادىلەرگە خاس پېشانىسىنى
ھۆكۈمرانلارنىڭ كاۋچۇك تاجى يېپىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سانسىزلىد-
غان شەھەرلەرنى بەرپا قىلىدۇ، كەلگۈسىدە رىم شەھىرى كايى-
سېرنىڭ قولىدا دۇنياغا مەشھۇر بولىدۇ. (تونۇلىدۇ)، ئۇنىڭ
نوپۇزى شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، تاكى ئاسماننى
مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاتلىس مۈرىسىدە يۇلتۇزلارنى ئايلاند-
دۇرۇپ تۇرىدىغان ئالەمگىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرى
ئىچكى دېڭىز ۋە مايئوتيا كۆلى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى قورقۇنچقا
سېلىپ تىترىتىۋېتىدۇ، يەتتە ئېغىزى بولغان نىل دەرياسىنىمۇ
ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. لېرنېس كۆلىدىكى توققۇز باشلىق ئەجدى-
ھانى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ھېراكلېسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ
قالىدۇ. بىر توپ ۋەھشىي يولۋاسنى ھەيدەپ يۈرگەن باك-
ـۇسمۇ قارا دەرگە چۆمۈلىدۇ. رىم پادىشاھى

نـۇمـا، تـۇرنـۇس، ئانكۇس… لارمۇ داڭلىق يىگىتلەر، يەنە ئۇلۇغ سىكپىئو ئاتا ـ بالا بەئەينى ئۇرۇش، ئىلاھىنىڭ ئىككى گۇلدۇرمامىسىغا ئوخشاش قۇدرەت بىلەن لىۋىيىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

— ھەي ئوغلۇم، سەن ئىگە بولىدىغان ئىتالىيە نەرسىلىرى مول. خەلقى باي، قەھرىمانلار، باتۇرلار كۆپ چىقىدىغان جاي. شۇڭا، سەن باشتىن كەچۈرگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىڭگە ئاھ ئۇرۇپ كەتمە، ئالدىڭدا ئۇچرايدىغان ئۇرۇشتىنمۇ قورقۇپ كەتمىگىن. شۇنچىۋالا باتۇر، جاسارەتلىك ئۇلۇغ ئەۋلادلارغا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىسەن؟ دەرھال كېمىلىرىڭنىڭ يەلكىنىنى ئېچىپ، تەڭداشسىز پالاقلىرىڭنى ئەر-



كىن ئويىنتىپ، باتۇرلۇقۇڭنى ھەرىكىتىڭ بىلەن ئىپادىلىگىن! ئىتالىيە زېمىنىغا بېرىپ ئېگىلىك تىكلەپ پۇت تىرەپ تۇرۇشۇڭغا ھېچقانداق نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن ھەرگىز غەم قىلمىغىن. ھەممىگە قادىر تەڭرى ئاتا يۇپىتېر، قۇياش ئىلاھى ئاپوللو، ئاناڭ ۋېناس، يەنە مەن ئانكىسېس ساڭا ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيمىز، دىب دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا ئامان - ئېسەن بېرىپ، ئىتالىيىدىكى يەرلىك كىشىلەرنى ئىستېلا قىلىشىڭغا يار - يۆلەك بولىمىز. سەن ھەيۋەتلىك تروييا سېپىللىرىنى يېڭىۋاشتىن ياساپ چىقىسەن. ھەي رىملىق، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سەن ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭ بولغان نوپۇزۇڭ بىلەن نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىڭ كېرەك. سەن تىنچ تەرتىپ ئورنىتىشىڭ، بويسۇندۇرۇلغان خەلققە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭ، تەكەببۇرلارنى ئۇرۇش ئارقىلىق باش ئەگدۈرۈشۈڭ لازىم. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇ ئالەمنى ئايلىنىپ چىقتى، كەڭرى كەتكەن، ئەمما خىرە - شىرە دالىدىكى جىمى نەرسىنى كۆردى. ئانكىسېس ئوغلىنى باشلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنى قويماي كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە شان - شەرەپ قوچۇشقا ئىنتىلىش ئارزۇسىنىڭ ئوتىنى ياقتى.

ئۇلار ئۇيقۇ ئىلاھىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئانكىسېس ئانېئاس بىلەن سىبىرنى نەپىس ياسالغان، پارقىراپ تۇرغان پىل چىشى دەرۋازىسىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۆزى بولسا كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان كۆلەڭگە ئىشىكتىن جايىغا قايتتى.



يىگىرمىنچى قىسسە

# لاتىئومغا قەدەم قويۇش

ئانېئاس ئانكىسىسنىڭ تەلىمىدىن ئىلھاملاندى. مۇۋەپپە-
ەقىيەت قازىنىش، بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتەك غەيرەت - جاسارەت ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتتى. ئۇ، ئۇ ئالەمدىكى دادىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل كېمىگە قايتىپ كەلدى. ئاق داستىخاندەك يەلكەنلەر تروياللىقلارنىڭ ماچ-تىسىدا قايتىدىن لەپىلدىدى. ئۇلار تۈپتۈز دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ئىتالىيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

دېڭىزدا ئوتقاشتەك شەپەق كۆتۈرۈلدى. سۈبھى ئىلاھەسى سارغۇچ، ئېسىل كىيىمىنى كىيىپ، ئەتىرگۈل رەڭلىك هارۋى-سىنى هەيدەپ، ئاسماندىن كۆز چاقنىتىدىغان رەڭدار نۇر چاچ-ماقتا ئىدى. شامال توختىغان دېڭىز تىپتىنچ، پالاقلار ئەينەك-تەك سۈزۈك دېڭىز يۈزىدە يېنىك هەرىكەتلىنەتتى. توساتتىن كەڭرى كەتكەن ئورمانلىق ئانېئاسنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. كۆر-مىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان تروياللىقلار ئاخىر ئىتالىيە زېمىنىنى كۆردى.

دىب دەرياسىنىڭ ئويناق، شوخ ئېقىنى بۇ قويۇق ئورمانلىق-تىن ئۆتۈپ، ئۆركەش ياساپ، قايىنام هاسىل قىلىپ سېرىق قۇملارنى قايىنىتىپ ئېقىتىپ دېڭىزغا قۇيۇلاتتى. دەريا ئاسمىنىدا هەر تۈرلۈك قۇشلار پەرۋاز قىلاتتى ۋە ئادەمنى مەستخۇش قىلى-دىغان يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن كۆكنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى.

ئانېئاسنىڭ ھەمراھلىرى ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ بۇ قۇتلۇق دەريا ئېغىزىغا كىردى.

يات ئەللىك بۇ قوشۇن ئىتالىيە دېڭىز قىرغىقىغا تۇنجى بولۇپ ئاياغ باستى (قەدەم قويدى). ئەمدى بۇ دېڭىز قىرغىقى ئۇلارنىڭ زېمىنى بولاتتى. ئاھ، نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن ئارامبەخش جاي بۇ! ئانېئاس ئاساسلىق سەركەردىلىرى، كېلىشكەن ئوغلى ئاسكانىئوس بىلەن بىرلىكتە يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ قويۇق شاخ - يوپۇرماقلىرى ئاستىدا ئارام ئالدى. ئۇلار چۆپ ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاچلىقتا چىدىيالماي ئۈزۈپ كېلىنگەن ياۋا مېۋىلەرنى ۋە شىرەدەك يوغانلىقتىكى يۇمىلاق ئارپا نېنىنى يالماپ يېيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ بېشارىتى رېئاللىققا ئايلاندى. يەنى ئۇلار ئاچلىقتا چىدىماي مۇشۇ ئۈستەلدەك نەرسىنى يەپ بولغان چاغدا، ئۇلار تارتىدىغان جاپا - مۇشەققەتلىرىمۇ ئاخىرلىشاتتى. مانا، ئىگىلىك تىكلەيدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ھەي ترويالىقلار، بىرىنچى تۇركۇمدە ياسايدىغان ئوردا - سارايلىرىڭلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ چىقىڭلار، مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار.

ئانېئاس قاتتىق ھاياجانلاندى، يوپۇرماقلىرى كۆپ شاختىن گۈلچەمبىرەك ياساپ بېشىغا كىيىۋالدى. ئاندىن ئۇلۇغ يۇپىتېرغا ئۇ ئالەمدە ۋە ئەرشتە ياشاۋاتقان ئاتا - ئانىسىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ شۈكۈر ئېيتتى. ھەممىگە قادىر تەڭرى ئاتا ئوچۇق ھاۋادا ئىككى قېتىم چاقماق چاقتۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن بىر تۇتام ئوتلۇق بۇلۇتنى قويۇۋەتتى. شۇئان ھەممىياق ئاجايىپ چاقناپ، نۇرلىنىپ كەتتى. بۇ ئىلاھىي مەنزىرىنى كۆرۈپ ترويالىقلار قاتتىق ھاياجانلاندى. بەس - بەستە زىياپەتلەرنى قايتىدىن راسلىدى. بۇ ئۇلۇغ بېشارەت ئۇلارنى شادلىققا چۆمدۈردى، شەھەر بەرپا قىلىشتەك ۋەدە ئۇلارنى شېرىن خىياللار ئالىمىگە باشلىدى.



ئەتىسى، كۇندۇز ئاتەش مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ، زېمىننى يورۇتقان چاغدا، ئۇلار بۆلۈنۈپ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پايتەختى، چېگرىللىرى ۋە دېڭىز چېگرىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇلار دىب دەرياسىنى، لاتىنلارنىڭ پايتەختىنى، يەنە تۈرىدىغان شەھەرلىرىنى تاپتى. ئانېئاس ھەر دەرىجىلىك كىشلەردىن يۈز ۋەكىلنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى لاتىنلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسىغا بېرىپ، ترويالىقلارنىڭ سوۋغىسىنى تەقدىم قىلىش، دوستانىلىك ۋە تىنچلىق تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەتراپقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھ لاتىنۇس دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلاھى پائۇنۇسنىڭ ئوغلى، دېھقانچىلىق ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن، بىرلا قىزى بار ئىدى. ھازىر راسا رەسىدە بولغان بۇ قىز چوڭ، كاتتا ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. باشتا لاتىئۇم ھەتتا پۈتۈن ئىتالىيىدىكى ياش شاھزادىلەر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشقانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەردىن ھەممىدىن قاملاشقان، ئېسىلزادە، باي كىشى شاھزادە تۇرنۇس ئىدى. لاتىنۇسنىڭ خوتۇنى ئاماتا بۇ يىگىتنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، ئىلاھلارنىڭ تۈرلۈك قورقۇنچاقلىق بېشارىتى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

دەسلەپ ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لاۋېر دەرىخىدە ھەسەل ھەرىسى مىژىلداپ كەتتى، توساتتىن ئۇلار دۈم بولۇپ پۈتلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ غۇژمەكلىشىۋالدى؛ ئارقىدىن مەلىكە لاۋىنيەنىڭ چاچلىرىدىن ئۇشتۇمتۇتلا ئوت چىقىپ، ئۇچىسىدىكى كىيىملەر چاراسلاپ كەتتى، بۇلۇتتەك يۇمشاق، مامۇقتەك پارقىراق چىرايلىق چاچلىرى ۋە ناھايىتى قىممەت باھالىق ياقۇتلار قويۇلغان تاجىسىمۇ كۆيۈپ كەتتى. ئۆزى بولسا قويۇق سارغۇچ نۇر ئىچىدە قالدى. ئوردىنىڭ جىمى يېرىگە ئۇچقۇنلار چاچراپ

چاقناپ كەتتى.

پادىشاھ لاتىنۇس بۇ غەيرىي ئالامەتلەردىن تەشۋىشكە چۈشتى ـ دە، پال باقتۇرۇپ تەقدىرنى بىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس ئورمانلىقتىكى دادىسى پائۇنۇسنىڭ قېشىغا باردى. چۈنكى ئىتالىيىدىكى ھەرقايسى قەبىلە كىشىلىرى ھەر قېتىم قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، جاۋاب تېپىش ئۈچۈن مەشەگە كېلەتتى.

لاتىنۇس قائىدە بويىچە ئىككى ياشلىق قويدىن 200 نى سويدۇرۇپ نەزىر قىلدى. ئاندىن كېيىن سويۇلغان قوي تېرىسىدە ياتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان غەلىتە شەكىللەرنىڭ ئۈچۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئاۋازلارنى ئاڭلىدى. لاتىنۇسنىڭ دادىسى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم — ، قىزىڭنى لاتىنلارغا ياتلىق قىلمىغىن، شۇنداقلا قېرىنداش ئەللەرگىمۇ ياتلىق قىلمىغىن. بۇ يەرگە يات بىر مىللەت كىشىلىرى كېلىدۇ، ئۇلار بىز بىلەن قۇدىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىراق ـ يېقىنلاردا بىزنىڭ نامىمىز چىقىدۇ. قۇياش نۇرى چۈشىدىغان، دېڭىز ـ ئوكيانلار بىلەن ئورالغان جىمى جايلارغا ئۇلارنىڭ قەدىمى يېتىدۇ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى يوق قىلىدۇ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. سەن قىزىڭنى مۇشۇ يات ئەل كىشىسىگە ياتلىق قىلغىن.

لاتىنۇس قوي تېرىسىدە يېتىپ دادىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر — لاۋىنىيەنىڭ يات ئەل كىشىسىگە ياتلىق قىلىنىدىغانلىقى — شۇئان گويا قانات چىقارغاندەك ئىتالىيىنىڭ جىمى يېرىگە تارقىلىپ كەتتى.

تىنچلىق بەلگىسى بولغان زەيتۇن شېخىنى مەيدىسىگە تاقىغان تروياً ئەلچىلىرى لاتىنلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا ـ قەسىرلىرى ۋە ئۆيلىرىنى كۆردى. ئېگىز سېپىلنىڭ سىرتىدا راسا كۈچ-

تۆڭگۈر نۇرغۇن ياش يىگىتلەر ئات مىنىپ ئەسكىرىي مەشىق قىلىشىۋاتاتتى؛ بەزىلىرى توپا - چاڭ كۆتۈرۈپ ھارۋا ھەيدىگەن ھالدا ئات چاپتۇرماقتا، بەزىلىرى ئوقيا ئاتماقتا، يەنە بەزىلىرى نەيزە ئاتماقتا، يەنە بەزىلىرى مۇشتلاشماقتا ۋە يۇگۇرۇشتە بەسلەشمەكتە ئىدى.

بىر خەۋەرچى ئۇچقاندەك چېپىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرۇغان پادىشاھقا ترويالىقلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پادىشاھ دەرھال قامەتلىك، بەستلىك، يات ئەل كىيىمى كىيگەن كىشىلەرنى ئوردىغا ئەكىرىشكە ئەمىر قىلدى.

بۇ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك ئوردا قەلئەنىڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان - يوغان يۇز تۇۋرۇك ئوردىغا سۇر - ھەيۋە قوشقانىدى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى چوڭ زالدا ئەجدادلارنىڭ قارىغاي ياغىچىدا ئويۇلغان ھەيكەللىرى قاتار قويۇلغان. ھەيكەلنىڭ بىرىنچىسى دېھقانچىلىق ئىلاھى ساتۇرنۇس بولۇپ، ئادەملەرگە ئۇزۇم تىكىپ ئۆستۈرۈشنى ئۆگەتكەن. بۇ ئىلاھنىڭ قولىدا ئورغاق تۇراتتى؛ بۇ يەردە يەنە قەدىمكى زاماندىكى شاھ - سۇلتانلار، ئۇرۇشتا يارىلانغان قەھرىمانلارنىڭ ھەيكەللىرى بار ئىدى. مۇقەددەس تۇۋرۇكلەرگە جەڭ ھارۋىسى، بىسى ئېگىلگەن پالتا، ئالتۇن قالقان ۋە ھەر تۇرلۇك قورال - ياراغلار ئېسىلغانىدى.

پادىشاھ لاتىنۇس ئەجدادلىرىدىن قالغان تەختتە ئولتۇرۇپ، ترويالىقلارنى قوبۇل قىلدى. پاراسەتلىك ۋە ئېغىر - بېسىق، ياشانغان پادىشاھ سىلىق، مۇلايىم تەلەپپۇزدا ترويالىقلاردىن:

سىلەرنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ ئىتالىيىنىڭ دېڭىز بويىغا كېلىشىڭلارغا نېمە ئىش، نېمە ئېھتىياج سەۋەب بولدى، دىب دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا سىلەر نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ دەپ سورىدى.



ترويا ئەلچىلىرى پادىشاھقا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سەلتەنەتلىك ئوردىدا دادىللىق بىلەن مەردانە سۆزلىدى:

— ئىززەت ھۆرمەتلىك شاھىم، پائونۇسنىڭ مەشھۇر ئەۋلادى، بىز دۆلىتىڭلارغا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ زەربىسى ياكى قارا بوراننىڭ سۈرۈشى بىلەن كېلىپ قالمىدۇق، شۇنداقلا يۇلتۇزلارنى كۆزىتىشىمىزنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن ياكى قۇرۇقلۇقنى خاتا تونۇپ قېلىشىمىز سەۋەبلىك، دۆلىتىڭلارغا ئۇقۇشماستىن كېلىپ قالغىنىمىزمۇ يوق. بىز بۇ شەھەرگە تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە، ئىلاھلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن كەلدۇق. بىز داردانۇسنىڭ ئەۋلادى، ھەممىگە قادىر يۇپىتېرنىڭ ئەۋلادى بولىمىز. بىزنىڭ شەھىرىمىز، دۆلىتىمىزمۇ قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئەڭ بۈيۈك بىر پادىشاھلىق ئىدى. سىزنىڭ قېشىڭىزغا بىزنى داھىيىمىز، يۇپىتېرنىڭ نەۋرىسى تروويالىق ئانېئاس ئەۋەتتى. بىز ناھايىتىمۇ دەھشەتلىك ھېلىقى ئۇرۇشتا ئامان قېلىپ، كەلكۈن كەبى غايەت زور، دەھشەتلىك ئاپەتكە ئۇچرىغانلارمىز. بىز كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىغان كۈرمىدەك بوران - چاپقۇنلار، جاپا - مۇشەققەتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلدۇق. ئەمدى پەقەت بىزگە كىچىككىنە يەر بېرىلسە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلاھلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالساق دېگەن بىرلا تەلىپىمىز، ئارزۇيىمىز بار. ھېچقانداق ئادەمگە زىيان سېلىش، يامانلىق قىلىش نىيىتىمىز يوق. سۇ ۋە ھاۋا بولسىلا دەيمىز. شۇنداق بولسا سىزنىڭ شاپائىتىڭىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا مىننەتدار بولغان بولاتتۇق. بۇنداق دېسەك بىزنى پەس كۆرۈپمۇ كەتمەڭ. مەن ئانېئاسنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ تۆمۈردىن چىڭ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يەر ئەجدادىمىز داردانۇس تۇغۇلغان جاي. بىزنى ئاپوللو چاقىرىپ كەلدى. ئاپوللونىڭ تەخىرسىز، قارشىلىق بىلدۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەمرى بىلەن بىز دىب دەرياسى بويىغا، مۇقەددەس بۇلاق سۈيى بار يەرگە كەلدۇق.

ئەلچى پادىشاھقا تروياننىڭ شاھانە ھاسىسى، تاجىسى ھەمدە ئايالالار تۈجۈپىلەپ، ناھايىتى چىرايلىق تىككەن چاپان تەقدىم قىلدى.

لاتىنۇس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مىت قىلىپمۇ قويمىدى. پادى-شاھ پرىئامۇسنىڭ گۈل كەشتىلەنگەن قىزىل چاپىنى، مۇقەددەس تاج، ھەتتا شاھانە ھاسىمۇ ئۇنى قىلچە تەسىرلەندۈرەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھازىرقى قىزىنىڭ توي ئىشى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلاھىنىڭ بېشارىتىلا بار ئىدى. ئۇ ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشى تەقدىردە پۈتۈلگەن يات ئەللىك كىشىسى چوقۇم ئانېئاس بولسا كېرەك. بۇ تروياللىقلار داھىيسى ئەمدى لاتىئۇمغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

پاشانغان پادىشاھ چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، پېشانىسى سىزىق - سىزىق قورۇقلار بىلەن تولغانىدى، ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن تروياللىقلارغا:

— ئىلاھىم ئەرش ئىلاھى ۋەدىسىدە تۇرۇپ بىزگە ياخشى باشلىنىش ئاتا قىلغاي. سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە مەن چوقۇم رازى-لىق بىلدۈرىمەن، سوۋغاتلىرىڭىزنىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. مەنلا پادىشاھلىق ئورنۇمدا بولىدىكەنمەن، سىلەر باي، مۇنبەت مول ھوسۇللۇق ئېتىزلاردىن غەم قىلمىساڭلارمۇ بولى-دۇ. بىراق داھىڭلار بىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى شۇ قەدەر تەقەز-زالىق بىلەن ئارزۇ قىلغانىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئوردىمىزغا ئۆزى قەدەم تەشرىپ قىلىشى كېرەك. ئەگەر مەن سىلەرنىڭ داھىيىڭ-لار بىلەن قول تۇتۇشمىسام، بىز ئىككى ئائىلىنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىناقلىقىمۇ مۇكەممەل بولمايدۇ. ھەي ترويا ئەلچىسى، مېنىڭ بۇ جاۋابىمنى داھىڭلارغا يەتكۈزۈڭ. بىر قىزىم بار ئىدى. ئىلاھ ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ يىگىتلىرى بىلەن توي قىلسا بولمايدى-غانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان يىگىتنىڭ باشقا بىر يات ئەلدىن كېلىدىغانلىقىنى ئەمىر قىلدى. بىز لاتىئوملۇقلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى شۇ. دېمەك، بىزنىڭ قېنىمىز ئۇ مىللەتنىڭ

قېنى بىلەن بىرلىشىپ ئاقىدۇ، نامىمىز يىراق - يېقىنلارغا مەشھۇر بولىدۇ. تەقدىر بىزگە ئىرادە قىلغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئانېئاس ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل. ناۋادا مېنىڭ تۇيغۇم توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مەن ئۇ ئىلاھەنىڭ باتۇر ئوغلىـ نى كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن.

پادىشاھ لاتىنۇسنىڭ ئېگىز، چوڭ ئاتخانىسىدا مويلىرى يىپەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان 300 ئېسىل ئات بار ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن 100 نى تاللاپ تروياللىقلارنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىشنى پەرمان قىلدى. دۈلدۈل كەبى چاپقۇر بۇ ئاتلارغا ئېسىل يوپۇقلار يېپىلغان، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىلغان بولۇپ، ئالتۇندىن قىلىنغان ئېغىز دۇرۇقلارنى چايناپ تۇراتتى. لاتىنۇس يەنە ئانېئاسنى ئەكېلىشكە قوش ئاتلىق ھارۋا ئەكەلدۈر- دى. ئانېئاسنىڭ ئەلچىلىرى لاتىنۇسنىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ، تىنچلىق خەۋىرىنى ئانېئاسقا يەتكۈزۈشكە ماڭدى.



## يىگىرمە بىرىنچى قىسسە

# بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس

ئانىئاس بىلەن لاۋىنىيەنىڭ تويى بولۇش ئالدىدا، لاتىئومدا تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق گۈللىرى چېچەك ئېچىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما شەپقەتسىز يۇنونىڭ يۈرىكى سانسىز يىڭنە سانجىلغۇاتقاندەك ئاغرىيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپ ئوتىدا كۆيۈپ پۇچۇلىناتتى.

— ھەي نەپرەتلىك ئىنسانلار، سىلەر نېمىشقا ئۇرۇشنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىدە ئۆلۈپ تۈگىمەيسىلەر؟ نېمىشقا ترويادىكى ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۇچۇلا بولۇپ كەتمەيسىلەر؟ قۇتىرىغان بوران ـ چاپقۇنلارمۇ نېمىدەپ ئۇلارنى بالا ـ قازادىن قاچۇرۇۋېتىدۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ ئىلاھلارغا خاس بۈيۈك قۇدرىتىم كارغا كەلمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ بۇ قۇدرىتىم ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپمۇ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا كېزىپ يۈرۈپمۇ، نېمىشقا بۇ قاچقۇنلار، سەرگەردانلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ؟ ھەي بارچە ئىلاھلار خانىشى، ھەي يۇنو، سەن بۇ يېڭىلىشكە مۇشۇنداقلا تەن بەرمەكچىمۇ؟ ئۇلار ھازىر ئۆز ۋۇندىن بۇيان تەلمۈرگەن دىب دەرياسىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىغا كەلدى. يۇپىتېر ۋەدە قىلغان زېمىنغا كېلىۋالدى ـ دە، دېڭىزلارنى ۋە مېنى ئۇنتۇپلا كەتتى، مەن تۇرلۇك ـ تۈمەن چارىلەرنى ئىشقا سېلىپمۇ تروياللىق ئانىئاستىن يېڭىلىپ قالدىم. بۇ نېمىدېگەن بەختسىزلىك ـ ھە!

— ئەگەر ئىلاھىي قۇدرىتىم كۈچىنى دېگەندەك كۆرسىتەل-

مەي قالغان بولسا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرماستىن، جىمى جايغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىمەن؛ ئەگەر ئەرش ئىلاھى-نىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتەلمىسەم، ئۇ ھالدا جەھەننەمنى قوزغىتى-ۋېتىمەن. مەن تروياللىقلارنىڭ لاتىئومغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى توسۇشقا ئامالسىز قالغان تەقدىرنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئانېئاسنى لاۋىنىيەنى ئالالمايدىغان قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، جىمى ئىشلارنى مالىماتاڭ قىلىپ، تروياللىقلار بىلەن لاتىئوملۇقلارغا قانلىق بەدەل تۆلەتكۈزىمەن. ھەي مەلىكە لاۋىنىيە، سېنىڭ توي-لۇقۇڭ دەريادەك ئاققان قىزىل قان بولىدۇ. توي مۇراسىمىڭ مەشئىلىنى ئۆلۈكلەر ياندۇرۇپ بېرىدۇ. ھەي ئانېئاس، سەن ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلىگىن.

شەپقەتسىز يۇنو ئاسماندىن ئۇچۇپ كىشىلىك دۇنياغا كەل-دى. چىرايىدىن غەزەپ ۋە شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ جەھەن-نەمدىكى قارا كۆلەڭگىلەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق دېگەننى زادىلا بىلمەيدىغان قىساس ئىلاھلىرى تۇرىدىغان جايغا بېرىپ، كىشى-لەرگە قايغۇ ـ ھەسرەتلا ئېلىپ كېلىدىغان شۇملۇق ئىلاھەسى ئالېكتونى چاقىرىپ كەلدى.

ئالېكتو ۋەھىمىلىك ئۇرۇش، ئازارچىلىق، جادۇگەرلىك ۋە زىيانكەشلىك، ئەسكىلىك قىلىشقا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدى. بۇ مەخلۇق ھەتتا ئۆز دادىسىنىمۇ تويغۇزۇپ بىزار قىلىۋەتكەنىدى، ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭدىن نېرى قاچاتتى. چىرايى قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي بولۇپ، مىڭ ياڭزا ئۆزگىرىپ تۇراتتى، يۈزى، كىيىم ـ كېچىكى قارا ئىدى. بېشىدا كىچىك يىلانلار مىژىلدايتتى.

يۇنو بۇ كېچە ئىلاھىنىڭ قىزىنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنى قامچا ۋە ئۆلۈم مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ئىتالىيە زېمىنىغا بېرىشقا، ئانې-ئاسنىڭ توينى ئۇرۇش ئوتىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلار پۈتۈشكەن تىنچلىقنى بۇزۇشقا، ئۇلارنىڭ ياش پالۋانلىرىغا قورال ـ ياراغنى تۇتقۇزۇپ ئۇرۇش ئېتىزىنى ھەيدەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلدى.



پۈتۈن بەدىنىدىن گورگاننىڭ زەھىرى تېمىپ تۇرغان بۇ ئالۋاستى شۇئان لاتىنئومغا قاراپ چاپتى، پادىشاھ لاتىنۇسنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىنى تېپىپ، ئاستاغىنا خانىش ئاماتانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. تروياىلىقلارنىڭ كېلىشى بىلەن قىزىنىڭ تۇرنۇس بىلەن بولىدىغان توي ئىشى بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، خانىشنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ غەزىپى تاشقان، ئىچى سىقىلىپ بەك بىئارام بولغان، قىزىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلىپ ياش ئۈنچىلىرىنى ئۈزمەي تۆككەن، پادىشاھتىن يالغۇز قىزىنى سەرگەردان تروياىلىقىنىڭ ئالداپ ئەكىتىشىگە يول قويماسلىقىنى قايتا - قايتا تىلەپ سەكپارە بولغانىدى.

ياۋۇز ئالېكتو خانىشنىڭ مۇشۇنداق قايغۇرۇپ ئولتۇرغان پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، قاپقارا چاچلىرى ئارىسىدىن يىلاندىن

بىرىنى ئېلىپ خانىشقا ئاتتى. يىلان خانىشنىڭ كۆكرىكىگە كىرىپ پاختىدەك يۇمشاق تېرىسىدە چەمبىرەك ئۇردى ـ دە، خانىشنىڭ تېنىگە تۇيدۇرماستىن زەھىرىنى كىرگۈزدى، بۇ زەھەر خانىشنىڭ يۈرىكىگە يېتىپ باردى.

چاچنىڭ قىلىدەك بۇ يىلان بىردەم ئالتۇن زەنجىردەك خانىشنىڭ بوينىغا يۆگىلىپ، بىردەم ئۇنىڭ چېچىدىكى لېنتىغا ئايلىنىپ، بىردەم بوستان چاچلىرىنى سويلاپ، بىردەم پۇت ـ قوللىرىنى سىلاپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن زەھەرلىك سۇيۇقلۇق خانىشنىڭ تېنىگە كىرىپ، بەش ئەزاسى، پۇت ـ قوللىرى، يۈرەك، ئۆپكىسى، ئومۇمەن پۈتۈن بەدىنىگە تارالدى. يىلاننىڭ زەھىرى بەختسىز خانىشنىڭ روھىنى چىرىتتى، ئۇنى دەيدەيگە سالدى. سېھرىي كۈچ ئۇنى ئەقلىدىن ئاداشتۇردى. شۇڭا، ئۇ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ھاراق ـ شاراب ئىلاھىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، بەئەينى قامچىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇشى بىلەن پىرقىراۋاتقان نۇرغا ئوخشاش شەھەر كوچىلىرىدا چېپىپ يۈردى. شەھەر مەركىزىدىن، تەكەببۇرانە كىشىلەر توپىدىن ئۆتۈپ، قىزىنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، بۈك ـ باراقسان ئورمانلىققا قاراپ چاپتى.

شەھەردىكى بارلىق ئاياللارمۇ خانىشقا ئوخشاش ئۆيلىرىدىن چىقتى. چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى ساڭگۇل ـ سۇڭگۇل ئاياللار ئوت يېقىلغان قارىغاي شاخلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، لاۋىنىيە بىلەن تۇرنۇسنىڭ توي ناخشىسىنى بار ئاۋازى بىلەن ئېيتتى، تىترەڭگۈ چۇقان ـ سۈرەن ئاۋازلىرى پۈتكۈل لاتىئوم ئاسمىنىنى چاك كەلتۈردى.

لاتىنۇسنىڭ ئوردىسى مالىمان بولۇپ كەتتى، ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر پۈتۈن شەھەردە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرەتتى. قورقۇنچلۇق ئىلاھە ئالېكتو قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى كۆردى ـ دە، دەرھال قاپقارا قاناتلىرىنى قېقىپ باتۇر تۇرنۇسنىڭ قەلئەسى تامان ئۇچتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە

# شۇملۇق ئىلاھەسى ئۇچۇپ ئۆتكەن جايلار

تۇن نىسپىي بولغان چاغ، ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ. تۇرنۇس ھەشەمەتلىك ئوردىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئالبېكتو يىرگىنىشلىك چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، قورقۇنچلۇق زەھەرلىك يىلانلار ۋە قىساس ئىلاھەسىگە خاس تۇرقىنى يوشۇرۇپ، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، پېشانىسىگە سەت، چوڭقۇر قورۇقلار ئىز سالغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان بىر موماي سىياقىغا كىردى.

ئۇ چېچىغا بىر تال زەيتۇن شېخىنى قىستۇرۇۋالغان ھالەتتە ياش پادىشاھنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا سۆزلىدى. ئالبېكتونىڭ قاپقارا چىشلىرى ئارىسىدىن قىساس ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ چىقاتتى:

— ھەي تۇرنۇس، - سەن ئۆزۈڭنى بىكاردىنلا باتۇر ساناپ يۈرۈپسەن. سېنىڭ جاسارىتىڭ، باتۇرلۇقۇڭ شۇنچىلىكمىدى، شىجائىتىڭ شۇنداق يوقلا بىر نېمىمىدى؟ لاتىنۇس سېنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن توي مېلىڭنى تارتىۋالدى. ئەمدى يات ئەللىك بىرنى چاقىرتىپ كېلىپ شاھلىق ئورنىغا ۋارىس قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ساڭا تېگىشلىك ھوقۇقىڭ داردانىيىلىك كۆچمەنگە بىكاردىن - بىكار قوش قوللاپ بېرىلىشىگە قانداق چىداپ تۇرالايسەن؟ سەن شۇنچىلىك ئىقتىدارلىق، باتۇر تۇرۇپ نېمىشقا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ بولغۇسى ئايالىڭنى تارتىۋالمايسەن، نېمىدەپ تروياىلىقلار سېپىگە قىرغىن قىلىپ كى-

رىپ شان ـ شۆھرىتىڭنى قوغدىمايسەن؟ ئاھ، ياش پادىشاھ، سەن تىنچ ئۇيقۇدا ياتقان چاغدا كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ساڭا يەتكۈزۈشكە مېنى ھەممىگە قادىر يۇنو ئۆزى ئەۋەتتى. تېز ھەرىكەتكە كەلگىن. ياش پالۋانلىرىڭنى بەئەينى بايرام بولغاندىكىدەك تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىق ـ دە، گۈزەل دىب دەريايىمىزنىڭ بويىدا توختىغان تروىيا كېمىلىرىنى نەپرەتلىك تروىيالىقلار بىلەن بىللە قوشۇپ كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتكىن. مەن ساڭا ئۇلۇغ تەڭرىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. ئەگەر لاتىنۇس سېنىڭ توي ئىشىڭغا قوشۇلمىسا، ئەگەر تروىيالىقلار لاتىئوم زېمىنىدىن يوقالمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنى ـــ باتۇر تۇرنۇسنى راسا بىر تونۇتۇپ قوي!

ئالېكتونىڭ كۇشكۇرتۇشلىرى ياش پادىشاھنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتىنى ياندۇرالمىدى. شۇملۇق ئىلاھەسى بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلاندى. بېشىدىكى يىلانلار كۇشۇلداشقا باشلىدى، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى ياندى. بۇنىڭ بىلەن ئالېكتونىڭ قورقۇنچلۇق ئەپت ـ بەشىرىسى نامايان بولۇپ، ئىككى يىلان قامچىدەك تاراسلىغان ئاۋاز چىقاردى. تۇرنۇسنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرى قېتىپ قالدى، ئۇ تەبىئىي يوسۇندا كەينىگە داجىغاندى، ئىلاھە ئۇنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇۋەتتى.

قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىلاھە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى پادىشاھقا ئاتقاندى، مەشئەل ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ، تۈتۈن ۋە ئۇچقۇن چىقىشقا باشلىدى. تۇرنۇس تەئەججۇپ ئىچىدە ئويغاندى. ئۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى. بىر خىل قانخورلۇق، قارغىش تەگكۈر ئۇرۇشخۇمار ئەسەبىيلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئۇنى بىر ۋەھشىي ياۋايى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئالېكتو ئاتقان ئوت تۇتاشقان يۈرىكى گويا ۋاراقشىپ قايىنىغان قازان كەبى ئۇنى جايىدا ئولتۇرالماس قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ساراڭدەك ۋارقىرىغان



پېتى يوٗگوٗروٗپ چىقىپ، ئوردا ئىچىدە چېپىپ يوٗروٗپ قورال
ئىزدىدى، پالۋانلىرىغا قورال ـ ياراغلىرىنى تەقلەپ ئوٗدوٗل لاتىد-
نوٗسنىڭ پايتەختىگە بېرىشقا پەرمان قىلدى. ئالېكتو توٗرنوٗسنىڭ
ئوٗروٗشخوٗمارلىقىنى قوزغاپ قويغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كې-
يىن، يەنە شوٗم قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندوٗروٗپ تروياﻟىقلار ئارىسى-
غا باردى. بوٗ رەزىل ئىلاھە باشقىچە ھوٗنەر بىلەن ئىش توٗتوٗپ،
زەھەرلىك ھىيلە ـ مىكرىسى بىلەن لاتىنلار ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان
بىر كىيىكنى ئاسكانىئوسقا ئاتقوٗزوٗۋەتتى. بوٗ كىيىك بەك چىراي-
لىق بولوٗپ، موٗڭگوٗزى ئىنتايىن يوغان ئىدى، زىلۋا، نازوٗك
تەقى ـ توٗرقى تەكەببوٗر، ئەمما ئاجايىپ گوٗزەل خانقىزلارغىلا
ئوخشايتتى. فېرما باشقوٗرغوٗچوٗسىنىڭ قىزى ئوٗنىڭ موٗڭگوٗزىگە
خوٗشبوٗي، يوٗمشاق گوٗللەردىن گوٗلچەمبىرەكلەر ياساپ ئېسىپ
قوياتتى، ئوٗنى سوٗپسوٗزوٗك، سالقىن بوٗلاق سوٗيىدە يوٗيوٗندوٗراتتى.
ئوق تەگكەن بوٗ كىيىك پىششىق بىلىدىغان ئۆيىگە قاراپ چاپتى.
ئوٗنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى كىيىك قوتانلىرىنى تەۋرىتىۋەتتى.
ئىپلاس ئىلاھە شوٗملوٗق قىلىدىغان پەيت كەلدى، دەپ قاراپ،
ئوٗلاغ قوتانلىرىنىڭ ئۆتكوٗزىسىدىن ئۆتكوٗچە ئەگرى بوٗرغىسىدا جە-
ھەننەم ساداسىنى چىقىرىپ پوٗتكوٗل ئورمانلىقنى زىلزىلىگە سال-
دى. سىرۋىيە بىرىنچى بولوٗپ موٗرىسىگە شاپىلاقلاپ ياردەمگە
ئادەم چاقىردى. ئۆكتەم يېزىلىقلار شوٗئان قورالىلىرىنى كۆتوٗروٗپ
تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلدى.

تروياﻟىقلارموٗ ئاسكانىئوٗسقا ھەمدەم بولوٗش ئوٗچوٗن بارىگاھ-
لىرىدىن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ توٗزدى. قىنىدىن چىقىرىل-
غان قىلىچلار ئېگىز بوٗلوٗق ئۆسكەن زىرائەتلەرگە ئوخشاش تىك-
لەندى. برونزا قالقان، دوٗبوٗلغىلار قوٗياش نوٗرىدا يالت ـ يوٗلت
قىلاتتى.

ئىككى تەرەپ كىشلىرىنىڭ چوٗقان ـ سوٗرەنلىرى ئىچىدە
جەڭ باشلاندى. برونزىلارنىڭ ئوٗروٗلوٗشىدىن ئوٗچقوٗنلار چاچرى-

دى، كالتەك - توقماقلار قوش بىسلىق پالتىغا تېگىپ قاراسلاپ سۇندى. بىرىنچى بولۇپ لاتىئوملۇق ئارمۇ يىقىلدى. ئۇنىڭ گېلى ئاستىغا ئوقيا ئوقى تېگىپ ئاۋازىنىڭ راۋانلىقىنى توسۇپ قويغان، ھاياتلىقىنىڭ نازۇك يوللىرىدىن بىرى بولغان كانىيىغىمۇ قان تىقىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەممۇ ئارقا - ئارقىدىن يىقىلدى. قەدىمكى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ ھەققانىي كىشىلىرىدىن بولغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان كالېيسۇس-مۇ قانغا مىلىنىپ جان تەسلىم قىلدى.

جەڭلەر ئېتىز - دالىلاردىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. يېڭىش - يېڭىلىشنى بىلىپ بولمايتتى. مىڭ خىل نامى بار، زىيان سې-لىش، يامانلىق قىلىشنىڭ مىڭ خىل ھۈنەرلىرى، ھىيلە - مىكىرلەرنى بىلىدىغان، شۇملۇق ئەلچىسى بولغان قارا ئىلاھە ئالېكتو ئۇرۇشنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكى، تروياللىقلارنىڭ بەدە-نىگە ئىتالىيىلىكلەرنىڭ قېنى چېچىلغانلىقى، ئىنسانلار قەلبىدە بېسىۋالغىلى بولمايدىغان بىر ئىستەكنىڭ يېنىۋاتقانلىقى، تۈنجى ئېلىشىشتىلا ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىتالىيە زېمىنىدىن خۇشال ھالدا ئايرىلدى - دە، ئەرشكە چىقىپ، بۈي-رۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى يۇنوغا ئىپتىخارلىق بىلەن مەلۇم قىلدى.

شۇنچە شەپقەتسىز يۇنومۇ بۇ قەبىھ مەخلۇقنىڭ جاھان ئارا ئەركىن ئايلىنىپ يۈرۈشىگە تاقەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالېكتو تەڭرىشاھ خانىشىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، قاناتلىرىنى قې-قىپ، بېشىدىكى يىلانلارنى كۈشۈلدىتىپ ئەرشتىن ئايرىلدى - دە، جەھەننەمدىكى زەھەرلىك بۇس چىقىپ تۇرىدىغان ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# ئۇرۇش ئوقى بەتلەندى

تەڭرىشاھ خانىشى يۈنو ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتاتتى. بارلىق چارۋىچىلار دالىلاردىن شەھەرلەرگە كىردى. ئۇلار ئارمۇ بىلەن قىيما ـ چىيما قىلىنغان كالىپىسۇسنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئەرش ئىلاھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، پادىشاھ لاتىنۇسقا تەلەپ قويدى. تۇرنۇسمۇ ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان غەزەپلىك كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك تەرىزدە قىساس ئوتىنى ھەدەپ كۈچەيتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ھاراق ـ شاراب ئىلاھىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان ئاياللارمۇ ئورمانلىقتىن يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ، جەڭگىۋار شوئارلارنى توۋلاشتى. كۆپچىلىك ئىلاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باقماي، خۇددى سېھىرلەنگەندەك بۇ رەزىل ئۇرۇشنى قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

غەزەپلەنگەن كىشىلەر لاتىنۇسنىڭ ئوردىسىنى ئورىۋالدى. بۇ ياشانغان پادىشاھ كەلكۈن كەبى كىشىلەرنى كۆرۈپ، دەھشەتلىك دولقۇن كەبى گۈركىرەۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ شەپقەتسىز يۈنونىڭ كۆرسەتمىسى، قورقۇنچلۇق تەقدىرنىڭ قوچۇشى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاھ بىچارە پۇقرالار، سىلەر ئىلاھقا بىھۆرمەتلىك بولىدىغان ئىشنى قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر، سىلەر بۇ رەزىل ئۇرۇشقا ئىسسىق قېنىڭلار ۋە ھاياتىڭلار بىلەن بەدەل تۆلەيسىلەر، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆت-

كۆزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شان - شۆھرەت ۋە ھوقۇقتىن ۋاز كېچىپ، يىرگىنىشلىك ئۇرۇش ئېلان قىلىش مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئوردىغا سولىۋالدى - دە، پىنھان بىر جايغا يوشۇرۇندى.

تەگرىشاھ خانىشى يۇنو تاقەتسىزلىنىپ زادى بولالماي ئەرش-تىن چۈشۈپ، ئۇرۇش دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىۋەتتى. شۇئان تىنچ ھالەتتە ئۆتۈۋاتقان ئىتالىيە قايناپ كەتتى. ئۇرۇش ئوتى ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يېنىشقا باش-لىدى. كىشىلەرمۇ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن چىقىپ لاتىئوم قەلئەسىگە يىغىلدى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى پىيادە ماڭسا، بەزى-لىرى قاۋۇل ئاتلارغا مىنىپ توپا - چاڭ توزىتىپ ماڭاتتى. بەزىلىرى قالقان ۋە نەيزە ئۇچىنى ماي سۈرتۈپ پارقىرىتاتتى، بەزىلىرى بولسا پالتىنىڭ بىسىنى يىرىك تاشقا بىلەن ئىشتەتتى. بەش چوڭ شەھەرنىڭ ھەممىسىدە قايتىدىن قورال - ياراغلار ياسىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر تېرىلىۋاتقان يەرلىرىنى ئاق قال-دۇردى، ئورغاق، قوش - سۆرەملەرنى تاشلىدى، پۇختا كومۇش-لەر بىلەن تىزلىق ياساتتى، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان شەمشەر-لەرنى قايتىدىن ئوتقا سېلىپ تاۋلىدى. برونزا ساۋۇتلارنى كىيدى ... كىشىلەر تۇغ - ئەلەملىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، بۇرغا ئاۋازىغا سەما بولدى.

ئىتالىيىنىڭ بارلىق شەھەرلىرى قايناپ كەتتى، جىمى ياش-لار تولۇق قوراللاندى. ئەرش ئىلاھىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ناھايىتى ياۋۇز بىرى بىرىنچى بولۇپ مىڭ لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئاجۇرىنا شەھىرىدىن چىقىپ جەڭگە كىردى. ئارقىدىنلا ناھايىتى قاملاشقان بىر يىگىت ئاتلاندى. ئۇنىڭ ھارۋىسى غەلىبە بەلگىسى بولغان پالما شېخى بىلەن بېزەلگەن، قالقىنىغا دادىسى — يۈز باشلىق ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چېكىلگەن. ئۇ يېپيېڭى-چاقلىۋالغان شىر تېرىسى شامالدا لەپەڭشىيتتى، تېرىنىڭ مويى



سەت پاخپىيىپ تۇراتتى. شىرنىڭ بېشىدىن تېخى ئاپئاق چىشلىد-
رىمۇ كۆرۈنەتتى.
ئايال سەركەردە كامىللامۇ ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ
كەلگەن بولۇپ، برونزا ساۋۇت - دۇبۇلغىسى يالىلداپ كۆز
چاقنىتاتتى، ئۇ ئايال بولغىنى بىلەن يىپنى قانداق ئىگىرىدىغانلىد-
قىنى بىلمەيتتى، توقۇش، تىكىش سېۋەتىنى ھەم تۇتۇپ باقمىد-
غان. كىچىككىنە قىز بالا چېغىدىن باشلاپلا جەڭ قىلىشنى باش-
لىغانىدى، شامالدەك يۈگۈرۈك ئىدى، يۇمران باشاقلار ئۈستىدە
يۈگۈرەلەيتتى، ئاسمان - پەلەك ئۆركەش ياساپ دولقۇنلىنىۋاتقان
دېڭىزدا ماڭالايتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بېغىررەڭ، ناھايىتى
ئېسىل شاھانە لىباس، چېچىنى سېرىق چاچ قىسقۇچتا قىسىۋال-
غان، بىر قولىدا ئۆتكۈر پەي ئوقيا، بىر قولىدا نەيزىلىك كال-
تەك بار ئىدى. تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن توپ - توپ
ياش يىگىتلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن نەزەر تاشلاپ كۆز ئۈزەلمەي
قېلىشتى. يەنە نۇرغۇن پىيادە لەشكەرلەرمۇ يىغىلغان بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرش ئىلاھلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، دېڭىز ئىلاھ-
لىرىنىڭ ئوغۇللىرى، يەنە تروياىىقلارنىڭ دۈشمىنى ئاگامېمنون-
نىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. تاغلىق رايوندىن
كەلگەنلەرمۇ، قەلئە، شەھەرلەردىن چىققانلارمۇ ھەم بار ئىدى.
ھەممىدىن ئۈستۈن، سەلتەنەتلىك ئادەم يەنىلا تۇرنۇس بو-
لۇپ، ئېگىز دۇبۇلغىسىغا ئۈچ تال پەي قادالغان، ئوت پۈركۈيدى-
غان ئالۋاستى چىمايرانىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن. مىدىرلاپ تۇرد-
دىغان قالقىنىغا ئىككى مۈڭگۈزى يۆگىشىپ تۇرغان، يۇڭلۇق
كالا ئادەم ئىئو بىلەن چوپاننىڭ دادىسى ئېناكۇس نەقىشلەنگەند-
دى. ئېناكۇس خاسىيەتلىك شىشىدىن سۇ تۆكۈپ دەريا ھاسىل
قىلغانىدى. تۇرنۇس توسۇن ئېتىنى دېۋىتىپ، قوراللىنى بىر -
بىرىگە ئۇرۇپ، بۇرغا چالغانىدى، لاۋرېنتۇم قەلئەسىدە جەڭ
تۇغى كۆتۈرۈلدى.

مىس ساۋۇت كىيىپ، قاتار تىزىلىشقان بۇ قوشۇن پادىشاھ-
نى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىنى ياڭراتقىنىچە، ھەيۋەت - جاسارەت
بىلەن دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ لاتىنۇسنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى.
شۇئان پۇتكۇل لاتىئوم ياشلىرىنىڭ قېنى قىزىپ ئۇرۇش خۇمارى
تۇتتى، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم تۇتۇپ لەشكەر توپلىدى،
چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى قوي پادىلىرى چېچىلىپ كەتتى،
كەڭرى كەتكەن ئېتىزلار بوش قالدى.



## يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە

# دىب دەرياسى ئىلاھىنىڭ يول كۆرسىتىشى

ئانىئاس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەسرەت دېڭىزىدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ تۇرغانغا ئوخشاش، پىكىر قايىنىمىدا پىرقىراشقا باشلىدى، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەر، ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئەنسىز يۈرىكى لىپىلداپ تۇرغان شام كەبى رىتىمسىز سوقاتتى.

جاھانغا تۈن لىباسى يېپىلىپ، كائىناتتىكى جىمىكى ھارغان مەۋجۇداتلار، تۈرلۈك ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار ئۇيقۇ ماكانىدىن جاي ئالدى. زېمىنسىگە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن ئانىئاسنىڭ كۆڭلى قورقۇنچلۇق ئۇرۇش تۇپەيلى پەرىشان ئىدى. ئۇ تىپتىنچ دەريا ساھىلىدا سوزۇلۇپ ياتتى، سۈزۈك، سالقىن كۆك ئاسمان ئۇنىڭ ھارغىن تېنىگە يېپىنچا بولدى. ئاسمان بارا - بارا قاراڭغۇلاشتى. ئانىئاس ئاستا - ئاستا مۈگىدەشكە باشلىۋىدى، كۆز ئالدىدا دىب دەرياسىنىڭ ئىلاھى دىبرىنۇس پەيدا بولدى. بۇ مېھرىبان بوۋاي بۇ سۆيۈملۈك دەريادىن، سۆۋادان تېرەك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ماتادىن تىكىلگەن كۆل رەڭ ئۇزۇن چاپان بار ئىدى، خىرە كۆرۈنىدىغان قومۇش يوپۇرماقلىرى چاچلىرىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇ ئانىئاس بىلەن مۇلايىم ئاۋازدا سۆزلىشىپ، ئانىئاسنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلدى:

— ھەي ئەرش ئىلاھىنىڭ ئوغلى، سەن دۈشمەنىڭ قولـ

دىن تارتىۋالغان ترويا شەھىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى ئەجدادىڭ تۇر-
غان، ماكانلاشقان جايغا ئېلىپ كەلدىڭ. لاۋرېنتۇم بىلەن لاتىئوم
زېمىنىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرى، دالىلىرىنىڭ سېنى تەلمۈرۈپ
كۈتكىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولدى. بۇ يەر ھەقىقەتەن سېنىڭ
يۇرتۇڭ، ئائىلەڭ. يۇرتۇڭنىڭ ئىلاھلىرى ئەمدى مەشەگە ماكان-
لىشىدۇ، بۇ يەرنىڭ شەھەرلىرىنى ئەمدى سەن مەڭگۈ ئىلكىڭدە
تۇتىسەن، ياشىنىتىسەن. شۇڭا، سەن ئۇرۇش تەھدىتىدىن قور-
قۇپ كەتمە، كەينىڭگە يانما. ئەرش ئىلاھلىرىنىڭ غەزىپى كېيىن
بېسىلىدۇ. شۇملۇقلىرىدىنمۇ قول ئۈزىدۇ. سەن بۇ يەردە جاھانغا
مەشھۇر كاتتا بىر شەھەر قۇرۇپ چىقىسەن. سەن دەريا بويىدىكى
كاۋچۇك دەرىخى تۈۋىدە ياتقان پۈتۈن بەدىنى قاردەك ئاق، يوغان
بىر مىكىجىن (چىشى چوشقا) نى كۆرىسەن. ئۇ يېڭىلا 30 چوشقا
كۈچۈكىنى كۈچۈكلىدى، ياتقان مىكىجىننى ئېمىۋاتقان چوشقا
كۈچۈكلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاق، ئەنە شۇ سەن كەلگۈسىدە شەھەر
بەرپا قىلىدىغان جاي. ئازاب - ئوقۇبەتلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك
سەپىرىڭنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى، ساڭا ئارام بەخش ئېتىدىغان
جاي.

— مەن كۆك رەڭلىك دىب دەرياسى، ئاسمان ئەڭ ئامراق
دەريا -، دېدى دىبىرىنۇس سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سەن مېنىڭ
دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا قانداق ئۇرۇلغانلىقىمنى، ئۆركەشلەپ
ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلارغا قانداق ئېقىپ كى-
رىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ھەي ئىلاھەنىڭ ئوغلى، قەيس-
ەر ئوغلان. بۇ يەر مېنىڭ سەلتەنەتلىك ئوردا - قەسرىم،
مېنىڭ مەنبەئىم ئېگىز تاغلىق شەھەر ئارىسىدا. مېنىڭ دېگەن
بېشارەتلىرىم مۇتلەق توغرا. ئەمدى ساڭا كۆز ئالدىڭدىكى مەسى-
لىلەر ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ يول كۆرسىتەي. بۇ
ئەتراپتا تۇرىدىغانلار ئاركادىيىلىكلەر بولۇپ، ئۇلار پاللاسنىڭ
ئەۋلادى. پادىشاھ ئېفاندىرنىڭ ئادەملىرى (قول ئاستىدىكىلىرى)

، ئۇلار تاغلىق رايونلاردىن بىر كونا شەھەر خارابىسىنى تېپىپ
شۇ يەردە شەھەر قۇردى. ئۇلار لاتىنلار بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشۇپ
تۇردۇ. سەن ئەنە شۇلار بىلەن بىرلەش، ئىتتىپاق تۈز. مەن
سىلەرنىڭ ئېقىنىمنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ، ئىچكى قۇرۇق-
لۇقتا ئۇرۇشلۇق كىرىشىڭلارغا ياردەم قىلىپ، يول باشلايمەن.
ھەي ئىلاھەنىڭ ئوغلى، ترويا بىلەن ئىتالىيىنىڭ داھىيسى قوپ-
قىن، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ئاسماندىن يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلى-
غاندا، سەن قائىدە بويىچە تەڭرىشاھ خانىشى يۇنوغا دۇئا قىل-
غىن. ئۇنىڭ غەزەپ ۋە تەھدىتلىرىنى دۇئا - تىلاۋەتلىرىڭ ۋە
قەسەملىرىڭ بىلەن پەسەيتكىن.
دەريا ئىلاھى سۆزىنى تۈگەتتى - دە، شۇڭغۇپلا دەرياغا
كىرىپ كەتتى. كۆك رەڭلىك دىب دەرياسى لۆمشۈپ ئېقىۋەردى.
قاراڭغۇ تۈن بىلەن ئۇيقۇ ئانېئاستىن يىراقلاشتى. ئانېئاس دەر-
گۇماندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى. يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن
قۇياش بالقىپ كائىناتنى نۇرغا چۆمدۈرگەنىدى. ئۇ دەريادىن
ئېھتىرام بىلەن بىر ئۇچۇم سۇ ئالدى - دە، كۆككە قاراپ چىن
كۆڭلىدىن ئىلتىجا قىلدى:
— ھەي سۇ پەرىسى، لاۋرېنتۇم سۈيىنىڭ پەرىسى، دەريا-
لار، ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى سىلەر تۇرغان يەرلەردىن باشلىنىدۇ.
ھەي پەرى، ياشانغانلار دەرياسى دىب، سىز، يەنە سىزنىڭ مۇقەد-
دەس سۇلىرىڭىز مەن ئانېئاسنى قوينۇڭلارغا ئېلىڭلار، ترويالىق-
لاردىن بالا - قازانى نېرى قىلىڭلار، بىزگە تىنچلىق، ئاراملىق
بېرىڭلار، ھەي كۆپ مۇڭگۇزلۇك دەريا ئىلاھى، غەربىي دىيار
سۇلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى، مەيلى سىز قايسى پىنھان جىلغا، جىرا-
نى مەنبە قىلىڭ، مەيلى ئۆزىڭىزنىڭ ناز - خۇلقلىرىڭىز، يېقىم-
لىق ناخشا - كۈيلىرىڭىز بىلەن قايسى يەرنى كۈلدۈرۈڭ، بەخت-
سىزلىكلىرىمىزگە خەيرىخاھلىق قىلغىنىڭىز سەۋەبلىك، مەڭگۈ
ھۆرمىتىمىزگە سازاۋەر بولسىز، مەڭگۈ ئېتىقاد قىلىشىمىزغا



ئېرىشىسىز، ھازىر مەن سىزدىن ئۆز ئىرادىڭىزنى، تىلەكلىرىڭىزنى يەنە بىر نۆۋەت مەلۇم ئالامەتلەر بىلەن دەلىللىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

پاھ، ئەنە قارا، ئانېئاسنىڭ كېيى تۈگىشىگە ترويالىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ غەلىتە بىر مەنزىرە پەيدا بولدى: بۇك - باراقسان قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە، يېشىل مەخمەل كەبى ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان دەريا بويىدا قاردەك ئاق بىر مىكىجىن، ئەتراپىدا بىرمۇنچە كۈچۈكلىرى ياتاتتى. بۇنى كۆرۈپ ساداقەتمەن ئانېئاس نەزىرلىك بۇيۇملىرىنى ئەكەلدۈردى، ئاندىن مىكىجىن بىلەن كۈچۈكلىرىنى مېھراب ئالدىغا ئەكىلىپ قۇربانلىق سۈپىتىدە يۇنوغا تەقدىم قىلدى.

بۇ كېچە شاۋقۇنلاپ، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دېب دەرياسى تىنچلىنىپ، تىمتاس بولۇپ قالدى، دەريا يۈزى گويا مىس ئەينەككە ئوخشاش يالتىرايتتى. ئانېئاس ۋە ھەمراھلىرى ئال-قىش، چۇقان - سۈرەنلىرى ئىچىدە يولغا چىقتى. ئۇلار سۈرئە-تىنى تېزلىتىپ، دېب بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىتتىپاق-دىشى، ئېفاندېرنىڭ پايتەختىنى ئىزدەپ ماڭدى.

قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان كېمىلەر سىلىق يۈرەتتى، قا-راڭغۇلۇقتا لەشكەرلەرنىڭ قالقانلىرى يالت - يۇلت قىلاتتى، چىرايلىق رەڭدار نەقىشلەنگەن كېمىلەر دەريادىن ئۆتكەندە، دەريا دولقۇنلىرى ۋە دەل - دەرەخلەر ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى. ئۇلار ھاردىم - تالدىم دېمەستىن بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈردى.



قۇياش ئاسمانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن (قۇياش تىكلەشكەن) چاغدا، يىراقتىن شەھەر سېپىلى، قەلئەلەر، ئۇ يەر - بۇيەردە ئۆيلەر كۆزگە تاشلاندى. ترويالىقلار ئالدىراپ - تېنەپ كېمىنىڭ بېشىنى قىرغاققا توغرىلاپ، ئېفاندىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەھەر- گە يېقىنلاشتى.



## يىگىرمە بەشىنچى قىسسە

# ياردەم سوراش

دەل بۇ كۈنى ئاركادىيىلىكلەرنىڭ پادىشاھى شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىقتا ئۇلۇغ ئىلاھلارغا ئاتاپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. پادىشاھ بىلەن ئوغلى پاللاس، بارلىق ئېسىلزادە باتۇر ياشلار، نامرات دەرۋىشلەر كۈجە كۆيدۈرۈۋاتاتتى، مېھراب ئالدىدا قىلىنغان قۇربانلىقلارنىڭ قېنىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇلار توساتتىن قويۇق ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان كاتتا كېمىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولدى. دەرھال زىياپەتنى تاشلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. جەسۇر پالۋان پاللاس قورالىنى قولغا ئالدى - دە، كەلگەنلەرنى توسۇش نىيىتى بىلەن دەرھال ئۆزى يالغۇز ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ، كىيىم - كېچەكلىرى باشقىچە، يوچۇن ياقا يۇرتلۇق كىشىلەرگە قاراپ توۋلىدى.

ترويا داھىيسى ئانېئاس كېمە بېشىنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ تىنچلىق بەلگىسى بولغان زەيتۇن شېخىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، ياڭراق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بىز دېگىنىز - ئوكيانلار كېزىپ كەلگەن ترويالىقلار - ، قولىمىزدىكى قورال لاتىنلارغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق، يولسىزلىق قىلىپ يۇرت - ماكانىمىزدىن ئايرىلغان بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى. بىز ئېۋاندېرنى ئىزدەپ كەلدۇق. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ترويالىقلار تىنچلىق خەۋىرى (ئۇچۇ-

رى) بىلەن كەلدۇق. رەھبىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىتتىپاق تۇزۇشنى
ئىلتىماس قىلىدۇ.

پاللاس ئۇلارنىڭ ترويالىقلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ ئە-
جەبلەندى. دەرھال ئانېئاسنى قولىدىن تارتىپ ئۆزلىرىدە مېھمان
بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىرغاقتىن ئايرى-
لىپ ئورمانلىق تامان يۈرۈپ كەتتى. پادىشاھ ئېفاندېر ترويا
داھىيسىنى كاتتا سورۇن تۇزۇپ كۈتۈۋالدى. ئانېئاس دوستانە
سۆزلەرنى قىلىپ پادىشاھتىن ھال - ئەھۋال سورىدى:

— ھەي، يۇنانلىقلارنىڭ ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئەۋلادى -، مەن
تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ دەۋتى بىلەن سىزگە ئىلتىماس بىلەن كەل-
دىم. سىزگە رەڭدار لېنتا چىگىلگەن زەيتۇن شېخىنى تۇتىمەن.
بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ داھىيسى
ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم، شۇنداقلا سىزنىڭ ئاگامېمنۇنىڭ قېرىن-
دىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قورقۇپ، ھېيىقىپ ئولتۇرغىنىم
ئەمەس. مېنىڭ جۈرئىتىم -، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ بىر تۇغقاندەك دوستلۇقى ۋە سىزنىڭ يىراق - يېقىندا
مەشھۇر نام - ئابرۇيىڭىز مېنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
ئاڭلىق ھالدا بويسۇندۇرۇپ، ئالدىڭىزغا كەلتۈردى. بىز ئىككى
ئائىلە ئوخشاش بىر قان سىستېمىسىدىكى ئىككى تارماق ھېسابلى-
نىمىز. شۇڭا مەن تۇغقانچىلىق مېھرىمىز ۋە باتۇرلىرىم، جۈر-
ئىتىمگە تايىنىپلا ئەلچى ئەۋەتمەستىن ياكى باشقىچە يول تۇتماس-
تىن، جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ كېلىپ سىز بىلەن بىۋاستە
كۆرۈشۈپ، سىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم.

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا شەپقەتسىز ئۇرۇشنىڭ تەھدى-
تىگە ئۇچراۋاتىمىز، — دېدى ئانېئاس سۆزىنى داۋام قى-
لىپ، — ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەر ئەگەر
بىزنى قوغلىۋېتەلىسە، پۈتكۈل غەربىي دىيار ئۆزىنىڭ قولىدا
بولىدىغانلىقىغا، شىمالىي دېڭىز قىرغىقىدىن تاكى جەنۇبىي دې-

ڭىز قىرغىقىغىچە پۈتكۈل جاينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغان-لىقىغا ئىشىنىدۇ. كىرەملىك شاھىم، مەن بىلەن ئوخشاش قان سىستېمىسىدىكى تارمىقىم، مېنىڭ قەسىمىمنى قوبۇل قىلغاي-سىز، ئۆزىڭىزمۇ قەسەم بىلەن كۆڭلىڭىزدىكىنى ئىپادىلىگەي-سىز! بىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمىز تاغنى تالقان قىلىۋېتەلەيدۇ، جاسارىتىمىز، جەڭگىۋارلىقىمىز بىلەن مەڭگۈ غالىب كېلىمىز. چۈنكى، بىز جەڭلەردە سىناقلاردىن ئۆتكەن قەھرىمانلار، بىزنىڭ كاتتا ئەسكىرىي كۈچىمىز ۋە جەڭ ماھارىتىمىز يىراق - يېقىندا داڭق چىقاردى، شۇڭا بىز بىرلەشسەكلا بارلىق تەھدىتلەرنى يوق قىلىۋېتەلەيمىز.

ئېفاندېر ئۆزۈنغىچە تىكىلىپ قاراپ ئانېئاسقا ئىنچىكىلەپ زەن سالدى. ئانېئاسنىڭ چىرايى، كۆزلىرى شۇنچىلىك تونۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن تەپچىپ تۇرغان ئىلاھىي نۇر ۋە غەيۇرلۇقمۇ ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ياشانغان پادىشاھ ئاخىر ئېسىگە ئالدى-دە، خۇشال بولۇپ ئانېئاسنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— ھەي باتۇر ترويالىق -، مەن سىزنى تونۇۋالدىم. سىز ماڭا ئۇلۇغ ئانكىسېسنىڭ گەپ - سۆزى، ئاۋازى، چىرايىنى ئەسلەتتىڭىز! مەرھابا قەھرىماننىڭ ئوغلى! ئاتىڭىز ئانكىسېسنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا، مەڭزىمدە تېخى ئۆسمۈرلۈك نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. مەن تروياننىڭ داھىيلىرىغا، رەھبەر-لىرىگە بەكمۇ چوقۇناتتىم. ئانكىسېس تالا - تۈزگە چىقسا جىمى ئادەمدىن ئېگىزلىكى، بەستىلىكلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئۆسمۈرلۈك قەلبىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلى-شىش، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى تۇتۇش، ئېسىلزادىلەرگە خاس نۇرانە پېشانىسىگە سۆيۈش ئىستىكى بىلەن ياناتتى. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن فىنيۇس شەھىرىگە باشلاپ ئاپارغانمەن. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇ ماڭا ناھايىتى ئېسىل بىر ئوقدان، سېرىق مەشۇت يىپتا كەشتىلەنگەن پلاش ۋە ئالتۇن

يۇگەن بەرگەنندى. يۇگەننى ئوغلۇم پاللاس هازىرغىچە ئىشلىتىدۇاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن ـ، سىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىتتىپاق تۈزىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتە ئەتىگەن تاڭ نۇرى ئالەمنى يورۇتقان مەھەلدە، سىزگە ياردەملىشىدىغان ئادەم ۋە ئۇلۇرغۇن ماددىي ئەشيا بېرىپ، سىلەرنى خۇشال ـ خۇرام ئۇزىتىپ قويىمەن.

ياشانغان پادىشاھ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئانېئاسنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە مەرىكىگە ئىشتىراك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، كىشىلەرگە ئالدىرىۋۋەتكەن ئۇستەللەرنى قايتا تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى، ئانېئاسقا ئالاھىتەن شىر تېرىسى سېلىنغان ئېسىل كۇرسىنى هازىرلاتتى.

ئاستا ـ ئاستا گۇگۇم يېقىنلاشتى. ئاركادىيىلىكلەر بىلەن تروياللقلار ئىككىنچى قېتىملىق زىياپەتتىن قانغىچە بەھرىلەندى. بېشىغا تېرەك شېخىنى ئورىۋالغان كاھىنلار مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل ئورمانلىقتا جاراڭلىدى، ئېگىز تاغلار، چوققىلارمۇ ئەكس سادا قايتۇردى.

مۇقەددەس، كاتتا مەرىكە ئاخىرلاشتى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شەھەرگە قايتىشقا باشلىدى. پادىشاھ يولغا چىققاندا بۆلەكچە روھلىنىپ ئېچىلىپ كەتتى، ئانېئاسقا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پاللاس ھەمراھ بولدى. يول هارغىنلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، پادىشاھ يول بويى پاراڭ قىلىپ ماڭدى.

يېڭى كۆرۈنۈش، يېڭى مەنزىرىلەر ئانېئاسنى مەپتۇن قىلدى، هاياجانغا سالدى. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى شادلىنىپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى. پادىشاھ ئېفاندېر كەلگۈسى هۆكۈمرانغا چۈشەندۈردى:

— ھەي تروياللقلارنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى، ئانكىسېسنىڭ ئوغلى، بۇ يەردە ئەسلىي يەرلىك پائۇنۇس ئورمىنىنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن دەريا مالائىكىلىرى، يەنە دەرەخلەرنىڭ غوللىرىدىن پەيدا بولغان ئادەملەر ياشايتتى. ئۇلار مەدەنىي تۇرمۇشنى چۈشەن-

مەيتتى. كالىنى قوشقا قېتىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ھوسۇل ئېلىشنى بىلمەيتتى. توپلاش ۋە ئىقتىسادچانلىق دېگەنلەرنى تې- خىمۇ ئۇقمايتتى. شۇڭا ئۇلار دەرەختىكى مېۋىلەرنى يېيىش، ئوۋ ئوۋلاشقا تايىنىپ، ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

— بۇ يەرگە دەسلەپتە دېھقانچىلىق ئىلاھى ساتۇنۇس كەلدى. ئۇ يۇپىتېردىن يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن ئولىمپىس تېغىدىن بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالغانىكەن. ئۇ تاغلار ئارىسىدا چېچىلىپ ياشاۋاتقان بۇ ياۋايى قەبىلىلەرنى تەشكىللىدى، ئۇلار ئۇچۇن قا- نۇن، تۈزۈملەرنى تۈزدى، بۇ جايغا لاتىئوم دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ بۇ ياۋايىلارنى رايىش، ئاق كۆڭۈل، دوستانە تەبىئەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتتى. شۇڭا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئالتۇن دەۋر بولدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا دەۋر ئۆزگى- رىپ كىشىلەر ئۇرۇشقاق بولۇپ كەتتى. شەھەر ۋە يېزىلاردا ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك يامراپ كەتتى. ئىلاھ ئاپوللونىڭ ئەمىر قىلىشى، ئانام، يەنى دېڭىز مالائىكىسى كارمېنتىنىڭ قات- تىق ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن مەنمۇ يۇرت - ماكانىمدىن ئايرىل- دىم. ھەممىگە قادىر تەقدىر ئىلاھەسى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىر - قىسمىتىم مېنى جاھاننىڭ مۇشۇ بىر چېتى- گە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

ئېۋاندېر ئانېئاسقا بىر مېھراب بىلەن يوغان بىر دەرۋازىنى كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ دەرۋازا ئېۋاندېرنىڭ ئانىسى، يەنى دېڭىز مالائىكىسى كارمېنتىنى خاتىرىلەش ئۇچۇن سېلىنغان بولۇپ، ئانېئاسنىڭ ئەۋلادى بۈيۈك تۆھپىلىرىنى يارىتىدۇ، بۇ يەردىكى شەھەر پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر بولىدۇ، دېگەن بېشارەتنى تۇنجى بولۇپ شۇ ئايال مالائىكە ئېيتقانىكەن.

پادىشاھ ئانېئاسقا يەنە سوغۇق ئۆڭكۈر، غارلارنى، مۇقەد- دەس ئورمانلىقنى، ئالتۇن كانى بولغان تاغ چوققىلىرىنى كۆر- سەتتى. كېيىن پادىشاھ چىناردەك ئېگىز، بەستلىك ئانېئاسنى پاكار، تار ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى.

## يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە

# ئانىنىڭ غەمخورلۇقى

قاراڭغۇلۇق كۆل رەڭ قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ كائىناتنى قۇچاقلىدى. ئانېئاس شاخ - شۇمبىلار سېلىنغان تۆشەكتە لىۋىيە ئېيىقىنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ يېتىپ ئۇيقۇ ماكانىدا سەيلە قىلدى. ترويالىقلار بىلەن لاۋرېنتۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك يېقىن كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئانېئاسنىڭ ئانىسى غەم - ئەندىشە، بىلەن ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تۇرنۇسنى يېڭىشىگە ياردەم قىلمىسا بولمايتتى.

تەڭداشسىز گۈزەل ئىلاھە ئېرى فۇركاننىڭ قېشىغا ئۇچۇپ باردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئەرش پەرىلىرىگە خاس گۈزەللىك، مېھىر ۋە جەلپكارلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئېرى، يەنى ئاتەش ئىلاھى ۋە بازغانلاش ئىلاھى گۆلدەك ھۈنىرى، چېۋەر قوللىرى بىلەن ئولېمپىستىكى ئىلاھلارغا ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئوردىلارنى ياساپ بەرگەن، ئىلاھلار ئاتىسى يۇپىتېرغا ئالاھىتەن ئىلاھىي قالقان بىلەن ھاسا ياساپ بەرگەن، ياۋۇز ئاكىللېسقا يېڭەلمەس دۇبۇلغا، قالقان سوقۇپ بەرگەنىدى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىزنىڭ ئىلاھىي كۈچىڭىز بىلەن ئوغلىمىزغا بىر قورال ياساپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ كەلدىم. ئېمىشقا دېسىڭىز-، ئوغلۇم ئانېئاس يۇپىتېرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن لاتىئوم زېمىنىدا پۇت قويغۇدەك (ماكانلاشقۇدەك) جاي تاپتى. ئەپ-

سۇسكى، يەرلىك مىللەتلەر ئۇنى سىغدۇرمايۋاتىدۇ، قۇدرەتلىك تۇرنۇس ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ ئىشنى؟ قەدىرلىك جورام، ئۇ يەردىكى قەبىلىلەر لەشكەرلىرىنى يىغىۋاتىدۇ، شەھەرلەردە دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېلىۋاتىدۇ، سىز ئاگاھىمنون بىلەن ئاكىللىبسقا ساۋۇت - دۇبۇلغا ياساپ بەرگەندىڭىز. ئەمدى ئوغلۇم ئانىئاسقا ياردەم قىلىشىڭىزنى سوراپ كەلدىم. تىلىكىمنى بەجا كەلتۈرىدىغانلار بولسىڭىز، سىزگە بولغان مۇھەببىتىم، يالقۇن كەبى ئوتلۇق، بال كەبى شېرىن سۆيگۈم بۇلۇت قاتلاملىرىنىمۇ ئۆتۈپ، كۆزلەرنى چاقناتقان كۆچلۈك نۇرغا ئوخشاش مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

فۇركان شۇئان مۇھەببەت كىشىنى بىلەن چۇشەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوت باشقۇرىدىغان بۇ كاتتا ئىلاھ تۈن يېرىم يولىنى ئەمدى بېسىپ بولۇشىغا يۇمشاق، ئىسسىق ئورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، ئانىئاسقا قورال - ياراغ سوقۇپ بېرىش ئۇچۇن تۆمۈر سوقىدىغان ئوچاق يېنىغا باردى.

سىسىلىيىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر ئارال دېڭىزدىن سوزۇلۇپ چىققان بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا بۇژغۇنلار شوخ ئوينايتتى، قىيالار ئاسمانغا بوي تارتقانىدى. بۇ ئارالنىڭ ئاستىدا يانار تاغ بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن نۇرغۇن غار بار ئىدى. كوكلوپۇس مەشەدە ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ئاجايىپ گۇلدۇر - غاراس ئاۋازلار بىلەن تۆمۈرچىلىك قىلاتتى. رۇدىلارنى ئېرىتكەندە چىقىدىغان پاراس - پۇرۇس ئاۋازلار ۋە ئوتلارنىڭ چاچرىشىدىن چىققان چاراس - چۇرۇس ئاۋازلار مانا مەشەدىن چىقاتتى. بۇ جاي فۇركاننىڭ ئۆيى بولغانلىقى ئۇچۇن، فۇركانىيە دەپ ئاتىلاتتى.

غايەت زور بۇ غارلاردا كوكلوپوسنىڭ گىگانت ئادەملىرى «قاتتىق گۇلدۇرماما»، «چاقماق» ۋە يالىڭاچ بىلەك «ئوت سەندىلى» تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر چېقىن (چاقماق)

كالتىكى ياساۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى پۈتۈپ پارقىرىتىل-
غان، قالغان قىسمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قىلىپى چىقىرىلغان-
دى. ئۇلار كالتەككە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئۈچ بۆلەك
يامغۇر، ئۈچ پارچە يامغۇرلۇق بۇلۇت، قىپقىزىل ئۈچ تۇتام
ئوت، ئۈچ بۆلەك قانلىق جەنۇب شامىلى ئورناتتى، ئۇنىڭدىن
باشقا، تەڭرى ئاتىنىڭ چېقىن كالتىكىگە يەنە قورقۇنچلۇق چاق-
ماق، ۋەھىمە، غەزەپ، ئاجايىپ كۈچلۈك ئاۋاز ۋە قىساس ئۈچ-
قۇننى يۇغۇرۇپ كىرگۈزۈۋەتتى.

باشقا بىر جايدا گىگانت ئادەملەر ئۇرۇش ئىلاھىغا جەڭ
هارۋىسى ياساۋاتاتتى. ئۇرۇش ئىلاھى قاناتتەك ئۇچقۇر چاقى بار
مۇشۇ هارۋىغا ئولتۇرۇپ شەھەرلەرگە ۋە ئادەملەرگە قۇتراتقۇلۇق
قىلاتتى. ئۇلار يەنە كۆرسە ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان قورقۇنچ-
لۇق قالقانلارنى سۈرتۈۋاتاتتى. بۇ، ئەقىل - پاراسەت ئىلاھەسى-
نىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا ئىشلىتىدىغان قورال ئىدى. ئۇلار
قالقاندىكى بوغما يىلاننىڭ سېرىق قاسىراقلىرىنى ۋە ئالۋاستى
گورگوننىڭ يىلان بېشىنى بەس - بەستە سۈرتۈۋاتاتتى. بۇ ئايال
ئالۋاستىنىڭ بېشى بويىندىن كېسىۋېتىلگەن بولسىمۇ، كۆزلىرى
پىلدىرلاپ تۇراتتى.

ئاتەش ئىلاھى ئەرشتىن بۇ يەرگە كېلىپ، گىگانت ئادەملى-
رىگە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئېتىنا تېغىنىڭ گىگانتلىرى —، ھەممىڭلار ئىشىڭلارنى
توختىتىپ گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار. ھازىر بىز ناھايىتى
قەھرىمان بىر ئىنسانغا قورال ياسايمىز. بۇ قېتىم سىلەر بارلىق
كۈچۈڭلارنى، چېۋەر قوللىرىڭلارنى، ئەڭ يۇقىرى، مۇكەممەل
هۈنەرلىرىڭلارنى ئىشقا سالمىساڭلار بولمايدۇ. ھورۇنلۇق قىل-
ماي دەرھال ئىشقا كىرىشىڭلار! — دېدى.

فۇركان ھەربىر ئادەمگە قىلىدىغان ئىشلارنى تەقسىملەپ
بەردى. گىگانتلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دەرھال ئىشقا كىرىش-

تى. قاتتىق پولاتلار يوغان ئوچاقلارغا سېلىنىپ ئېرىتىلدى. ساپسېرىق رۇدا ۋە مىسلارمۇ ئېرىپ ئېقىپ چىقتى. ئۇلار ئاخىر لاتىنلارنىڭ بارلىق ئوقيا ئوقلىرىنى توسۇپ قالالىغۇدەك يوغان قالقاننى ياساپ پۈتتۈردى. قالقاننىڭ يۈزىنى يەتتە قەۋەت قىلىپ ياسىدى. بۇنى ياسىغۇچە بەزىلەر كۆۋرۈك تارتتى، بەزىلىرى قىپقىزىل قىزارغان مىس، تۆمۈرلەرنى سۇغا سېلىپ پىژىلدىتىپ تاۋلىدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ نۆۋەت بىلەن ئۇر-غان بازغانلىرىنىڭ «جاڭ - جۇڭ» ئاۋازلىرى ۋە گۈلدۈر - گۈمبۈرلەر غارنى تەۋرىتىۋەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە

# كۆچىنى زورايتىش

فۆركان غاردا ناھايىتى جىدەللەپ ئىشلەۋاتقاندا، ئىنسانلار دۇنياسىنى تاڭ نۇرى ئىللىق نۇرغا چۆمدۈردى. لەمپىدە ماكان تۇتقان قۇشلار تاڭ سەھەردىلا شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ ئېفاندېرنى ئويغاتتى. پادىشاھ كالتە كۆڭلەك، ساپما ئاياغنى كىيدى، مۈرد-سىگە بولسا بېلىگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قىلىچنى ئاستى، قاپلان تېرىسىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە، ئاددىيغىنا ئۆيىدىن چىقىپ مېھمىنى ئانېئاسنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ ماڭدى.

ئىشىكنى باقىدىغان ئىككى ئىت ئېگىز پەلەمپەيدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىردەم خوجايىنىنىڭ پۇتلىرىغا سۈركۈلۈپ، بىردەم خوجايىنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يۈگۈرۈپ، بىردە بولسا خوجايىن بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ دېگەندەك خوجايىنغا ھەمراھ بولدى. ئېفاندېر تۈنۈگۈنكى سۆھبەتنى ئۇنتۇمىغان، ئالىيجاناب كىشى بولغاچقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئېفاندېر بىلەن ئانېئاس ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇشتى. ئالدى بى-لەن ياشانغان پادىشاھ ئېغىز ئاچتى:

— تروياننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىيسى، تۈنۈگۈن سىزگە ياردەم بېرىمەن دەپ ۋەدە بەردىم. سىزلا ھايات بولىدىكەنسىز، قۇدرەت-لىك تروييا دۆلىتىنى ھەرگىزمۇ گۇمران بولدى، دەپ قارىماي-مەن. بىزنىڭ قۇرۇق ئاتىقىمىز بولغان بىلەن كۈچىمىز ئاجىز. شۇڭا رۇتۇلىيەلىكلەر بىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، سېپىلىمىز

ئەتراپىدا كۆپلىگەن دۈشمەنلىرىمىز توختىماي چۈقان سىلىۋاتى-
دۇ.

— ئەمما، ئانكىسىپسنىڭ ئوغلى، سىز قورقماڭ، چۈنكى
مەن سىزنى بەزى چوڭ قەبىلىلەر، خەلقى باي، ئەسكىرىي كۈچ
جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويىمەن. بۇ
يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا ئاگۈلا دەپ ئاتىلىدىغان
بىر قەدىمىي شەھەر بار. ئۇ شەھەر ناھايىتى ئۇزۇن زامان گۈل-
لەنگەندىن كېيىن، ناھايىتى زالىم بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالدى. بۇ شەپقەتسىز زالىم بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈردى،
جىمىكى ئەسكى ئىشلارنى قىلدى، ھەتتا رەھىمسىزلىك بىلەن
ھايات ئادەمنى قولىنى قولىغا، ئاغزىنى ئاغزىغا توغرىلاپ سىپىتىپ
كەتكەن، قان ئېقىپ تۇرغان ئۆلۈكلەر بىلەن قوشۇپ باغلاپ،
تىرىك ئادەمنى ئاستا - ئاستا بۇرۇقتۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەندى.
ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئاخىر ئۇنىڭ چىدىغۇسىز زالىملىقلىرى، رەھ-
ىمسىزلىكىگە چىدىيالماي، قولىغا قورال ئېلىپ ئۇنىڭ قورۇق-
چىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
ئۇر - چاپتا ئۇ زالىم پادىشاھ تۇرنۇسنىڭ دۆلىتىگە قېچىپ
بېرىپ، تۇرنۇسنىڭ قورallıq ھىمايىسىگە ئېرىشىۋالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئېتلۇلىيە دۆلىتى قايناپ كەتتى. كىشىلەر ئادىللىق تەلەپ
قىلىشتى، قىساس ئېلىشنى، زالىم پادىشاھنى جازالاپ بېرىشنى
تەلەپ قىلىشتى، بولمىسا تۇرنۇس بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى
ئېيتتى.

— ئېتلۇلىيىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كېمىلەرنى قىرغاققا
زىچ جايلاشتۇرۇپ قويدى، بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ
چوقان سېلىشىۋاتىدۇ. ئەمما بىر ھۆكۈما بوۋاي، تەقدىر ئۇ
ئىتالىيىلىكنىڭ سىلەرنىڭ قەبىلەڭلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا
يول قويمايدۇ، سىلەر چوقۇم يات ئەلدىن كەلگەن بىر كىشىنى
قوماندان قىلىشىڭلار كېرەك، دەپ ئۇلارنى توسۇپ قالدى. ئېت-

لۇلىيە قوشۇنلىرى ئەرش ئىلاھىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئالاقزادە بولدى، غەزىپىنى باسالماي قالدى، لېكىن ئامالسىز جايىدىن قوزغالماي تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۇلار ئېتلۇلىيىنىڭ پادىشاھلىق تاجى ۋە ھوقۇق ھاسىسى بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتتى. نوپۇزىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ نەرسىلەرنى ماڭا بېرىپ، مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ لاگېرىغا قاتنىشىشىمنى، ئېتلۇلىيىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. لېكىن، مەن ياشىنىپ قالدىم، ئاجىزلاپ كۈچتىن قالدىم، يۈرۈش - تۇرۇشۇممۇ بۇرۇنقىدەك چەبدەس ئەمەس، شۇڭا ئۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. بۇ ئېغىر يۈكنى ئوغلۇم پاللاسقا يۈكلىسەممىغۇ بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ قېنى ساپ ئەمەس، ئانىسى مۇشۇ جايغا يەرلىك. ئانېئاس، بۇنىڭغا سىزلا مۇۋاپىق كېلىسىز، سىزنى ئۇلارغا قوماندان بولسا دەيمەن. مەيلى ياش جەھەتتىن ياكى قان سىستېمىسىدىن بولسۇن، تەقدىر ئىلاھى سىزگە ھەممىنى تولۇق بەرگەن. ئەرش ئىلاھىنىڭ تەلەپ قىلغىنىمۇ سىزدەك ئادەم. شۇڭلاشقا سىز تروياللىق ۋە ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ جەسۇر داھىيسى، ئىلاھلارغا خاس كۈچ - ھەيۋىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، بۇ بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ! مەن ئۈمىددىم، كۆڭلۈم خۇشلۇقى، ئارزۇ - ئارمىنىم بولغان ئوغلۇم پالاسنى سىزگە قوشۇپ قويىمەن. ئۇ سىزدىن ئۆگىنىپ تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە چىدايدىغان، ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئادەم بولسۇن.

ئېفاندېرنىڭ سۆزلىرى ئانېئاسنىڭ يۈرىكىگە ئۈمىد ئوتىنى تۇتاشتۇردى، شۇنداقلا مۇشەققەتلىك ئىستىقبال ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن ئىلاھە ۋېناس دەرھال قۇياش ئوچۇق ئاسماندا بېشارەت بەردى، يەنى ئاسماندا توساتتىن چاقماق چېقىپ، كەينى - كەينىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. شۇئان

گويا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك دەممۇدەم ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى.

كىشىلەر ئالاقزادە بولۇپ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى. ئو- چۇق ھاۋا، سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچە رەڭدار بۇلۇتتىن نۇر بالقىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ئانىسىنىڭ بەلگىسى، ئۇرۇشتىن بەرگەن بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىرلا ئانېئاس بىلدى.

ئانېئاسنىڭ يۈرىكىدە بىردىنلا غەلىبە ئۈمىدى شادلىنىپ، قەتئىي ئىرادىسى، قەھرىمانلارچە قارارى يەنىمۇ كۈچەيدى، پۈ- تۈن ۋۇجۇدى كۈچكــە تولــدى. ئۇ ئورنىدىن شاققىدە تۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا يەر مالائىكىسى بىلەن يۇرت ئىلاھىغا تەزىم قىلدى. ئاندىن بىر قىسىم ئەڭ باتۇر، كۆزگە كۆرۈنگەن لەشكەرلەرنى تاللىۋالدى. قالغانلار كېمىلەرگە چىقىپ



دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاسكانىئۇسقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىقىن بويى-
لاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. ئىتلۇلىيگە بارىدىغان تروياليقلار
ئاتلارغا مىندى. ئانىئاسمۇ بىغىر رەڭ شىر تېرىسى سېلىنىپ
ئالاھىتەن جابدۇلغان ئېسىل بىر ئاتقا مىندى. شىرنىڭ سېرىق
تىرناقلىرى يالىلداپ تۇراتتى.

ئۇرۇش بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەۋەر گويا قانات چىقار-
غاندەك كىچىككىنە شەھەرگــە ناھايىتــى تېز تارقالــدى. ئانىلار
ئارقا - ئارقىدىن تەڭرىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. خەۋپ -
خەتەر قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەكلا يېقىنلاپ كەلدى، سارا-
سىمە ۋە قورقۇنچمۇ تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ
كۆلەڭگىسى بارا - بارا يوغىناپ، پۈتكۈل ئاكاردىيە ئاسمىنىنى
قاپلىدى.

ياشانغان پادىشاھ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولغان ئوغلىنىڭ
قولىنى چىڭ تۇتتى، ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزى ياشتىن يۇيۇل-
دى. ئۇ ياشلىق جاسارىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى، ئوغلى پال-
لاسنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ قېلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ
قىلدى. ئۇ ئەرش ئىلاھىنىڭ ئۆز جېنىنى ئېلىشقا رازى ئىدىكى،
تەقدىر ئىلاھەسى ئەۋەتكەن قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاشنى پەقەتلا
خالىمايتتى.

شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىپ جەسۇر ئاتلىق قوشۇن دەبدەبى-
لىك يوسۇندا شەھەردىن چىقتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ئانىئاس
كېتىپ باراتتى، پاللاس بولسا ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياش، قاملاشقان بوي بەستىگە ئۇچۇق رەڭ-
لىك پلاش تولىمۇ ياراشقان، قولىدىكى قوراللىرى قۇياش نۇرىدا
ھەر خىل رەڭدە يالتىرايتتى. ئۇ گويا چولپان يۇلتۇزىدەك نۇر-
لۇق بولۇپ، ئۇزۇن سەپ تارتقان قوشۇن ئىچىدە بۆلەكچە پارلاپ
ھەممىنى ئۆزىگە تارتاتتى. بۇ ئاتلىق، قوراللىق قوشۇن دەرەخ-
لىكتىن ئۆتتى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى يۇمشاق ئېتىز - داللارنى
تىلغاپ تېخىمۇ بوشاتتى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە

# زىددىيەتلىك بىشارەت

بۇلۇتنىڭ بىر ئۇچىدا ئىلاھەنىڭ ئاق، سۇزۇك سىبىماسى پەيدا بولدى. ئۇ ئانىئاسقا سوۋغا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ۋالىلداپ نۇر چاقناپ تۇرغان قورااللارنى ئانىئاسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاجايىپ زور شان - شەرەپ تۇيغۇسى ئانىئاسىنىڭ يۈرىكىنى تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا چۆمدۈردى. ئۇ بۇ قۇراللارغا قاراپ مەستخۇش بولدى، قولىغا ئېلىپ، تاقاپ بېقىپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ سەپسالدى، كۆزلىرىدە تەئەججۈپ، ھەۋەس، شادلىق نۇرلىرى چاقنايتتى.

ئوت پۈركۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان، پەي قىستۇرۇلغان دۇبۇلغا، ئوتقاش كەبى قىزىل قۇياش نۇرلاندۇرۇپ تۇرغان، كۆلرەڭ بۇلۇتقا ئوخشايدىغان، ئاجايىپ قاتتىق، قاندەك قىزىل ۋە يوغان مىس كۆكرەك ساۋۇت يىراقتىن يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى، جان ئالىدىغان شەمشەر، ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئارىلاشتۇرۇلۇپ قايتا - قايتا تاۋلانغان پارقىراق پاقالچاق ساۋۇتى، ئالتۇن يالت - يۇلت قىلىپ كۆز چاقنىتىدىغان نەيزە... ئادەمنى ھەممىدىن بەك تاڭ قالدۇرىدىغىنى كۆپ قەۋەتلىك قالقان. بۇ قالقانغا ئىتالىيىنىڭ تارىخى، رىملىقلارنىڭ جەڭنامىلىرى، كەلگۈسى مۇساپىلەر، ئاسكانىئۇسنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار نەقىش قىلىنغانىدى.

ئاتەش ئىلاھى قالقانغا يەنە مۇنۇلارنى ئويۇپ چىققان: يېڭىلا تۇغۇپ بولۇپ ئۇرۇش ئىلاھى مارسنىڭ ياپپېشىل ئوتلۇقتا ياتقان چىشى بۆرە، قوشكېزەك ئوغۇل بالىلار ئۇنىڭ كۆكسىنى ئېمىۋاتاتتى، بالىلار خۇشال ئويناۋاتاتتى ۋە ئانىسىنىڭ سۈتىنى راھەتلىنىپ ئېمىۋاتاتتى. چىشى بۆرە پا- كىز، پارقىراپ تۇرغان بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان بۇراپ بالىلارنى ئەركىلىتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تېنىنى مېھرى بىلەن يالاۋاتاتتى. ۋۇلكان بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ يېنىغىلا رىم شەھىرى ۋە يۇمىلاق گىلادئاتورلار مەيدانىدىكى بۇلاپ كېلىنگەن قىز، تۆت ئاتقا سۆرەتىلىپ پارچە ـ پارچە قىلىنغان ۋاپاسىز مۇتۇسنى ئويغان. ئۇ سۆرىلىپ ئورمانلاردىن ئۆتكىچە قانلىرى شاخ ـ شۇمبىلارنى بوياپ قىپقىزىل قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ يېنىغىلا ئويۇلغىنى غەزەپ- لىك، ھەيۋىسى ئادەمنى سۈر باستۇرىدىغان پورسىننا بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش قىلىپ زور قوشۇنى بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىۋاتاتتى. يەنە قولىغا قورال ئېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئانىئاسنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى.

قالقاننىڭ ئۈستى تەرىپىگە رىمنىڭ كاتتا سەركەردىسى، تارپىيا شەھىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى مانلىيۇس ئويۇلغان. ئۇ ھەيۋەتلىك يوغان ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى، كۈمۈش رەڭ بىر ئىلاھىي تۇرنا كارىدورنىڭ سېرىق تۈۋرۈكلىرى ئارىلىقىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ كېلىتلەرنىڭ دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈۋاتاتتى. كېلىتلەر بولسا قاراڭغۇ تۈن پەردىسىنىڭ ھىمايىسىدە دەل ـ دەرەخلەر، چاتقاللار دىن ئۆتۈپ ئۇدۇل شەھەرگە قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چېچى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ساپسېرىق. ئاقۇش بوينىغا ئالتۇن زەنجىرلەرنى ئېسىۋالغان، ھەممە يېرىدە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ يالتىراپ تۇرغان كېلىتلەر كۈمۈش رەڭ قىسقا مىلتىقلارنى پۇلاڭلىتاتتى، ئۇزۇن قالقانلار بىلەن تېنىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى.

فۇركان يەنە بىر تۇركۇم ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، بىر تۇركۇم يالىڭاچ كاھىنلارنى، مويى ئۇزۇن تۇماقلارنى ۋە ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەن ئىللىپىس شەكىللىك كىچىك قالقاننى، يۇمشاق ھارۋىلاردا مۇقەددەس بۇيۇملارنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ رىم شەھىردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پاك ئانىلارنى نەقىشلەپ چىققان. قالقاننىڭ ئاستى تەرىپىگە يەنە دوزاخ ئىلاھى پلۇتوننىڭ قەسرى ئويۇلغان. ھەيۋەتلىك، سىرلىق قەسىر دەرۋازىسى ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ جازالىنىۋاتقان كىشىلەر، ئۇنىڭ ئىچىدە غايەت يوغان قورقۇنچلۇق تاشقا ئېسىلغان بىر ئادەم قىنساس ئىلاھىغا لاغىلداپ تىترىگىنىچە قاراپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئارىسىدا كەڭ ئالتۇن بەلۋاغ بار بولۇپ، بۇنىڭدا دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز ئىپادىلەنگەن، زۇمرەتتەك كۆپكۆك دولقۇنلار ئاق بۇژغۇن چاچراتماقتا، كۇمۇش كەبى يالتىراپ تۇرغان دېلفىنى توپ - توپ بولۇشىۋېلىپ، قۇيرۇقى بىلەن دېڭىز سۈيىنى ئۇرۇپ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرمەكتە.

قالقاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مىس ساۋۇتلۇق لەشكەلەر بىلەن تولغان جەڭ كېمىسى ۋە ئاكتىم دېڭىز جېڭى كۆرۈنۈشى، لۇكات ئارىلىدىكى ئالدىراش لەشكەرلەر ئىپادىلەنگەن مەنزىرە ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دولقۇنلار كۇمۇش كەبى يالتىرايدۇ. بىر تەرەپتە ئاۋگۇست ئىتالىيىلىكلەرگە قوماندانلىق قىلىپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئېسىلزادىلەر ۋە ئاددىي پۇقرالار. يۇرت ئىلاھى ۋە دۆلەتنىڭ جان تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان كاتتا ئىلاھلار تۇرىدۇ. كېمىنىڭ بېشىدا سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرغان ئاۋگۇستنىڭ ئىككى چېكىسىدىن بوشقىنا ئوت پۈركۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ئاۋگۇستنىڭ سەركەردىسى تۇراتتى. كېمىنىڭ بېشى شەكلىدىكى دېڭىز لەشكەرلىرى شەپكىسىنى كىيگەن بۇ سەركەردە شامالنىڭ يۆنىلىشى، ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كېمىلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ باشقا

ئەللەردىن يىغىپ كەلگەن مال - دۇنيا، ھەر تۈرلۈك قورال -
ياراغلار تۇراتتى. ئۇ يىراق شەرق ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىن
نۇسرەت قۇچۇپ قايتقانلىقى ئۈچۈن، مىسىردىن، شەرقتىن،
تۈركىستاندىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن، تەڭداشسىز
ساھىبجامال، زىبامىسىر خانىشىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى.

بارلىق كېمىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلاتتى، پالاقلارنىڭ ئۇ-
رۇلۇشى ۋە كېمە بېشىنىڭ سۇرۇلۇشى بىلەن دېڭىز يۈزىدە ئاق
بۇژغۇنلار پەيدا بولاتتى. ئۇلار بەئەينى ھەيۋەتلىك ئاراللار دېڭىزدا
لەيلەپ يۈرگەندەك، تاشقى دېڭىزغا قاراپ ئۈزەتتى، لەشكەرلەر
ئولتۇرغان قەۋەتلىك كېمىلەر شۇنچىلىك يوغان ئىدىكى، بەجايى-
كى رەت - رەت، ئېگىز تاغ ئۇمۇرتقىلىرىغا ئوخشايتتى.

لەشكەرلەر مەشئەللەرنى ئاتاتتى، ئوقيانىڭ پولات ئوقلىرى
يامغۇر كەبى ھەممە ياققا چۈشەتتى، يارىدارلارنىڭ قېنى دېڭىز
سۈيىگە قىزىل رەڭ بەرگەندى. مىسىرنىڭ گۈزەل خانىشى كې-
مىلەر ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بىر سازنى پۇلاڭلىتىپ
جەڭگە چاقىرىق قىلاتتى. ئۇ كەينىدىكى ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالىدى-
غان ئىككى زەھەرلىك يىلاننى كۆرمەيۋاتاتتى. ئۇ چوقۇنىدىغان
ھەر تۈرلۈك ئالۋاستىلار ئىلاھى، جۇملىدىن قاۋايدىغان ئىت
باشلىق ئىلاھمۇ نېپتۇنۇس، ۋىناسلارغا قوراللارنى ئاتاتتى. بۇ
شىددەتلىك جەڭدە ئۇرۇش ئىلاھى مارىس ۋە قورقۇنچلۇق قىساس
ئىلاھەسى ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. «ئارازلىق» ئىلاھەسى كىيىم-
لىرىنى يىرتىۋېتىپ، يوغان - يوغان چامداپ ماڭاتتى، ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيگەن ئۇرۇش ئىلاھى برونا قان يۇقى تىرە پىلاشىنى
كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كېلەتتى.

ئەرىشتە بۇلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان ئاپوللو كىرىچنى
كېرىپ ئوقيا ئېتىشقا ھازىرلانغانىدى، بارلىق مىسىرلىقلار،
ھىندىلار، سابايلار قورقۇپ ھەر تەرەپكە قاچاتتى. ئاتەش ئىلاھى
مىسىر خانىشنى چىرايى تاتارغان، قانلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ

ئەجىلىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان ھالەتتە تەسۋىرلىگەن بولۇپ، خانىش شامالنى چاقىرىپ، يەلكەننى چىقىرىۋاتاتتى، دولقۇنلار ۋە غەربىي شىمال شاملى ئۇنى ئالدىرىتاتتى. ئالدىدا بولسا ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتقان نىل دەرياسىنىڭ غايەت زور بەستى تۇراتتى. بۇ كاتتا دەريا چاپىنىنىڭ پېشىنى كەڭ ئېچىپ مەغلۇپ بولغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ كېيىمى ئىچىگە، كۆك رەڭلىك قوينىغا ياكى كېسىشىپ ئېقىۋاتقان سۇيىگە كىرىۋېلىشقا چاقىرىۋاتاتتى.

ئارقىدىنلا ئاۋگۇست، پۈتۈن شەھەرگە ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانىدىن 300 نى سېلىپ، ئىتالىيىدىكى ئىلاھلارغا تەنتەنىلىك يوسۇندا ئۈچمەس قەسەملەرنى بېرىش نىيىتى بىلەن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يول ئالدى. رىمنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدا ئالقىش سادالىرى، شاد كۈلكە - پاراڭ ياڭرىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدە باللار خۇشال كۈلەتتى، ئانىلار ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى، قۇربانلىق قىلىنغان كالا - قويلار سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. ئاۋگۇست شانلىق ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنىڭ قاردەك ئاق دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن نۇرغۇن خەلقنىڭ سوۋغىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى ھەمدە ئۇلارنى ھەشەمەتلىك قەسىرنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئاساتتى.

ئىستېلا قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن قاتار بولۇپ تىزىلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇلار ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشەتتى، كىيگەن كىيىملىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، قوراللىرىمۇ ھەر خىل ئىدى. فۇركان ئۇيۇپ چىققان كىشىلەر ئىچىدە ئافرىقىدىكى نومادلار، كەڭ، ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان ئافرىقا قىتئەسىدىكى كىشىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى لىلىگلار، ئوقيا ئېتىش ماھىرلىرى لىرونىلار، ئېفرات دەرياسىنىڭ ئىلاھى، يەنە يىراق كېلتتىن كەلگەن مولىنلار ۋە قوش مۈڭگۈزلۈك رېيىن دەرياسىنىڭ ئىلاھىمۇ بار ئىدى. توسۇن

ئاتتەك ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سورلۇك ئىتالىيىلىكلەرنىڭ قولىدا ئىتائەتمەن بولۇپ كەتكەنىدى.

ئانېئاس فوركان ياسىغان بۇ غايەت زور ۋە كارامەت قالتىس قالقاننى، قالقانغا ئويۇلغان مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولدى. ئۇ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بۇ ئىشلارنى پەقەتلا بىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بۇ قالقاننى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى.

### يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە

## جەڭ ئېلان قىلىش

ئانېئاس ئېتلولىيىگە قاراپ كېتىۋاتقان چاغدىلا، يۇنو بۇ ياخشى پۇرسەتنى ناھايىتى توغرا كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا، ئەرشتىن ھەسەن - ھۈسەن ئىلاھەسى ئىرىسنى ئاچچىقى يامان، چېچىلغاق تۇرنۇسنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، بۇ ياش پادىشاھنى دەيدەيگە سېلىپ، ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىش مۇددىئاسى بويىچە ئانېئاس يىراق جايدا تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تروياللارنىڭ بارگاھلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قورغاننى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمەكچى بولدى.

تۇرنۇس پۈتۈن قوشۇننى ئېلىپ ئاتلاندى. بۇلۇت كەبى جىق جەڭ تۇلپارلىرىغا مىنگەن، ۋالىلداپ تۇرغان مېتال ساۋۇتلارنى كىيگەن لەشكەرلەر تۇزلەڭلىككە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوماندان تۇرنۇس قوشۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، قولىدىكى قورالنى يۇقىرى - تۆۋەن قىلاتتى، ئۇنىڭ ئاتتا تىك ئولتۇرغان ھالىتى سۇرلۇك چىرايىدىن ئاجايىپ بىر غەيۇرلۇق، باتۇرلۇق، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغاندەك ھەيۋە ئىپادىلىنەتتى.

تۇرنۇسنىڭ قوشۇنى گۈلدۈرلەپ قايناۋاتقان قارا بۇلۇت كەبى تروياللارغا يېقىنلاپ بېسىپ كەلدى. بەجايىكى بىلىندۇرمەستىنلا ئۆرلىگەن دەريا سۈيىدەك ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈل تۈزلەڭلىككە يامرىدى. قورغاننى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرگە تۇساتتىن تۈزلەڭلىكتىكى قارا تۇپراق توزۇپ قارا بۇلۇت كەبى ئاسمان-

غا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇلار ئانىئاسىنىڭ ئاگاھلاندۇر-غىنى بويىچە، توۋلاشقان پېتى تۇزلەڭلىكتىن تېز چېكىنىپ قور-غانغا كىرىۋالدى - دە، ئىشىكلەرنى چىڭ تاقاپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

تۇرنۇس سەر خىل لەشكىرىدىن يىگىرمىنى تاللىۋېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ قوشۇننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تېزلىكتە ترويالىقلار-نىڭ قورغىنىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا تراكىنىڭ ئاق بوز ئېتى، بېشىدا قىزىل پەي قادالغان ئالتۇن دۇبۇلغا بار ئىدى. ئۇ نەيزى-سىنى قاتتىق پىرقىرىتىپ ھاۋاغا ئاتتى - دە، جەڭ سىگنالىنى چالدى. ياش قوماندان باشلامچىلىق قىلىۋىدى، قول ئاستىدىكى-لەرمۇ دەرھال ئۇنىڭغا ماسلاشتى، شۇئان قىر - چاپ ئاۋازى، بۇرغا ئاۋازى يەرۇ جاھاننى لەرزىگە سالدى.

ترويالىقلار داھىيسىنىڭ كېيىنگە ئەمەل قىلىپ قورغاننى مەھكەم ساقلىدى. تۇرنۇس ترويالىقلارنىڭ جەڭگە چىقمىغانلىقى-دىن قاتتىق ھەيران بولدى، ئۇ ئېچى پۇشقان ھالدا كىرگۈدەك بىرەر يوچۇق تېپىلامدىكىن دەپ ئايلىنىپ ھەممە ئەتراپنى كۆزەت-تى. ئەمما ترويالىقلارنىڭ قورغىنىنىڭ تۆمۈر سېپىلىدەك پۇخ-تىلىقىنى كۆرۈپ، كېچىچە قوي قوتىنىنى ماراپ ياتقان ئاچ بۆرىدەك قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، يۈرىكى ئوتتا پۇچۇلانغاندەك ئەلەملىك تولغاندى، گويا يىڭنە سانجىلغاندەك پۈتۈن ئەزايى، ھەتتا ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ كەتتى.

تۇرنۇس قانداق قىلغاندا قورغاندا كىرگۈدەك بىر ئېغىز تېپىلار؟ قورغانغا كىرىۋېلىپ تۈگۈلۈپ ياتقان ترويالىقلارنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قورغان سىرتىغا چىقىشقا مەجبۇرلىغىلى بولار، دەپ كۆپ ئويلاندى. ئاخىر ترويالىقلارنىڭ كېمىلىرى ئېسىگە كەلدى. كېمىلەر قورغاننىڭ قاشا تېمى يېنىدا بولۇپ، بىر تۇغان ۋە دەريا سۈيى ئۇلارنى ئوراپ تۇراتتى. تۇرنۇس ئۇدۇل كېمىلەرگە قاراپ چاپتى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئوت ئەكېلىشنى

بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ كۆيۈۋاتقان قارىغاي شېخىنى قولىغا ئالدى. قول ئاستىدىكىلەرمۇ بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، كۆيۈۋاتقان ئوچاقنى ئېچىپ تۇتەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى قارىغاي شاخلىرىغا تۇتاشتۇردى. قارىغاي شاخلىرى چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەيىن شامال سوقۇشى بىلەن ئۇچقۇنلار بۇلۇت-لۇق ئاسمانغا چاچرىدى.

ترويا كېمىلىرى يۇپىتېرنىڭ ئانىسى، ئىلاھە كۇبىلېنىڭ قارا قارىغىيىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان، ئەلەملەرنىڭ تەڭرىسى، ھەممىگە قادىر يۇپىتېر بارچە ئىلاھلار ئانىسىغا، ئانېئاس تۇرلۇك جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىتالىيە پورتىغا يېتىپ بارغان ھامان، ترويا شاھزادىسىنى لاۋرېنتۇم دالىلى-رىغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزگەن كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېڭىز پەرىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

مانا ھازىر يۇپىتېر ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كۈن كەل-دى، تەقدىر ئىلاھى بەلگىلىگەن ۋاقىتمۇ توشتى. شۇڭا، تۇر-نۇسنىڭ بۇ مۇقەددەس (ئىلاھىي) كېمىلەرنى يوق قىلىۋېتىش نىيىتى بارچە ئىلاھلار ئانىسىنى ئاگاھلاندۇردى. كۇبىلې شۇ ھامان بۇ ئوت ئاپىتىنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. توساتتىن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئاجا-يىپ بىر نۇر چاقناپ كۆزلىرىنى چاقتى. مەشرقتە يوغان بىر پارچە رەڭدار بۇلۇت پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا ئىدې تېغى-دىن توپ - توپ پەرىلەر ئۇسسۇل ئوينىغان پېتى ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا كۆكتىن ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ترويالىقلار ۋە رۇتۇلىيالىقلار قوشۇنىنى تىترى-تىۋەتتى. بارچە ئىلاھلار ئانىسى ئاسماندا تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ترويالىقلار — ، سىلەر قورقۇپ كېتىپ قوراللىڭلارنى ئېلىپ كېمىلەرنى قوغداشقا كېلىپ يۈرمەڭلار. چۈنكى، مەن تۇرنۇسنىڭ دېڭىزنى ئوت قويۇپ قۇرۇتۇۋېتىشىگە يول قويمەي-

كى، مېنىڭ قارىغايلىرىمدىن ياسالغان كېمىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ھەرگىز يول قويمايمەن. كېمىلەر، سىلەرمۇ كەتسەڭلار بولىدۇ. چۈنكى، ھازىر سىلەر دېڭىزدىكى پەرىلەردىن بولدۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولىمەن.

شۇئان كېمىلەر قىرغاقتىكى ئارغامچىنى بەس ـ بەستە ئۈزدى، كېمىلەرنىڭ باشلىرى بېشىچە سۇغا چۆكۈپ، بەئەينى دېڭىز دېلفىنىغا ئوخشاش دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇدى. ئۇلار سۇ ئۈستىگە چىققان چاغدا، تامام ياش، قالتىس چىرايلىق قىزلار سىياقىدا بولۇپ، چىرايلىق كىيىملىرى مەيىن شامالدا لەرزان ئۇچاتتى، ئاق سۈزۈك، نازۇك بىلەكلىرى بىلەن سۇ ئۈزەتتى.

رۇتۇلىيالىقلار بۇ ئالامەت مەنزىرىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران بولدى ۋە قورقۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ تېپىرلاپ بىسەرەمجان بولدى، ھەتتا دەريا ئىلاھىمۇ دېڭىزدىن يۈتىنى تارتقانىدى، دەب دەرياسىنىڭ سۈيى قاتتىق شاۋقۇنلاپ ئالدى ـ كەينىگە يېنىپ توختاپ قالدى.

لېكىن، باتۇر تۇرنۇس بۇ ھالەتتىن قورقۇپ كەتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى ئارقىلىق، سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ياڭراق ئاۋازدا:

— بىز قوراللىرىمىز ۋە ئوتلىرىمىزنى تروياليقلارغا ئاتقۇچە ئارىلىقتا، ھەممىگە قادىر يۇپىتېر ئۇلار قېچىپ بۇ يەرگە كەلگۈچە ئىشلەتكەن كېمىلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ئەكەتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ دېڭىز ئارقىلىق قېچىش يولى ئۈزۈلدى، ئۈمىدىنىڭ يېرىمى سۇغا چىلاشتى. قۇرۇقلۇق بولسا بىزنىڭ قولىمىزدا. ئىتالىيىدىمۇ سانسىزلىغان كىشىلەر قولىغا قورال ئالدى. تروياليقلار قانداق تۇر تەقدىر ئىلاھى بېشارەت بەرگەن دەپ پو ئاتقىنى بىلەنمۇ، مەن تۇرنۇس ھەرگىز قورقۇپ كەتمەيمەن. بۇ گۇناھكار مىللەتنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىچە قورغانلىرىمىز مۇستەھكەم، ھېچنېمە بولمايمىز،

خەندەكلىرىمىزمۇ بىزگە غەيرەت بېغىشلايدۇ، دەپ كۆرەڭلىشى-
دۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنچىلىك مۇداپىئە قورغىنى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن
ئايرىۋېتەلمەيدۇ. (يىراقلاشتۇرالمايدۇ)، ئەجەبا ئۇلار نېپتۇنۇس
ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان پۇختا تروييا شەھىرىنىڭ ئوت
يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى (يوقىلىپ كەتكەنلىكى) نى كۆر-
مىگەنمىدۇ؟ سەر خىل لەشكەرلىرىم، مەن بىلەن بىرلىكتە ئالاق-
زادىلىك قاپلىغان بۇ قورغانغا قانلىق يول ئېچىپ كىرىشكە
قايسىڭلار تەييار؟ بۇ تروييالىقلار بىلەن قىلىشىدىغان جەڭدە ماڭا
فۇركان ياسىغان قوراللارنىڭ لازىمى يوق، مىڭلىغان كېمىلەر-
گىمۇ موهتاج ئەمەسمەن. قورغانغا مەن ئاتنىڭ قاپقاراڭغۇ قور-
سىقىغا يوشۇرۇنۇپ كىرمەيمەن. قارارىم شۇكى، ئوچۇق - ئاش-
كارا هالدا لاپاس ئەتراپىنى ئوت بىلەن قورشاۋغا ئالىمەن. ئۇلار-
غا رۇتۇلىيالىقلارنىڭ ۋە پادىشاھ تۇرنۇسنىڭ كارامىتىنى بىر
كۆرسىتىپ قويىمەن.

رۇتۇلىيالىق لەشكەرلەر دەرهال بۇيرۇققا بىنائەن مۇداپىئە
لىنىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورغان دەرۋازىسىنى توسۇۋېتىپ
ئوت قويۇۋەتتى. هەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتا قورغاننىڭ تۆت
ئەتراپىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈشكە باشلىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى
كائىناتنى قوينىغا ئالدى. كۈن بويى جىددىيچىلىكتە يۈرۈپ چار-
چىغان رۇتۇلىيالىق لەشكەرلەر شىر كەيىپ بولۇپ ئۇيقۇغا ئەسىر
چۈشتى.

## ئوتتۇزىنچى قىسسە

# دۇشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلغان باتۇر

قورغاندىكى تروياللىقلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشتى ۋە چۆچۈپ كەتتى - دە، قورغاننىڭ ھەربىر دەرۋازىسىنى دىققەت بىلەن تەكشۈردى، قورالىدىن ئايرىلماستىن تۇرۇپ لەخ-مىلەرنى، ئاكوپلارنى كولىدى. بارلىق لەشكەرلەر قورغان تېمى-نى بويلاپ پەخەس بولۇپ تۇردى. ئەڭ خەتەرلىك جايدا كېمىنىڭ قاراۋۇلدا تۇرۇشنى چەك تاشلاپ بەلگىلەشتى. ھەممىلا ئادەم ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئات مىنىشكە ئۇستا، جەڭگە ماھىر چەۋەن-داز نىسۇس بىلەن قامىتى، چىرايى بەكمۇ كېلىشكەن ئېۋرۇئا-لۇس بىرلىكتە بىر دەرۋازىنى ساقلىدى.

بۇ ئىككى ياشنىڭ يۈرىكى جەڭ ئىستىكىدە ياناتتى، شۇڭا جەڭگى - جېدەلسىز تىنچ تۇرمۇشتىن قانائەتلەنمەيتتى. ئەمدى بولسا قورقماس رۇتۇلىياللىقلار ئۇلارنىڭ شان - شەرەپ ئارزۇ-سىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتى ئۇلارنى شان - شەرەپ قوچۇش ئۈچۈن جاندىن كېچىشكىمۇ ئىل-ھامدۇرماقتا ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، داھىيسى ئانېئاسقا خەۋەر يەتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى. ئاندىن ھەمراھلىرىنى ئويغىتىپ ئورنىغا قويدى - دە، ئىككىيلەن شاھزادە ئاسكانىئۇسنىڭ قېشىغا ماڭدى.

دۇنيادىكى جىمىكى شەيئىلەر (مەۋجۇداتلار) غەم - قايغۇنى ئۇنتۇپ دەرد - ئەلەمدىن خالاس بولۇپ، شېرىن ئۇيقۇ ئىلكىدە

ئارام ئېلىشۋاتاتتى. ئەمما تروياللىق سەركەردىلەر، تروياننىڭ مەشھۇر كىشىلىرى قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا تۇرۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا نەيزە، ئۇچىسىدا قالقان بار ئىدى. نىسۇس بىلەن ئېۋرۇئالۇس كېلىشىگە، بىرىنچى بولۇپ ئاسكانىئۇس چىرايى جىددىي تۇس ئالغان بۇ ئىككىيلەن بىلەن سالاملاشتى. نىسۇس يېقىن كېلىپ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى.

— ئانېئاسنىڭ ئاقساقاللىرى ـ، گېپىمنى بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن ئاڭلىماڭلار، شۇنداقلا بىزنىڭ پىلانىمىزنى باللارچە خىيال، دەپمۇ قارىماڭلار. ھازىر رۇتۇلىيالىقلار غەرق مەست ھالەتتە ئۇيقۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئەتراپ تىمتاس، ئوتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا چاراسلاشلىرىدىن بۆلەك ھېچقانداق تىۋىش يوق. ئىككىمىز ئوبدان تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر جايدىن يوچۇق تاپتۇق. يەنى بىز دېڭىزغا ئەڭ يېقىن بىر ئاچا يولدا ئۇلار ياققان گۇلخان ئەتراپىدىكى يوچۇقنى بايقىدۇق. قارا تۈتۈنمۇ ئۇ جايدىن قاراڭغۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىكەن. ئەگەر بىزنىڭ بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پىراقتىكى قەلئەگە بېرىپ شاھىمىز ئانېئاسقا خەۋەر يەتكۈزۈشىمىزگە رۇخسەت بېرىلسە، سىلەر بىز كاتتا جەڭدە ئىگە بولغان ئولجىلىرىمىزنى كۆرگەن، غەلىبە مارشىمىزنى ئاڭلىغان بولار ئىدىڭلار.

تروياننىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرى ۋە شاھزادە ئاسكانىئۇس بۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. بولۇپمۇ كېلىشكەن شاھزادىنىڭ ھاياجان ياشلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق، نازۇك مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ مەشھۇر تۆمۈرچى لۇكائون خاسىيەتلىك قوللىرى بىلەن ياساپ، پىل چىشى غىلاپقا سېلىپ بەرگەن ئالتۇن يالىتىلغان خەنجىرىنى ياش، چىرايلىق يىگىت ئېۋرۇئالۇسقا سوۋغا قىلدى. يەنە بىر سەركەردە شىردىن شىلىۋېلىنغان موپلىرى ئۇزۇن شىر تېرىسىنى نىسۇسقا بەردى

ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن دۇبۇلغا ئالماشتۇردى. ئىككى يىگىت پۇختا
قوراللانغانــددــن كېيــن، دەرھــال يولغــا چىقتــى. شــۇ
جــايــدىكــى قىرى ـ ياش سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىككى
يىگىتنى قورغان دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ باردى، ئۇلارغا ياخشى
تىلەكلەرنى تىلىدى.

نىسۇس بىلەن ئېۋرۇئالۇس قورغاندىن چىقىپ، تۈن قاراڭ-
غۇسىنىڭ ھىمايىسىدە خەندەكتىن ئۆتۈپ دۈشمەن لاگېرىغا يۈ-
رۈپ كەتتى. ئۇلار كۆردىكى، چۆپلۈكتە مەست كىشىلەر تولۇپ
ياتاتتى، جەڭ ھارۋىسى قىرغاقتا تاشلىۋېتىلگەن، قورallar ۋە
رۇمكىلار ھەر تەرەپكە تاشلانغانىدى. نىسۇس پولات قىلچىنى سۇ-
غىرىۋېلىپ قېلىن يوتقان ـ كۆرپىدە راھەتلىنىپ خورەك تارتىپ
ئۇخلاۋاتقان رامنىسقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ كۆكرىكى بىر كۆتۈ-
رۈلۈپ بىر چۈشەتتى، ئۇ ئەسلىي بىر پادىشاھ، شۇنداقلا پادىشاھ
تۇرنۇس بەكمۇ ئەتىۋارلايدىغان مۇنەججىم ئىدى. ئۇ پالغا ئۇستا
بولغىنى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزالماي جېنىدىن جۇدا بولدى. نى-
سۇس يەنە ئۇنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرى يېنىدا قالايمىقان ياتقان
ئۈچ لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

نىسۇس يەنە رېمۇس ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمىنىڭ كاللىسىنى
ئالدى، جەسەتلەردىن چىققان بەتبۇي قان كائىناتنى نەمخۇش ۋە
ئىللىق قىلىپ قويدى. نىسۇس يەنە بىرقانچە رۇتۇلىيالىقنى
ئۆلتۈردى. ئۇ بەجايىكى ئۇزۇن ۋاقىت ھېچ نەرسە يېمىگەن، راسا
ئېچىرقىغان، قىستاڭچىلىق قوي قوتىنىغا كىرىپ، قانلىق ئاغ-
زىنى يوغان ئېچىپ ياۋاش، مۇلايىم قوي پادىلىرىنى چىشلەپ،
تالاپ توختىماي ۋاتقان شىرنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئېۋرۇئالۇسمۇ غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي بىرمۇنچە ئادەتتى-
كى لەشكەرگە ھۇجۇم قىلدى، قىلچە تەييارلىقسىز ھالەتتىكى
سەركەردىلەرنىمۇ ئۆلتۈردى. ئۇ رېتۇسنىڭ كۆكرىكىگە بىر خەن-
جەر ئۇرىۋىدى، رېتۇس شۇئان جان بەردى. ئۇنىڭ تېنىدىن قان



بىلەن تېخى سىڭمىگەن هاراقمۇ ئېقىپ چىقتى. قېنى راسا قىزد-
غان ئېۋرۇئالۇس هۇجۇم بىلەن مۇنساپۇسنىڭ قوشۇنى تۇرغان
جايغا كېلىپ قالدى. بۇ يەردە ئاخىرقى گۇلخانمۇ ئۆچەي دەپ
قالغان بولۇپ، ئاتلار روهسىز هالەتتە ئوتلاۋاتاتتى. نىسۇس
ئېۋرۇئالۇسنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى، ئۆزىنى پەقەت تۇتالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرهال ئۇنىڭ
قېشىغا بېرىپ دەرهال قاچايلى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ساپ
كۇمۇشتىن ياسالغان قوراللار، هاراق رۇمكىلىرى ۋە
ئېسىل يوتقان - كۆرپىلەرنى تاشلاپ، رامنىسنىڭ مېدالى بىلەن
ئالتۇن توگمە قادالغان كەمەرنى مۇرىسىگە تاشلىۋالدى. ئېۋرۇئا-
لۇس يەنە مۇنساپۇسنىڭ پەي سانجىلغان دۇبۇلغىسىنى كىيىۋال-

دى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن دۈشمەن لاگېرىدىن ئايرىلىپ يولىغا ماڭدى.

لاتىنۇس شەھىرىدىن ئەۋەتىلگەن 300 نەپەر قالقانلىق ئاتلىق لەشكەر بۇياققا كېلىپ قالدى. ئۇلار قورغان تېمىغا ئاز قالغاندا ئىككى تروياللىقنىڭ سولغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. خىرە تۇن پەردىسى ئىچىدە ئېۋرۇئالۇسنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغا يالت - يۇلت قىلىپ ئۇلارنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئىككى تروياللىق ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، تۈن قاراڭغۇسىنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىپ ئورمانلىققا قاراپ قاچتى. لاتىنۇسنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرى بارلىق يول ئېغىزىنى قامال قىلدۇالدى. بۇ ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ شەكىلدىكى قارا قارىغايلار، قويۇق



چاتقاللار ئورماننى سۇرلۇك كۆرسەتتى، پىنھان چىغىر يوللارمۇ ئۆزۈنىسىغا، توغرىسىغا كېسىشكەن بولۇپ، پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. بۇك - باراقسان شاخ - يوپۇرماقلار قارا كۆلەڭگىلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئېغىر، قوپال جەڭ غەنىيمەتلىرىنى يۇدۇۋالغان ئېۋرۇئالۇسنىڭ يۈرۈشى قىيىنلاشتى، قورقۇپ تۇرغانلىقتىن يولدىن ئېزىپ قالدى. نىسۇس بولسا ھېچنېمىنى ئويلىماستىن مېڭىۋېرىپ تېزلا دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، كەڭرى بىر چارۋا مەيدانىغا كېلىپ قالدى. شۇندا نىسۇس قەدىمىنى توختىتىپ كەينىگە قارىۋىدى، دوستىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

نىسۇس كەينىگە يېنىپ قالايمىقان چىغىر يوللار بىلەن ئادەمنى ئاسانلا ئېزىقتۇرۇپ قويىدىغان ئورمانغا ماڭدى. چاتقاللار ئىچىدىن ماڭغان ئىزلارنى ئىزدەپ چۆرگىلەپ يۈردى. توساتتىن ئۇ ئاتنىڭ دۈپۈرلەشلىرى بىلەن قوغلىغانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۆزۈنىغا قالماي ئۇ بىچارە، بەختسىز دوستىنى كۆردى.

ئېۋرۇئالۇس يەر شارائىتىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يوللارنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكى، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازلاردىن قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن، كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي قولغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، جان - جەھلى بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى.

ھەي باتۇر نىسۇس، قانداق قىلىسەن، ياش ئېۋرۇئالۇسنى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالغۇدەك قانچىلىك كۈچۈڭ، قانچىلىك ماھارىتىڭ بار؟ شۇنداقتىمۇ نىسۇس نەيزىسىنى ئالدى - دە، كۆكتىكى نۇرلۇق ئايغا قاراپ ئورماننى قوغدىغۇچى ئىلاھقا ئاتاپ دۇئا قىلدى، ئاندىن نەيزىنى بار كۈچى بىلەن دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. نەيزە كېچە ئاسمىنى يېرىپ ئۆتۈپ دۈشمەن سەركەردىسى سۇلمونىڭ دۈمبىسىگە سانجىلدى. نەيزىنىڭ ياغاچ تۇتقۇچى سۇنۇپ، تۆمۈردىن ياسالغان ئۇچى ئۇدۇل يۈرىكىگە سانجىلدى، سۇلمو گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلدى، كۆكرىكىدىن

ئىسسىق قان بۇلۇقلاپ چىقىپ، قورسىقى تارتىشتى، پۈت - قولى مۇزلىدى، نەپسى بىر پەستىن كېيىنلا توختاپ، ئىسسىق بەدىنىمۇ مۇزلاپ قېتىشقا باشلىدى. ھەسسىلەپ كۈچكە تولغان نىسۇس دۈشمەن گاڭگىراپ قالغان پەيتتە ئوقيادىن ئوق ئۈزدى. بۇ ئوق ئۈچۈپ بېرىپ گېلىغا سانجىلدى.

دۈشمەن قاتىلنى تاپالماي چىچاڭشىپ كەتتى - دە، دەردىنى بىچارە ئېۋروۋئالۇستىن ئالدى. فۇركىنىس ئېتىلىپ بېرىپ خەنجىرىنى ئۈنىڭ كۆكرىكىگە سانجىدى - دە، غەزەپ بىلەن قارنىنى يېرىۋەتتى. ئېۋروۋئالۇس ئاغرىققا چىدىماي يەردە نەچچە دومىلاپ جان تەسلىم قىلدى. ئۈنىڭ چىرايلىق تېنى قىپقىزىل قانغا بويالدى.

كېلىشكەن، ناھايىتى باتۇر بۇ يىگىت گويا كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك چىرايلىق ئېچىلغان گۈل يەر ھەيدىلىش تۈپەيلى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ قۇرۇپ كەتكەن ۋە ياكى گۈزەل كاشتان چېچىكى قاتتىق بوران - چاپقۇندا ھالسىراپ شۈمشىيىپ قالغانغا ئوخشاش نابۇت قىلىندى. نىسۇس قاتتىق قايغۇردى. غەزىپىنى زادىلا باسالماي دۈشمەن سېپىگە ئېتىلدى. كۆزى بولسا قاتىل فۇركىنىقا تىكىلدى. دۈشمەنلەر شۇئان ئۈنى قاتمۇقات قورشاۋغا ئېلىپ، ئۈيەردىن بۇيەرگە قوغلاپ، ئېلىشىشقا مەجبۇرلىدى.

باتۇر نىسۇس قىلچە بوش كەلمىدى. ئۇ نەرە تارتقاندەك قاتتىق تولغىنىپ ئۆتكۈر قىلىچىنى فۇركىنىسقا تىقتى. نىسۇس ئەشەددىي دۈشمىنىنى ئاخىر ئۆلتۈردى. لېكىن ئۆزىمۇ يېرىم جان بولۇپ قالدى. پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان بۇ قەھرىمان ئۆلگەن دوستىنىڭ جەستى ئۈستىگە يىقىلدى. باتۇر، ئەمما شور پېشانە بۇ ئىككى لەشكەر ئۆلۈم قۇچىقىدا ئارام ئالدى.



# ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە

## كەسكىن جەڭ

سۇبھى ئىلاھەسى ئېرىنىڭ ئالتۇن كارىۋىتىدىن يەنە ئايرى-لىپ، كائىناتقا تاڭ نۇرىنى قايتا چېچىشقا كىرىشتى. قۇياش پارلاپ، جىمىكى مەۋجۇداتلار ياشىنىدى، تۇرنۇس قول ئاستىدىكى ھەممە ئادەمنى ئويغاتتى، مىس ساۋۇتىنى، ئالتۇن دۇبۇلغىسىنى كىيىپ جەڭگە تەييارلاندى. شەپقەتسىز رۇتۇلىيالىقلار ئېۋرۇئ-الۇس بىلەن نىسۇسنىڭ بېشىنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ چۇقان - سۈرەن ئىچىدە تروياللىقلارنىڭ قورغىنىغا ئېتىلدى.

ئانېئاسنىڭ ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن قوشۇنى قورغان تېمىنى بويلاپ تەق بولۇپ تۇراتتى. بەزىلەر خەندەكلەرنى، بەزى-لەر پوتەيلەرنى چىڭ ساقلىدى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى پەرى-شان، ھەسرەتلىك ئىدى. ئىككى سەپدىشىنىڭ تونۇش، قان ئېقىپ تۇرغان بېشىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى چۆچۈش، ۋەھىمە، قايغۇ ۋە غەزەپ ئارىلاش تۇيغۇ ئازابلىدى.

تۇرنۇس قورقۇنچلۇق مىس بۇرغۇسىنى چالغانىدى، ئاۋازى پەلەككە يەتتى. ۋەھشىي دۇشمەنلەر قاتارلىشىپ گويا تاشپاقىنىڭ دۇمبىسىگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن سەپ تۈزدى. قاپقارا قالقانلار يورۇقلۇقنىمۇ توسقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار خەندەكلەرنى تىندۇ-رۇپ، قورغان تاملىرىنى ئۆرۈپ تاشلاش مەقسىتىدە ئالدىغا ئې-تىلدى. ھۇجۇم بىلەن كىرىدىغان يوچۇق ئىزدىدى، تامغا يامى-شىپ چىقىش ئۈچۈن شوتىلارنى تىكلىدى.



ئۇزۇن ۋاقىت نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەتكۈچە تارتـ
قان تروياللقلار قورغان ساقلاشتا خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ
قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر تۈرلۈك قوراللىرىنى دۈشمەنگە
ئاتتى، پۇختا بادرىلار بىلەن دۈشمەننى توستى، ئېغىر تاشلارنى
ئېتىپ، دۈشمەننىڭ تاشپاقىدەك دۈمبىسىنى يەنجىپ تاشلىماقچى
بولۇشتى. شوتىلار يىقىتىلسا يەنە تىكلىنەتتى، قاپقارا قالقانلار
شالاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قورقۇنچلۇق رۇتۇلىيالىقلار قورـ
غاندىن ئوت قويۇپ ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن، يەنە ئىس چىقىرىپ
كۆيۈۋاتقان شاخلارنى تروياللقلارنىڭ قورغىنىغا ئاتقىلى تۇردى.

قورغاندا ناھايىتى ئېگىز بىر مۇنار بار بولۇپ، ئىتالىيىلىكـ
لەرنىڭ ھەممىسى بىر ئامال قىلىپ شۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش
ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى يىغدى. تروياللقلار بولسا ھەر يوغان
تاشلارنى توختىماي ئاتتى، يەنە بىر يەرگە يىغىلىپ قوقدانلىرىدىن
ھۇجۇم قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە نەيزە ئاتتى.

تۇرنۇس ئۆزى باش بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر مەشئەلـ
نى مۇنارغا ئاتقانىدى، مەشئەل مۇنارنىڭ سول تەرىپىگە چۈشتى.
شامال كۈچى بىلەن ئوت شىددەت بىلەن يامراپ ياغاچقا تۇتاشتى،
ئارقىدىن ئۇزۇن تىللىرىنى تۈۋرۈكلەرگە سوزدى. مۇناردىكىلەر
ئالاقزادىلىككە چۈشتى، كىشىلەر قاچىدىن جاي تاپالماي بىر
يەرگە يىغىلىپ قالدى. ھەممىسلا تېخى ئوت تۇتاشمىغان جايغا
بېرىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇشتۇمتۇت «قاراس ـ قۇرۇس» قىلغان
ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئېغىر مۇنار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئاسمانمۇ
لەرزىگە كەلدى.

مۇناردىكى تروياللقلار ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە چۈشتى،
بەزىلىرىنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ نەيزىسى سانجىلدى، بەزىلىرىنىڭ
كۆكرىكىنى قاتتىق ياغاچ پارچىلىرى تىتىۋەتتى. راسا كۈچكە
تولغان ياش يىگىت ھېلېنور بولسا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن دۈشمەن
ئارىسىدا قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە

لاتىنلارنىڭ قوشۇنى تۇراتتى. باتۇر، جاسارەتلىك، ئەمما تېخى جەڭلەردە تۆھپە كۆرسەتمىگەن بۇ يىگىت گويا غەزەپلەنگەن ئەر-كەك شىر كەبى دۈشمەن سېپىگە ئېتىلىپ ئوڭ - سولدىن قىر-چاپ قىلدى. ئەپسۇسكى، دۈشمەننىڭ قىلىچ - نەيزىلىرى بۇ يىگىتنىڭ جېنىنى تېزلا تېنىدىن جۇدا قىلدى.

لۇكۇس دۈشمەنلەرنىڭ ئوقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ تېز-لىكتە قورغان تېمى ئاستىغا كەلدى - دە، بەردەم قوللىرى بىلەن تامغا يامىشىپ سەپداشلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. تۇرنۇس سەت ھجايغان پېتى كەينىدىن يېتىپ كېلىپ بەئەينى قوينى چاڭگاللى-غان بۆرە كەبى ئۇنىڭ تامدا ئېسىلىپ تۇرغان تېنىنى تارتىپ چۈشۈرگەنىدى، تامنىڭ بىرمۇنچە يېرى ئويۇلۇپ چۈشتى.

بۇ چاغدا تۆت ئەتراپتا قىر - چاپ ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. لاتىنلارنىڭ بەزىلىرى يوغان تاشلار بىلەن خەندەكلەرنى تىندۇراتتى، بەزىلىرى كۆيۈۋاتقان شاخلارنى ئۆگزىلىرىگە ئاتاتتى. رۇتۇ-لىيالىقلارنىڭ بىرى مەشئەلدىن بىرنى كۆتۈرۈپ قورغان دەرۋازد-سىغا كېلىشىگە يۇقىرىدىن قويدەك يوغان بىر تاش چۈشۈپ، ئۇنى مىجىپلا ئۆلتۈرۈپ قويدى. نەيزىلەر كىشىلەر ئارىسىدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ھاۋادا ئوقيا ئوقلىرى ئۇچاتتى، يەر قان بىلەن بويالغان، سەكراتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاھۇ - زارى پەلەككە يەتكەنىدى. تۇرنۇسنىڭ بەقۇۋۋەت قوللىرى تىنماي ھەرد-كەتلىنەتتى، يۈتلىرى گويا قانات چىقارغاندەك ئۇچاتتى، ئۇ غە-لىبىسىرى ئىلگىرىلەپ تروياللىقلارنى بىر - بىرلەپ يەر چىشلد-تەتتى. ئۇ ئاتقان ئوقيا كەينئۇسنىڭ سول بېلىكىگە سانجىلدى. ئاتقان نەيزىسى ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئاركىنىسنىڭ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. بۇ ئەجەللىك يارىلىنىشلار تروياللىقلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى خاراب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىگۇناھ تېنى مۇشۇ قۇملۇقتا يېتىپ قالدى.

تۇرنۇسنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى رېيمۇلۇس تازىمۇ تەلۋە نېمە ئىدى. دىۋىدەك بەستىلىك بۇ ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى دەپ چۇقان

سالدى. ئۇنىڭ تەھدىتى ۋە تەكەببۇرلۇقى تروياللىق ياش شاھزادە ئاسكانىئۇسنىڭ ئوغىسىنى قايىناتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە قىساس ئوتى لاۋۇلداپ ياندى. ئۇ ئوقياسىنى ئېلىپ ئات ئۈچىيىدىن ياسالغان كىرىچنى تارتتى، پۈتىنى يەرگە مىختەك تاقاپ ئالدى بىلەن ھەممىگە قادىر يۇپىتېرغا ئىلتىجا قىلدى:

— ھەممىگە قادىر يۇپىتېر، تروياللىقلارنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالدى — ، مېنىڭ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ بۇ تەلۋە رۇتۇل-يالىقتىن قىساس ئېلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز.

ئولىمپىس تېغىدا تۇرغان تەڭرى ئاتا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، ئاسماننىڭ سول تەرىپىدە چاقماق چاقتۇردى. شۇئان ئاسكانىئۇسنىڭ ئوقىمۇ كىرىچتىن چىقىپ ئادەمنىڭ تېنى شۈركەن-نىپ تۇكى تەتۇر ئۆرۈلگىدەك سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن ئۇچۇپ بې-رىپ رېيمۇلۇسنىڭ بېشىغا تەگدى. ئوقنىڭ تۆمۈر ئۇچى ئۇنىڭ ئاجىز چېكىسىگە سانجىلدى، تروياللىقلار ياش شاھزادىسىگە ئال-قىش ياغدۇراتتى، خۇشاللىق سادالىرى كۆكنى قاپلىدى.

چاچلىرى ئۇزۇن ئاپوللو بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئىتالىيە قوشۇ-نى بىلەن تروياللىقلارنىڭ قورغىنىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ غالىب ئاسكانىئۇسقا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. بارلىق سەركەردى-لەر ۋە لەشكەرلەر ھاياتىنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىشىغا قارىماي جەڭ قايىنمىغا كىرىپ كەتتى. قورغان تېمىنىڭ ئەتراپىدا قىر - چاپ ئاۋازلىرى ياڭرىدى، ئوقيا ئوقلىرى تەڭلا ئېتىلدى، يەر ئوقيا ئوقلىرى بىلەن كۆمۈلدى؛ قالقان ۋە ئىچى بوش دۇبۇلغىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. قانلار ئۇچقۇندەك چاچرىدى، ئەرۋاھلار كېزىپ يۈردى. جەڭ بارغانسېرى شىددەتلىك بولدى. بۇ ھال بەئەينى مەشرىقتىن چىققان بوران - چاپقۇن زېمىنغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغانغا ياكى يۇپىتېر چىقارغان قورقۇنچلۇق جەنۇب شامىلى ھاۋادىكى بۇلۇت ئۆۋۈسىنى پارتلىتىپ، يوغان - يوغان مۆلدۈر-لەرنى دېڭىزغا ئاتقانغا ئوخشايتتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە

# تۇرنۇسنىڭ ھەيۋە كۆرسىتىشى

بىتەلەي ۋە تەلۋە ئىككى تروياللىق يىگىت ئۆزلىرىچە بىر گەپ ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاپ ئانېئاسنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي قورغان دەرۋازىسىنى ئېچىپ، دۈشمەنلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قورغانغا باشلىدى. ئۇلار قورال-لىرىنى تۇتقان ھالدا قورغان دەرۋازىسىنى قوغداپ، ئوق ئېتىش راۋۇقى ئالدىدا ئوڭ - سول تەرەپتە تۇردى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئېگىز سانجىلغان پەيلەر ھەدەپ يەلپۈنەتتى. بۇلارنىڭ تۇرقى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز ئىككى تۇپ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ بۇلۇق شاخ - يوپۇرماقلىرى لىڭشىپ تۇرغانغا، باراقسان دەرەخ ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغانغا ئوخشايتتى.

رۇتۇلىيالىقلار دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەلگە ئۆزىنى ئۇرغان ھەرىلەردەك غۇژژىدە ئولىشىپ كەلدىيۇ، بەزىسى جېنىدىن ئايرىلدى، بەزىسى دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى تاشلاپ قاچتى. بۇ تۇتۇشۇش تروياللىقلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇلار بىر كىشىدەك ئۇيۇشۇپ، جاسارەت بىلەن قاتتىق ئېلىشتى.

تۇرنۇسنىڭ ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، دەرغەزەپتە قورغان ئىشىكىگە ئېتىلىپ باردى. دەرۋازىدا ئاكا - ئۇكىلار تۇراتتى، چىرايىدا مەغرۇرلۇق ئىپادىلىنەتتى. ئۇ دەرھال نەيزىسىنى ئاتېخاتىسقا قارىتىپ ئېتىۋىدى، ئىتالىيىنىڭ گىلاس دەرىخى ياغد-

چىدا ياسالغان، نەيزە ھاۋانى ۋىژىلداپ يېرىپ ئۆتۈپ، ئېگىزدىن زەرپ بىلەن چۈشۈپ ئۇنىڭ قورسىقىغا سانجىلدى. يارا ئېغىزىدىن شۇئان كۆۋرۈكلەشكەن قان ئېقىپ چىقتى. تۇرنۇس يەنە بىتئاسنى قارىغا ئېلىپ پىقىرىتىپ تۇرۇپ قونداقلىق ئوقيادىن بىرنى ئاتقانىدى، چاقماق چاقىقاندەك «قاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭغا تەگدى. ئىچ تەرىپى ئىككى قات كالا تېرىسىدە قىلىنغان قالقىنى بىلەن ئىككى قەۋەت ئالتۇن يالىتىلغان ساۋۇتى بۇ ئەجەللىك زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. بەستىلىك بىتئاس گۈپپىدە يىقىلدى، ئېغىر قالقىنى يەرگە تېگىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقاردى. بۇ ئاۋاز تاشتىن قوپۇرۇلغان ناھايىتى يوغان تۇغانىنىڭ گۈمۈرۈلگىنىگە، تاشلارنىڭ دېڭىز سۈيىنى چايقىغىنىغا، دېڭىز سۈيىنى قارا قۇملارنى ئۆركەشلەتكىنىگە، قارا قۇملارنىڭ تاغلارغا ئۇرۇلۇشىغا، قايغۇلۇق ئاھۇ – زارنىڭ دېڭىزنىڭ تاش كارىۋىتىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ سىلكىنگىنىگە ئوخشايتتى.

قېنى قىزىغان تۇرنۇس يەنە ئون يىگىتنىڭ جېنىنى ئالدى. تەڭداشسىز كۈچ – قۇدرەتكە ئىگە ئۇرۇش ئىلاھى مارىس يەنە لاتىنلارغا باتۇرلۇق ئاتا قىلىپ روھىنى ئۇرغۇتتى، دەيدەيگە سالدى. «قېچىش» ۋە «قارايۈز ۋەھىمە» دېگەن ئىككى كىچىك ئىلاھنى تروياللىقلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن لاتىنلار جەڭ قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان جايلارغا يىغىلدى، ئۇرۇش ئىلاھى بولسا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بەردى، تۇرنۇس ئۇلارغا ئۇلگە كۆرسەتتى.

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىغا پاندارۇسنىڭ كۆزى يەتتى. قېرىنداشىنىڭ جەستى يەردە ياتاتتى. ئۇ كەڭ يەلكەنلىرى بىلەن قورغان دەرۋازىسىنى كۆچەپ ياپتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن قوشۇننى سىرتتا قېلىپ جاپالىق، ھايات – ماماتلىق جەڭ قىلىدىغان، يەنە بىر قىسىم كىشىنى ئۆزى بىلەن قورغان ئىچىدە

قالـدىغان قىلىپ قويدى. بىتەلەي پاندۇرس شۇنچىلىك قاملاش-مىغان بىر ئىشنى قىلدىكى، نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۇنىڭ قارىغۇلار-چە قىلغان ئاشۇ ئىشى تۈپەيلى ئىسسىق قېنى، ئېزىز جېنىدىن ئايرىلدى! ئۇنىڭ تۇرنۇسنى قورغان ئىچىگە ئەكىرىۋېلىشى، ئاچ، ۋەھشىي يولۋاسنى ئاجىز قوي پادىسى ئارىسىغا قوغلاپ ئاپىرىپ قويغاندەك بىر ئىش بولدى. ئەمما ئۇ رۇتۇلىيالىقلارنىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا قىر – چاپ قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىدى.

تۇرنۇسنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى، قورالى توختىماي ھەرىكەت قىلاتتى، دۇبۇلغىسىنىڭ قىپقىزىل پۆپۈكى ھەدەپ سىلكىنەتتى، پارقىراق قالقىنىدىن بىر خىل شۇملۇق نۇرى چاق-نايتتى. ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ترويالىقلار توپىغا ئېتىلدى. ترويا-لىقلار بىردىنلا بۇ قورقۇنچلۇق چىرايىنى ۋە ئۇنىڭ دىۋىدەك بەستىنى تونۇپ قالدى. «قېچىش» ۋە «قارايۇز ۋەھىمە» ئاتلىق ئىككى كىچىك ئىلاھ ئۇلانىڭ ئارىسىدا چېپىپ يۈرگەنلىكى ئۇ-چۇن، كىشىلەر قورقۇپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ تەرەپ – تەرەپكە قاچتى. بۇ جەرياندا بەزىسى دۇبۇلغىسىدىن ئايرىلدى، بەزىلىرى قورالىنى يوقاتتى، بەزىلىرى چوڭقۇر ئازگاللارغا چۈشۈپ كەتتى، يەنە بەزىلەر بولسا ھەمراھلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىپ دەسسىلىپ جان بەردى.

قېرىنداشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئويلاپ يۈرىكى قان بولغان قامەتلىك ۋە باتۇر پاندارۇس كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى – دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇتقۇسى بۇدۇر – غۇدۇر، قوپال نەيزىسىنى تۇرنۇسقا ئاتتى. لېكىن يۇنو بىر شامال بىلەن نەيزىنى قايدۇرۇۋېتىپ، تۇرنۇس يۈزلەنگەن خەۋپنى يوق قىلدى. شۇڭا، نەيزە ۋېژىلداپ تۇرنۇسنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن ئۆتۈپ قور-غان دەرۋازىسىغا قادالدى.

تۇرنۇس ئەسەبىيلەرچە كۈلگەن پېتى قىلىچىنى ئېگىز كۆ-

تۇردى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن پاندارۇسنىڭ پېشانىسىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن چاچقانچە ئېڭىكىگە توختاتماي چېپىپ، يۈزىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. چىشلىرى قىلىچ بىسىدا جالاقلاپ تىتى-رىدى، بۇرنىمۇ ئىككى پارچە بولۇپ، ۋەھىمىلىك كۆزلىرى جەھلى بىلەن يوغان ئېچىلدى... بىچارە پاندارۇس ئېغىر تېنى بىلەن كۆتەك ئۆرۈلگەندەك گۈپ قىلىپ يىقىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن تېنى غۇژمەكلىشىپ قالدى، ئىككى قولىغا قان ۋە مېڭە قېتىقى چېچىلىپ، ئىككى پارچە قىلىنغان بېشى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ قالدى.

ئەگەر مۇشۇ غەلىبە قوچۇۋاتقان پەيتتە، تۇر-نۇس دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى بىر مۇشت بىلەن ئېچىپ ئۆز



قوشۇننى قورغانغا كىرگۈزۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسا ئىد-
دى، ئۇ ھالدا بۇ كۈن ترويالىقلارنىڭ قىيامەت كۈنى بول-
غان، ئىتالىيىنىڭ ھەيۋەتلىك قورغانلىرىمۇ لاۋنىئۇم ساھىلىدا
قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمىغان بولار ئىدى. ئەمما تۇرنۇسنىڭ پۈتۈن
ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقان غەزەپ ئوتى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىستى-
كىنى كۈچەيتىۋاتقان تەلۋىلىك ئۇنى ئەقلىدىن جۇدا قىلغان بو-
لۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە رەقىبىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.
ئۇ باشتا فالېلىسقا ھۇجۇم قىلدى، ئارقىدىنلا جۇگېسنىڭ تىزىنى
چانىۋەتتى؛ لائۇسنىڭ قالقىنىنى تېشىۋەتتى، قىلچە تەييارلىقسىز
تۇرغان ئاركائاندېر خالىئۇس قاتارلىق بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈ-
رۈۋەتتى؛ ترويالىقلارنىڭ نەيزىسىنى يەردىن ئېلىپ قېچىۋاتقانلار-
غا زەرپ بىلەن ئاتتى. تاش يۈرەك يۇنو بولسا ھەدەپ ئۇنىڭغا
مەدەت بېرەتتى. تۇرنۇسنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۆلگەنلەرنىڭ قېنىغا
مىلەندى، تەر ۋە قانلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېرىقچىلارنى
ھاسىل قىلىپ ئاقتى.

ئاخىر، بۇ دەھشەتلىك قورقۇنچلۇق خەۋەر ترويالىقلارنىڭ
سەركەردىلىرى مېنېستېئۇس بىلەن سىركېستۇسنىڭ قۇلىقىغا
يەتتى. ئۇلار شامالدەك ئۇچۇپ بۇ يەرگە كەلدى. مېنېستېئۇس
قېچىۋاتقان لەشكەرلەرگە بار ئاۋازى بىلەن خىتاب قىلدى:

— سىلەر نەگە قاچماقچى بولۇۋاتىسىلەر — ، قايسى تەرەپكە
قاراپ يۈگۈرۈۋاتىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ يەردىن بۆلەك نەدە، قاند-
داق قورغىنىڭلار، قەلئەيىڭلار بار؟ قېرىنداشلار، ئويلاپ بېقىڭ-
لار، ئۇ بىرلا ئادەم، تۆت ئەتراپ سىلەرنىڭ قورغىنىڭلار تۇرسا،
ئۇ قورغىنىڭلار ئىچىدە ھەدەپ قىرغىنچىلىق قىلسا يۇ جازالانمى-
سا قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل، باتۇر لەشكەرلىرىمىزنى
ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىۋېرىشىگە ئىلاھلارمۇ يول قويۇۋەرمەيدۇ!
ھۇ توخۇ يۈرەكلەر، سىلەر بەختسىز ۋەتىنىمىزنى، قەدىمىي
ماكان ئىلاھلىرىمىزنى، ئۇلۇغ ئانېئاسىمىزنى ئويلاپ باقتىڭلار-

مۇ، ئۇلارغا ئىچكىلار ئاغرىمىدىمۇ، قىلىقىڭلاردىن نومۇسمۇ قىلمىدىڭلارمۇ؟

بۇ ياڭراق، ھەققانىي خىتاب شۇئان تروياللىقلارنىڭ روھىنى ئويغىتىپ قېنىنى قىزىتتى. «قېچىش»، «قارايۇز ۋەھىمە» ئاتلىق ئىلاھلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن غايىب بولدى. ئۇلار قوشۇننى قايتىدىن رەتلىدى. قەيسەرلىك، جاسارەت يەنە بىر نۆۋەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغىلدى.

تۇرنۇس ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاستا ـ ئاستا دەريا تەرەپكە ماڭدى. ھەسسىلەپ غەيرەتكە كەلگەن تروياللار چۇقان ـ سۈرەن بىلەن بەئەينى قورال كۆتۈرۈپ ۋەھشىي شىرغا ئېتىلغان نۇرغۇن ئوۋچى كەبى ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى. بۇ شىرنىڭ ۋەھشىي ۋە قورقۇنچاقا چۈشكەن كۆزلىرى ئوۋچىلاردىن ئۈزۈلمەيتتى، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە جەسۇرلۇقى ئۇنىڭ بۇرۇلۇپلا قېچىشىغا يول قويمايتتى. ئوۋچىلار بىلەن ئوۋچىلارنىڭ قولىدىكى قوراللار ئۇنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۆتۈشىگىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئوسال ئەھۋالدا قالغان تۇرنۇس ئاستا قەدەملەر بىلەن كەينىگە چېكىنىدى. غەزەپ ئوتى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ ئىككى قېتىم دۈشمەنگە ئۆزىنى ئېتىپ، دۈشمەنلەرنى قورغان تېمىنى بويلاپ قېچىشقا مەجبۇرلاپ پاتپاراق قىلىۋەتتى. بىراق، تروياللار تېزلىكتە پۈتۈن قوشۇننى توپلاپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇنۇس ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. يۇپىتېرنىڭ ناھايىتى قاتتىق بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقتىن بۇ چاغدا يۇنومۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشكە پېتىنالمىدى، تۆت تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بۇ باتۇر سەركەردە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، قالقىنى چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. دۇبۇلغىسىغا ئوق تەگدى، قالايمىقان ئېتىلغان تاشلار دۇبۇلغىنىڭ مىس قېپىنى يېرىۋەتتى، دۇبۇلغىنىڭ پەيلىرىمۇ يەرگە چېچىلدى. قالقىنىنىڭمۇ شىددەت

بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان تروياللىقلارغا تەڭ كەلگۈدەك ھالى قال-
مىدى. بولۇپمۇ مېنېستېئۇس ئۇنىڭغا چاقماق تېزلىكىدە نەيزە
ئېتىپ تۇردى، تۇرنۇسنىڭ تېنىدىن قارا تەر قۇيۇلدى. بەدىنى
توختىماي تىترىدى، نەپسى تېزلەشتى. ئۇ ئامالسىز قېلىپ تو-
لۇق قوراللانغان پېتى ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. دەريا ئۇنى قوينىغا
ئېلىپ، دولقۇنلىرىدا ئاستا ئاقتۇردى. بەدىنىدىكى قان -
تەرلەرنى يۇيۇپ پاكىزلاپ ئۆز بارگاھىغا ئاپىرىپ قويدى.



## ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە

# ئىلاھلارنىڭ تالاش - تارتىشى

ئىتالىيىدە ئۇرۇش تازا قىزىپ كەتكەندە، ئولىمپىس تېغىدا غەزەپ ۋولقانى پارتلاپ كەتتى. ھەممىگە قادىر يۇپىتېر شاھانە تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئوردا دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئاچقۇزۇۋېتىپ پانىي ئالەمدىكى جىمى ئىشلارغا نەزەر سېلىۋاتاتتى. ئۇ ترويالىقلارنىڭ قورغىنىنى، ھەر خىل لاتىنلارنى تولۇق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدىكى ئىلاھلاردىن، كىم رۇتۇلىيالىقلار بىلەن تروياىقلار ئارىسىدا ۋەھىمە قوزغىدى؟ ئۇلارنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش يولىغا كىم باشلىدى؟ دەپ سورىدى.

بىرىنچى بولۇپ، ئالتۇن رەڭ ۋېناس ئېغىز ئاچتى:

— ئاھ ئاتا، ھەي دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانى، رۇتۇلىيالىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە قانچىلىك تەمەننا قويۇۋاتقانلىقىنى، تۇرنۇسنىڭ كىشىلەرنى نەقەدەر ئاتى تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقانسىز؟ ئۇرۇش ئىلاھى مارس تۇرنۇسنى قوشۇننى باشلاپ تروياىقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۇشكۇرتىۋاتىدۇ. قورغاننى قورال - ياراغلار كۆمۈۋەتتى. خەندەكلەر ئىسسىق قان بىلەن تىندى. ئانېئاس سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ئىتالىيە زېمىنىغا قەدەم باسقاندى، ئەمما بەزىلەر سىزنىڭ پەرمانىڭىزغا پەرۋا قىلماستىن، بىر تۇركۇم جىن - ئالۋاستىنى ئىشقا سالدى. ئەسەبىي قىساس ئىلاھىنى دوزاختىن پانىي ئالەمگە چىقاردى! شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش كەڭ ئېتىز - داللاردا ئەركىن چېپىپ يۈردى، ئىتالىيە

شەھەرلىرىدە جىنايەت، رەزىللىك زورلۇق - زۇمبۇلۇق قىلدى! ھەي ئاتا، ئەگەر بەدنىيەت خوتۇنىڭىز ترويالىقلارغا باش تىققۇدەك ماكان بەرگىلى ئۇنىمىسا، مەن سىزدىن خارابىلىككە ئايلانغان، ئىس - تۈتەك قاپلىغان، گۇمران بولۇپ كەتكەن تروپا ھەققىدە بولسىمۇ، تروياليقلار خاتىرجەم ئورۇنلىشىدىغان بىر ماكان بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

بۇ گەپلەردىن زەردىسى قايىنىغان يۇنو ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ۋېناسقا رەددىيە بەردى:

— مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىم تۇرۇۋاتسام، نېمە-دەپ ئاغزىمنى تاتىلاپ سۆزلەشكە مەجبۇرلايسەن؟ ئانېئاسنى ئۇ-رۇش يولىنى تاللىۋېلىپ لاتىنۇس پادىشاھى بىلەن قارشىلىششقا قۇتراتقان ئادەم كىم، قايسى ئىلاھ؟ مەن ئانېئاسقا قورغاندىن ئايرىلىپ، ھاياتىڭنى خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىل دېدىممۇ؟ مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟ ئەجەبا تروياليقلار قاپقارا مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ لاتىنلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئۆزلىرى-گە تەئەللۇق بولمىغان يەرلەرنى ئىشلىتىۋالسا، باشقىلارنىڭ باي-



لىقنى بۇلاپ ئېلىۋالسا بولامدىكەن؟

ئىككى ئىلاھە ئاغزى بېسىلماي كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىشتى، بىر - بىرىنى ئەيىبلەشتى، زەردىگۈش بولدى. ئەرش- تە تۇرۇشلۇق بارلىق ئاھالىمۇ بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەت- تى، بەزىلىرى ۋەناسقا، بەزىلىرى يۇنوغا ھېسداشلىق قىلىشتى. گويا تۇرمىداشلارنىڭ پىچىرلىشىشىغا ئوخشاش شىۋىرلاشلار ئەۋ- جىگە چىقتى...

ئاجايىپ بەستىلىك، قاۋۇل يۇپىتېر ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئىلاھلار ئاغزىنى يۇمۇپ جىملا بولدى، زېمىن ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگىچە تەۋرەپ كەتتى، ئېگىز ئاسمانمۇ تىمتاسلىقتا چۆمدى، غەرب شامىلى مىت قىلمىدى، دولقۇنلارمۇ قىمىرلىمىدى.

— گېپىمنى ئوبدان ئاڭلاڭلار، ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، — دېدى يۇپىتېر، — ئىتاليان مىللىتى بىلەن ترويا- لىقلارنىڭ ئىتتىپاق تۇزۇشىگە رۇخسەت قىلىنمىغانىكەن، ئىك- كىڭلارنىڭ تالاش - تارتىشىمۇ تۈگىمەيدۇ.

ترويا قورغىنىنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىشى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى بويىچە بولغان ئىشمۇ ياكى ترويالىقلار- نىڭ ئەخمەقلىقى ۋە سەۋەنلىكى بىلەن بولغان ئىشمۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، مەن ھەممىگە بىر كۆزدە قارايمەن. بالا - قازا ياكى بەخت - سائادەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. مەن يۇپىتېر ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان پادى- شاھ، بۇ ئىشلارنى تەقدىر بىر تەرەپ قىلىدۇ.

يۇپىتېر سۆزىنى تۈگىتىپ قېرىنىدىشى باقىي ئالەم پادىشاھى- نىڭ دەريا سۈيى، ئوتتەك قىزىق ۋە قاپقارا دەريا قىرغىقى، قارا رەڭلىك قايىنامنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتقانىدى، ئولىمپىس تېغى تەۋرەپ كەتتى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى قىسىم

# تېز بېرىپ ياردەم قىلىش

شۇ ۋاقىتتا، رۇتۇلىيالىقلار قورغاننىڭ بارلىق ئىشىكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان، قورغاندىكىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش كويىغا چۈشكەن، قورغاننىڭ تۆت ئەتراپىدا ئاسمان ـ پەلەك ئوت كۆيۈۋاتقان، ئانېئاسنىڭ قوشۇنى قورغانغا قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، قېچىپ قۇتۇلۇشتىن قىلچە ئۈمىد يوق ئىدى.

ئۇلار ئېگىز پوتەيلەردە ئىلاجىسىز تۇرۇشاتتى. قورغاننى مۇداپىئە قىلىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاۋاتاتتى، ئاكمون يوغان بىر تاشنى كۆچەپ ئېتتىرىۋاتاتتى، ئىسمارۇس ئوقيانىڭ ئۇچىنى زەھەرلىك سۆيۈقلۇققا چىلاۋاتاتتى، ياش ترويا شاھزادىسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا بولۇپ، ئۇ دۇبۇلغىسىنى كەينىگە ئېتتىرىۋەتكەندى، ئاجايىپ چىرايلىق نۇرانە چېھرى گويا ياقۇتتەك پارقىراپ كەتتى. ھايات قالغانلار قورغاننى قوغداپ قېلىش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ، بەزىلىرى نەيزە ئاتاتتى، بىرلىرى تاشلارنى، ئوتلارنى كۆچەپ ئاتاتتى، بەزىلىرى بولسا، ئوقيا مۇنارىدا ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىۋاتاتتى…

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر نۆۋەت قانلىق، شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتكەن پەيتتە، ئانېئاسمۇ يۇلتۇزلۇق تۈندە دولقۇن يېرىپ جەڭ مەيدانىغا كېلىۋاتاتتى.

ئانېئاس تاركان پادشاھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئېترۇ-لىيىلىكلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. باشتى-

كىسى ئېترۇلىيە سەركەردىسى ماھكۇنسۇنس بولۇپ، ئۇنىڭ «يولۋاس»ناملىق كېمىسى برونزا بىلەن قاپلانغان، قول ئاستىدىكى ياش، كۈچلۈك مىڭ يىگىت ئوقيا بىلەن قوراللانغانىدى، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەي جانىنى ئالاتتى. زالىم ئاباس ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئاباسنىڭ قوشۇنىدىكى ئادەملەر باتۇر، قورال - ياراغلىرى خىل ئىدى، كېمىنىڭ بېشىغا ئويۇلغان ئاپوللونىڭ رەسىمى چاقناپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى سەركەردە ئاھىلاس بولسا جاھاندىكى ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشقا ئۇستا ئىدى. ھايۋانلارنىڭ ئۈچىيىگە قاراپ قۇتلۇق ياكى شۇملۇقنى ھۆكۈم قىلاتتى، مۇنەججىملىك قىلاتتى (يۇلتۇز ھادىسىلىرىنى بىلەلەيتتى)، قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەش، چاقماق چېقىش ئالامەتلىرىنى پەرق قىلالايتتى. ئۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان مىڭ نەپەر لەشكەر قوللىرىدىكى نەيزىلەر بىلەن قويۇق، باراقسان ئورمان ھاسىل قىلغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاق قۇنىڭ ئەۋلادى كونا رۇس بىلەن كۇپاۋۇ «كىنتاۋىر» ناملىق ئالامەت چوڭ كېمىنى پالاق بىلەن



هەيدەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. يېرىمى ئادەم، يېرىمى ئات كېنتا-
ۋېرنىڭ ھەيكىلى دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى،
ھەيكەلگە ناھايىتى يوغان بىر تاش ئېسىلغان. ئۇزۇن كېمىنىڭ
گەۋدىسى دېڭىزنى گويا يەر ھەيدىگەن تەرىزدە يېرىپ باراتتى.
ئورېستېسنىڭ كېمىسىگە يۇز تال بادرىدىن پالاق قىلىنغان،
ئۇ «ترىتون» ناملىق غايەت زور كېمىگە ئولتۇرغان. ترىتوننىڭ
بۇرغىسى كۆپكۆك دېڭىزنى لەرزىگە سالاتتى، ترىتوننىڭ بەدىنى-
نىڭ ئۈستى تەرىپى ئادەم شەكلىدە، يۇزى تۈك بىلەن قاپلانغان؛
قورسىقىنىڭ ئاستى دېڭىز ھايۋىنى ئىدى. ئۇ سۇنى يېرىپ ئىل-
گىرىلەيتتى، دېڭىز سۈيى يېرىمى ئادەم، يېرىمى ھايۋان بۇ
مەخلۇقنىڭ ئالدىدا شاۋقۇن سالاتتى، كۆپۈكلىشىپ دولقۇن-
لىناتتى.
كېمىلىكلەر قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ئانېئاسنىڭ كېمىسى
كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كېمىسىنىڭ باش تەرىپىگە بىرقانچە فرى-
گىنىيە شىرى نەقىشلەنگەن. شىرلارنىڭ ئۈستىگە ئىدې تېغى
ئويۇلغان. ئۇلۇغ ترويا داھىيسى ئېگىز كېمە بېشىدا ئولتۇرۇپ،
كۆڭلىدە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىلا پاللاس
ئولتۇراتتى.
بۇ كۈندۈز يورۇقلۇقى ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەن، مېھرى-
بان ئاي ئىلاھەسى پېئېبى تۈن ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئاسماننىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىغا كەلگەن مەھەل ئىدى. ئېترۇلىيىنىڭ 300 جەڭ
كېمىسى دېڭىزدا كېلىۋاتاتتى. ئانېئاسنىڭ كۆڭلى پاراكەندە،
كۆزىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ رولنى ئۆزى تۇتۇپ،
يالغۇز ئولتۇرۇپ كېمىنىڭ يەلكەنلىرىنى باشقۇراتتى. پاھ، تو-
ساتتىن ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار مېھ-
رىبان كۈبېلېنىڭ ئەمرىگە بىنائەن دېڭىز پەرىلىرىگە ئۆزگەرگەن-
لەر ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ داھىيسىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ تونۇ-
ۋالدى ـ دە، ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى چۆرىدەپ ئۈسسۈل ئوينىدى،

ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ سۇدا لەيلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئۇلار ئانىئاسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئوڭ قولىدا كىمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى تۇتتى، سول قولىدا تۇيدۇرماستىن كىمىنى ئىتتىردى. دۇمبىسى سۇ يۈزىگە چىقىپ قالدى.

دىڭىز پەرىلىرىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن كىمە ئىتىلغان نەيزە، كىرىچتىن ئاجرىغان ئوقىيا ئوقى كەبى تېز ماڭدى. بۇ ياخشىلىق ئالامىتى ئانىئاسقا غەيرەت - جاسارەت بەخش ئەتتى. ئۇ ئاسمانغا باقتى. قەلبى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن تولدى.

## ئوتتۇز بەشىنچى قىسىم

# ھەل قىلغۇچ جەڭ

كۈندۈز يەنە قايتىپ كېلىپ، كائىناتقا تاڭ نۇرىنى سېپىشكە باشلىدى. تروپىالىقلار ۋە تروپىالىقلارنىڭ قورغىنى ئېگىز كېمە بېشىدا ئۆرە تۇرغان ئانېئاسىنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ شۇئان يالتىراپ تۇرغان قالقىنىنى سول قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ قېرىنداشلىرىغا سالام بەردى. قورغاندىكى تروپىالىقلار ئالقىش ياڭراتتى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى كۈچىيىپ غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇدى. ئۇلار گويا قەپەستىكى قۇشلارنى قويۇۋەتمىگەنگە ئوخشاش نەيزىلەرنى ھاۋاغا ئېتىشتى. توۋلاشتى، شاۋقۇن ساداسى كۆكنى قاپلىدى.

تۇرنۇس ۋە ئىتالىيە سەركەردىلىرى كۆز يەتكۈسىز كېمە ئەترىتىنىڭ گۈلدۈرلەپ كېلىۋاتقانلىقى، دېڭىزنىڭ كېمە ئوكيانىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئانېئاسىنىڭ بېشىدا ئالتۇن دۇبۇلغىسى يالتىراپ كۆز چاقنىتاتتى، چوغدەك پەيلىرى مەيىن يەلپۈنەتتى، ئالتۇن قالقاندىن بالقىغان نۇر بەئەينى سۇزۇك تۈن ئاسمىنىدا چاقنىغان قىپقىزىل قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ نۇرلىرى رۇتۇلىيالىقلارنىڭ ئاسمىنىنى غۇۋالاشتۇردى.

لېكىن، باتۇر تۇرنۇس تەقدىر باتۇرلارغا ھەمدەمدە بولىدۇ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، لەشكەرلەرنى روھلاندۇرۇپ، جەڭگە ھازىرلاندى.

ئانېئاس قوشۇنغا قىرغاققا چىقىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. تۇرسۇنمۇ قىلچە كېچىكتۇرمەستىن، پۈتۈن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ ترويالىقلارغا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەنلەرنى قىرىشقا باشلىدى. ئانېئاس بىر قىلىچ بىلەن دۈشمەن سېپىدىكى ھەممە-دىن ئېگىز تېلوننىڭ مىس ساۋۇتىنى ۋە سېرىق كالتە چاپىنىنى تېشىۋەتتى، ئوچۇق بېلىدىن چىققان قان ئاسمانغا چاچرىدى. ئارقىدىنلا ئانېئاس لىكاسنى چاناپ يىقىتتى. كۈچتۈڭگۈر چىسىد-ئۇ بىلەن قارام جۇئاس توم توقماقنى ئوينىتىپ تۇركۇم - تۇركۇم ترويالىقلارنى يىقىتىۋاتاتتى، ئانېئاس بېرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

رۇتۇلىيالىقلاردىن يەتتىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئانې-ئاسنى ئورىۋالدى - دە، بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يەتتە نەيزىنى تەڭلا ئاتتى. نەيزىنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ دۇبۇلغىسى بىلەن قالقىنىغا تې-گىپ كەينىگە قايتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە بوش سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئانېئاس بىر باغلام نەيزە ئەكەلدۈرۈپ ئاتتى، بىرىنچى نەيزە ئۇچۇپ بېرىپ مەيئونغا تېگىپ، ئۇنىڭ مىس قالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ ساۋۇتىنى بۇزۇۋېتىپ كۆكرىكىگە سانجىلدى. مەيئون-ئىنىسى ئاركانورنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى، ئانېئاس ئاتقان ئىككىن-چى نەيزە ئاركانورنىڭ بېلىكىگە تەگدى. ئۇنىڭ بېلىكى مۈرىسى-دىن ساڭگىلاپ كۈچسىزلەندى. پەقەت مۇسكۇللار بىلەن ئارانلا مۈرىسىگە تۇتىشىپ قالدى. قانلىق نەيزە بولسا يەنە ئۇچۇپ پا-رۇسنىڭ ئېڭىكىگە تېگىپ ئۇنىڭ ۋارقىراۋاتقان كارنىيىنى تېشى-ۋەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى يەرگە تېگىپ، ئاغزىدىن قويۇق قان ئېقىپ چىقتى، ئاۋازى بىلەن جېنى تېشىلىپ كەتكەن كارنىيىدىن چىقىپ كەتتى.

رۇتۇلىيالىقلار ھەش - پەش دېگۈچىلا سانسىز قەھرىمانىنى يىغىپ، ئانېئاس بىلەن شىددەتلىك جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

ئۇلار تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئىتالىيە زېمىنىدىكى جەڭدە بىر ئادەمدەك چىڭ ئۇيۇ-شۇپ، جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى. خۇددى بىپايان ئاسماندا ئىككى تەتۈر شامال جەڭگە چۈشكەن، ھەيۋە ۋە كۈچى تەڭ كېلىپ قالغان، بىر - بىرىگە زادىلا بوي بەرمەي، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆزئارا قاتتىق تىركەشكەنگە ئوخشاش، تروي قوشۇنى بىلەن لاتىنلارنىڭ قوشۇنىنىڭ تىركىشىشى، ئېلىشىشى بەك قاتتىق بولدى.



### ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە

# شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى

تاشلار ۋە كېسىۋېتىلگەن ياغاچلار يېيىلىپ ياتقان دەريا بويىدا باشقا بىر جەڭ مەيدانى ئېچىلدى. باتۇر پاللاس مانا مۇشۇ يەردە جەڭ قىلدى، ئۇنىڭ ئاركادىيىلىك قوشۇنى قورۇقلۇقتا جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەچكە، ھە دېمەيلا بەل قويۇۋېتىپ قېچىشقا تەييارلاندى. پاللاس دادىسىغا ئوخشاش شان - شەرەپ قوچۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ لەشكەرلىرىنى رىغبەتلەندۇرۇپ باشلامچىلىق بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچى ئەڭ مەركەزلەشكەن سېپىگە ئېتىلدى.

لاگۇس بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ يولىنى توستى، لاگۇس يوغان، ئېغىر بىر تاشنى يۆتكەۋاتاتتى. پاللاس ئۇنى نىشانلاپ بىر نەيزە ئاتقانىدى، نەيزە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلدى. پاللاس ئۇستىخانغىچە سانجىلغان نەيزىنى تارتىۋېلىپ، ھىسسوسنىڭ پومپىيىپ چىققان كۆكرىكىگە تىقتى. ئېفاندېرنىڭ قىلىچى بىلەن تىمبېلنىڭ كاللىسىنى ئالدى. لاردېسنىڭ پولات قىلىچىنى كۆتۈرگەن ئوڭ قولىنى چانىۋەتتى. پولات قىلىچ «داراڭ» قىلىپ يەرگە چۈشتى. چانىۋېتىلگەن ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى تارتىشىپ قالسىمۇ قىلىچنى چىڭ سىقىمداپ تۇتتى.

ئاركادىيىلىكلەر پاللاسنىڭ شانلىق جەڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلىشتى. ئارقىدىن پۇشايماننى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، دەريادىن، خادا تاشلار ئارقىسىدىن چىقىپ قىلىچ - نەيزە-

لەر ۋال ـ ۋۇل چاقناپ تۇرغان جەڭ مەيدانىغا قايتىدىن ئېتىلىپ
كىردى.

پاللاس ئارقا ـ ئارقىدىن بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇ
قوشۇنىغا ئۆزىنىڭ جاسارىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن قوماندان-
لىق قىلاتتى. ئۇ جەڭگە تەقەززا بولغان خالىسۇسقا دۇچ كېلىپ
قالدى. خالىسۇسمۇ ناھايىتى جەسۇر، باتۇر بولۇپ، قالقىنى
بىلەن ئۆزىنى قوغداپ تۇرۇپ ـ كەينىدىن لادون، پېيللىس ۋە
دىمو دودۇكسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پاللاسىنىڭ بىر لەشكىرى ئۇنىڭ
گېلىنى سىقماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتقانىدى، خالىسۇس پارقى-
راپ تۇرغان قىلىچ بىلەن لەشكەرنىڭ قولىنى چانىۋەتتى، ئارقى-
دىن بىر تاشنى تۇئاسىنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى
يەنجىۋەتتى، قان ۋە مېڭە قېتىقى بىرلىشىپ ئاقتى.

پاللاس خالىسۇسقا ھەمراھىنى قوغداش بىلەن بولۇۋاتقاندا
ھۇجۇم قىلىپ، قىلچە مۇداپىئەسىز ھالەتتىكى كۆكرىكىگە نەيزى-
نى سانجىپ ئىچ ـ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى.

بۇ جەڭدىكى مۇھىم ئادەمنىڭ بىرى لاۋسۇس بولۇپ، ئۇ
قوشۇنىنى بۇ قۇربان بېرىشتىن قورقۇپ كەتمەڭلار دەپ ئىلھاملان-
دۇردى، ئاندىن نۇرغۇن ئاركادىيىلىكلەر، ئېترۇلىيىلىكلەر ۋە
ترويالىقلارنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، بىر ياقتا باتۇر
پاللاس، بىر ياقتا كۈچتۈڭگۈر لاۋسۇس باشچىلىقىدا ئىككى قو-
شۇن قاتتىق ئېلىشتى، ئەمما كۈچى تەڭ كېلىپ قالدى.

ئىككى قوشۇننىڭ غەلىبە، مەغلۇبىيىتىنى بىلگىلى بولماي-
دىغان مۇشۇ جىددىي پەيتتە، تۇرنۇسنىڭ ھەدىسى — ئىلاھە
رۇتۇرنا تۇرنۇسنى لاۋسۇسقا مەدەت بېرىشكە دەۋەت قىلدى.

تۇرنۇس شۇئان ھارۋىسىنى چاپتۇرۇپ جەڭ مەيدانى-
غا كەلدى ـ دە، قوشۇنىڭنى چېكىنىدۇر، دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق
قىلدى. ياش پاللاس خىجىل بولماستىن چوڭچىلىق بىلەن قىلىن-
غان بۇيرۇقنى ئاڭلاپ سەل ـ پەل چۆچىدى، تۇرنۇسنىڭ دىۋى-

دەك قاۋۇل بـەستـگە تـەئـەججۇپ نـەزىرىدە بـاشتـىن ـ ئاياغ
سەپسېلىپ چىقتى ـ دە، تەكەببۇر تۇرنۇسقا تەكەببۇرانە تەلەپپۇز-
دا جاۋاب بەردى:

— مەن مەيلى كاتتا سەركەردىنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەنىيمەتكە
ئېرىشەي ياكى قۇربان بولاي، ئوخشاشلا داڭق چىقىرىمەن. ھەي-
ۋەڭنى، يوغان گەپلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋال، سەن قانلىق بەدەل
تۆلەيسەن!

پاللاس گېپىنى تۈگىتىپلا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بارلىق
ئاركادىيىلىكلەرنىڭ قېنى ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى.

تۇرنۇس ئەركەك شىر كەبى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ،
يەردە پاللاس بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ئېتىلىپ باردى. پاللاس
كۈچ جەھەتتە ئۇنىڭغا يەتمىسىمۇ، مۆلچەرلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا
نەيزە يەتكۈدەك جايغا كەلگەندە، بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا چىقىپ
پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ باتۇرلۇق بىلەن نەيزە ئاتتى ھەمدە قاردەك
كۆز چاقنىتىدىغان قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋالدى. نەيزە
ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ تۇرنۇسنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستى تە-
رىپىدىكى مۈرىلىكىگە تەگدى ۋە ساۋۇتنىڭ قىرغىقىدىن ئۆتۈپ
قامەتلىك بەستىنى ئازراق جاراھەتلەندۈردى. چۈنكى ئۇنى تەقدىر
ئىلاھەسى قوغداپ قالغانىدى، بىچارە پاللاسنىڭ تەقدىرىنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

تۇرنۇس تۆمۈر باشلىق، كاۋچۇك ياغىچىدىن ياسالغان نەيزد-
نى پاللاسقا توغرىلاپ جەھلى بىلەن ئاتتى. پاللاسنىڭ قالقىنى
نەچچە قەۋەت قاڭالتىر، مىس تاختا، يەنە نەچچە قەۋەت قېلىن
كالا تېرىسىدىن قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەل-
مىدى. تىترەپ تۇرغان نەيزە ئۇچى قالقاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا
تەگدى، ساۋۇتىدىن ئۆتۈپ كەڭ كۆكرىكىگە سانجىلدى. پاللاس
قىزىق نەيزىنى دەرھال يارا ئېغىزىدىن تارتىۋىدى يىقىلىپ چۈ-
شۈپ، ئاغزىدىن قان ئاقتى، جېنىمۇ تېنىدىن جۇدا بولدى.

باتۇر پاللاس ئۆزىنىڭ جەڭ تۆھپىلىرى بىلەن داڭقىنى چىقاردى. ئۇ يىقىلغاندا ساۋۇت - دۇبۇلغىسىمۇ جاراڭلىق سادا چىقاردى.

تۇرنۇس پاللاسنىڭ جەستىگە سول پۇتىدا دەسسەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلىچ ئاسىدىغان ئېغىر كەمىرىنى كېسىۋالدى. بۇ كەمەرگە ئالتۇندىن تويى بولغان بىر يىگىتنىڭ توي ئاخشىمى تامام ئۆلتۈرگەنلىكى، ھۇجرا ئۆيىنىڭ قانغا بويالغانلىقىدەك قورقۇنچلۇق مەنزىرە نەقىش قىلىپ ئويۇلغانىدى. تۇرنۇس بۇ غەنىيمەتكە ئىگە بولۇپ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئادەم دېگەن تولىمۇ نادان، ئەخمەق كېلىدۇ. ئۇ غەلىبىدىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي كەتكەن چاغدا، كەمتەر بولۇشنى بىلمىدى. بۇ ئەھۋالدا كەلگۈسىدىكى تەقدىرى قانداقمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلسۇن؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ شۇ غەنىيمەتنى ئالغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىدۇ، ئىنتايىن يۇقىرى بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ پاللاسنى ساق - سالامەت ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

پاللاسنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ جەستىنى قالقىنى ئۇستىگە تۈزلەپ قويدى. يىغلاپ قان - قان بولۇشتى.

ھەي پاللاس، داداڭ سېنىڭ بۇ ھالەتتە قايتقىنىڭنى كۆرسە قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر، يەنە قانچىلىك پەخىرلىنەر - ھە! بۈگۈن سەن تۇنجى قېتىم جەڭگە كىرگەن كۈن ئىدى. يەنە شۇ بۈگۈن سەن ھاياتىڭدىن ئايرىلدىڭ. ئەمما سەن رۇتۇلىيىلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ ساينىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋېتىپ ئاندىن كەتتىڭ.

### ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە

## ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ قايتا نامايان بولۇشى

بۇ شۇم خەۋەر ئانېئاسقا ئاڭلانغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن، تارمار قىلىنغان تروياللىقلارغا يار-دەم بېرىدىغان پەيتمۇ كېلىپ قالغانىدى.

دەرغەزەپكە كەلگەن ئانېئاس يېقىن ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى بۇغداي ئورىغاندەك ئۆلتۈرۈپ ياتقۇزۇۋەتتى، پولات قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلەر ئارىسىدىن قانلىق يول ئېچىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىپ كېرىلىپ يۈرگەن تۇرنۇسنى ئىزدىدى.

پاللاس، ئېفاندېر، ۋە ئۆزىنىڭ ناتونۇش كىشى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋېلىنغانلىقى، ئېفاندېر بىلەن بىللە ئوڭ قولىنى چىقىرىپ ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى توغرىسىدا قەسەم ئىچىشكەنلىكى ئانېئاسنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. شۇڭا ئۇ پاللاسقا ئاتاپ نەزىر قىلىش، ئەسىرلەرنىڭ قېنىنى دەپنە ئۇچۇن دۆۋىلەنگەن ئوتۇن ۋە كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە چېچىش مەقسىتىدە، ئانېئاس يول بويى دۈشمەنلەرنى بىرمۇبىر قىرىپ كەلدى.

ئانېئاس ماگۇسنى قارىغا ئېلىپ يىراقتىن نەيزە ئاتقانىدى، نەيزە تەۋرەنگەن ھالدا ئۇچۇپ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئانېئاس ئېتىلىپ باردى ـ دە، سول قولىدا ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي بوي-نىنى كەينىگە قايرىپ خەنجىرىنى زەردە بىلەن تىقتى، ماگۇسنىڭ

كۆكرىكىدە خەنجەرنىڭ سېپىلا قالدى. پاللاسنىڭ قېنى ئانېئاسنىڭ غەزەپ ئوتىنى يالقۇنجىتىۋەتكەندى. ئانېئاسقا يېقىنلا جايدا قۇياش ئىلاھى فۇبوس بىلەن ئىلاھە دىئانانىڭ كائىنى ھېمونىدېس تۇراتتى. ئۇ باشتىن - ئاياغ ئاق كىيىم كىيگەن، باش چەمبىرىكىگە كاھىنلارغا خاس لېنتا تاقىۋالغانىدى. ئانېئاس ئۇنى كۆرۈپلا قوغلىدى، ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئانېئاس ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، زور بەستى كاھىنغا سايە تاشلىدى. ئانېئاس گويا بىر قۇربانلىقنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

بۇ چاغدا، فۇركاننىڭ ئەۋلادى كايكۇرۇس پەيلىنى يامان قىلىپ سەپ تۈزگەنىدى، زەردىسى قايناپ تۇرغان ئانېئاس ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى. ئالدى بىلەن ئانكسۇرنىڭ سول قولىنى ئۇنىڭ يۇمىلاق قالقىنى بىلەن قوشۇپ چانىۋەتتى. تار كۇيتۇس دۇبۇلغا ساۋۇتىنى پارقىرىتىپ كېلىپ ۋولقان كەبى كۆيۈپ تۇرغان ئانېئاسنىڭ يولىنى توستى. ئانېئاس نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا سانجىغانىدى، ئۇنىڭ ساۋۇتى ۋە قالقىنىغا تەگدى. ئانېئاس ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي شەمشىرى بىلەن كاللىسىنى ئالدى، يەرگە چۈشكەن بېشىنى تېپىۋېتىپ ئۇنىڭ جەستى يېنىدا بىر پەس تۇردى. قەلبىدە دۈشمەنلىك تاشقىنى تاشاتتى.

ئانېئاس يەنە تۇرنۇسنىڭ ئىككى غوللۇق ئادىمىنى يوقاتتى، پالۋان نۇما ۋە ئالتۇن چاچلىق كارموسقا يېتىشىۋالدى، بۇ چاغدىكى ئانېئاس يۈز قولى بار ئەيگەيئوننىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەيگەيئون 50 ئاغزىدىن، 50 كۆكرىكىدىن ئوت پۈركۈيدىغان، يۈزى بىرلا رەڭدىكى 50 قالقان ئىشلىتىدىكەن، 50 خەنجەر تۇتىدىكەن. شۇ نەرسىلىرى بىلەن يۇپىتېرنىڭ چاقمىقىنى توسىدىكەن. ئانېئاس جەڭ مەيدانىدا ئەنە شۇنىڭدەك قەھرى - غەزەپكە كەلگەن بولۇپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى دۈشمەننى قىرىپ، ياتقۇزۇپ غەلىبە قۇچۇپ يۈرەتتى. ئانې-

ئاس رۇتۇلىيلىكلەرنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا قاراپ چاپتى. ئاتلار
ئۇنىڭ قەھرى - غەزىپىدىن قورقۇپ ئۇستىدىكى ئادىمىنى تاشلى-
ۋەتتى - دە، قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەپ جېنىنى ئېلىپ دېڭىز
تەرەپكە قاچتى.

شۇ مەھەلدە رۇكاگۇس بىر جۈپ ئاق بوز ئات قوشۇلغان
جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ يىراقتىن يېتىپ كەلدى، ئاتلارنىڭ
چۇلۋۇرنى ئىنىسى رىگېل تۇتۇپ، ئاتلارنى باشقۇراتتى. رۇكا-
گۇس غىلاپتىن چىقىرىلغان خەنجىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلەتتى،
ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق ياغاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەشكەن تۇرقىنى
كۆرۈپ ئانېئاسنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ
نەيزىدە ئۇلارنى قارىغا ئالدى. ئۇنىڭ قامەتلىك بەستى ئۇلارنىڭ
ئالدىنى تام بولۇپ توستى.

رۇكاگۇس خەنجىرىنى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تەگكۈزۈپ ئاتنى
دىۋىتىپ جەڭ قىلماقچى بولۇپ سول پۇتىنى سوزۇشىغا، ئانېئاس
ئاتقان نەيزە كېلىپ ئۇنىڭ قالقىنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تېگىپ،
سول تەرەپ دوۋسۇنىغا سانجىلدى. ئۇ ھارۋىدىن يىقىلىپ سەك-
راتقا چۈشۈپ قالدى. رۇكاگۇسنىڭ ئىنىسى بىچارە رىگېرىل
ھارۋىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ، قوللىرىنى سوزۇپ ئانېئاستىن بىر
قوشۇق قېنىنى تىلىدى. بىراق ئانېئاس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋې-
تىپ كۆكرىكىگە بىر خەنجەر ئۇرۇپ، ئۇنىڭ جېنى تۇرىدىغان
پىنھان خانىنى يېرىۋەتتى.

تروياننىڭ بۇ داھىيسى جەڭ مەيداندا بەئەينى كەلكۈن ۋە قارا
قۇيۇن كەبى قۇتراپ ئۆلۈم ئۇرۇقىنى چېچىپ يۈردى.

يۇنو ئانېئاسنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە قەھرىمانلىقىدىن ھەيران
قالدى ۋە قاتتىق چۆچىدى، تۇرنۇسنىڭ پېشانىسىگە ئۆلۈم پۈتۈل-
گەنلىكىگە قايغۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرى يۇپىتېردىن تۇر-
نۇسنىڭ ئۆلۈمىنى كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. يۇپىتېر
بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈردى.

يـۇنـو ئـەرىشتىن ئـاق بـۇلـۇتلار ئىچىدە ئايرىلدى. ئۇ بوران - چاپقۇننى چاقىرىپ، ئۇدۇل تروياللىقلارنىڭ ئۇرۇش سېپى ۋە لاتىنلارنىڭ قەلئەسىگە قاراپ چاپتى.

يۇنو بىر پارچە بۇلۇتنى ئېلىپ ئانېئاسنىڭ قىياپىتىدىكى ئاجىز بىر خىيالىي كۆلەڭگىگە ئايلاندۇردى، ئۇنى تروياننىڭ قو- رال - ياراغلىرى بىلەن قوراللاندۇردى، ئانېئاسنىڭ قالقىنىنى تەقلىد قىلدى. بېشىغا يەنە پەي قادالغان دۇبۇلغا (تەقلىدىي) كىيگۈزدى. بۇ خىيالىي كۆلەڭگىنى گەپ قىلالايدىغان قىلدى، بىراق ئۇ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ئاۋازلا چىقىراتتى، تەپەككۇر قىلالمايتتى، سۆزىدە ئېنىق ئوي - پىكىر يوق ئىدى. بۇ خىيالىي كۆلەڭگە گويا رىۋايەتلەردىكى ئايلىنىپ يۈرگەن ئەر- ۋاھقا ياكى ئادەم قاتتىق ئۇيقۇدا كۆرگەن چۈشكە ئوخشايتتى. بۇ خىيالىي كۆلەڭگە تۇرنۇسنىڭ سېپىگە بېرىپ ئۇيان - بۇيان يۈرۈپ نەيزە ئېتىپ تۇرنۇسنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى جەڭگە چاقىردى. تۇرنۇس ئۇنىڭغا ھۇجۇم



قىلىپ يىراقتىن نەيزە ئاتتى. نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بارغاندا بۇ خىيالىي كۆلەڭگە كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى. تۇرنۇس ئانېئاس راستتىنلا مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، دەپ قاراپ، بىر مەھەل قايمۇقۇپ، قۇرۇق ئارزۇ ـ ئۇمىدلەردە بولدى. بۇ خۇشاللىقنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئۇقماستىن، قىلىچىنى غىلاپتىن چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ توۋلىغان پېتى خىيالىي كۆلەڭگىنى قوغلاپ ماڭدى. ئانېئاسنىڭ كۆلەڭگىسى قاچە ـ قاچە بېرىپ ئالمان ـ تالمان بىر كېمىگە چىقىۋالدى. تۇرنۇسمۇ قەدىمىنى ئاستىلانماستىن، تۈرلۈك توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ تىك پالۇبىغا بىر سەكرەپلا چىقىۋالدى. تۇرنۇس كېمىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىشىگە يۇنو لەڭگەرنى كېسىپ تاشلاپ كېمىنى ئىتتىرىپ دولقۇنى پەسەيگەن دېڭىزغا ماڭغۇزۇۋەتتى.

ھەقىقىي ئانېئاس بولسا جەڭ قىلىدىغان ھەقىقىي نىشاننى ئىزدەپ يول بويى دۈشمەننىڭ نۇرغۇنلىغان خىل لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

كېمىدىكى خىيالىي كۆلەڭگە ئەمدى مۆكىدىغان جاي ئىزدەپ يۈرمەستىن، يېنىك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ بۇلۇتلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. تۇرنۇس دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شامالنىڭ ھەيدىشى بىلەن كېتىپ باراتتى. تۇرنۇس ئۆز ئەھۋالىغا ھەيران ئىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان جەڭ مەيدانىغا قارىدى ـ دە، ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ نالە قىلدى:

— ھەي، ھەممىگە قادىر ئاتا. سىزنىڭچە، مەن راستتىنلا شۇنچە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈممۇ؟ مېنى دېڭىزغا ھەيدىگىنىڭىز نېمە ئىش ئەمدى؟ مېنى ئېقىتىپ يەنە نەلەرگە ئاپىرىۋېتىسىز؟ مەن بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىشقان قوشۇنۇم قانداق قىلىدۇ؟ ئۇرۇش خەۋپىدىن قۇتۇلغىنىمغا ھەرگىز خۇشال بولمايمەن. چۈنكى، مەن ئۇلارنى تاشلىۋەتتىم، مەن چوقۇم نامەلۇم گۇناھ بىلەن ئۆلىمەن!

تۇرنۇس بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ئەتراپلىق ئويلاندى. بۇنچۇۋالا هاقارەتكە ئۇچراش ئۇنى روهىي جەهەتتىن تۇگەشتۇرۇۋەتتى. ئۇ شەپقەتسىز خەنجەرنى بېقىنىمغا تىقىپ ئۆزۈمنى ئۆلتۇرۇۋالغىنىم ياخشىمۇ ياكى ئۆزۈمنى دولقۇنلارغا ئېتىپ قىرغاققا ئۈزۈپ بېرىپ قايتىپ ترويالىقلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقىنىم ياخشىمۇ، دەپ ئويلاندى. ئۇ بۇ ئىككى يولنىڭ هەربىرسىنى ئۈچ قېتىمدىن سىناپ كۆردى. ئەمما ئۈچلا قېتىم بۇ ياش يىگىتكە ئىچى ئاغرىغان يۇنو تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى. شۇنداق قىلىپ، تۇرنۇس دېڭىزدا ئېقىپ يۈردى، شامال ۋە دېڭىز ئېقىنىنىڭ ياردىمىدە دادىسى داۋنۇسنىڭ قەدىمىي پايتەختىگە يېتىپ باردى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە

# ئاتا ـ بالىنىڭ تەڭلا ئۆلۈشى

تۇرنۇسنىڭ ئالىي سەركەردىسى مېزانتىئۇس پۇپتېرنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن، جەڭ سېپىگە بىر پارچە ئوتقاشتەك ياردەمگە كىرىپ كەلدى. شۇئان ئېترۇلىيىلىكلەر تۆت ئەتراپتىن يېتىپ كەلدى. بارلىق ئۆچمەنلىك ۋە قويۇق نەيزىلەر توپى مۇشۇ بىرلا ئادەمگە مەركەزلەشكەندەك بولدى. ئەمما، ئۇ ئاسمان ۋە دېڭىزدىن كەلگەن تەھدىتكە چىداپ، بەجايىكى دېڭىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور قورام تاش كەبى مەزمۇت تۇراتتى.

ئۇ ئالدى بىلەن ھېبرۇسنى يەرگە دومىلاتتى، تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن يوغان بىر تاش بىلەن لاتاگۇسنىڭ يۈز ـ كۆزىنى مىجىپلىۋەتتى، پارمىسنىڭ پاچىقىنى چېقىۋەتكەندى، ئۇ ئىلاجىسىز قېلىپ يەردە دومىلاپ يۈردى. ئارقىدىن مېزانتىئۇس فلگىنىيىلىك ئېفانتېس بىلەن مىماسنى ئۆلتۈرۈۋەتتى...

مېزانتىئۇس بەئەينى تاغدىن چۈشكەن ياۋا چوشقىدەك قۇتراپ، غەزەپلىك ۋارقىرايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ بولسا دۈشمەنلەر توپلاشقان جايغا ئۆزىنى ئۇردى. بىتەلەي ئاكىلون ئۇنىڭ قولىدا ئۆلدى. جان بەرگۈچە ئارىلىقتا قان بىلەن بۇلغانغان لاي توپىنى تاپىنى بىلەن تىلغىدى.

مېزانتىئۇس يەنە قېچىپ كېتىۋاتقان ئورۇدېسنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. مېزانتىئۇس ئۇنى بىخەستە تۇرغان

هالىتىدە بىر نەيزە تىقىپلا يىقىتسا بولىۋېرەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست بىلەن ئەمەس، بەلكى بىلەك كۈچى ۋە نەيزىۋازلىق ماھارىتى بىلەن غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، چوڭ بىر دائىرە ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشتى. ئورودېسنى يىقىتقاندىن كېيىن ئۇنى بىر پۇتىدا دەسسەپ تۇرغاندا، جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان ئورۇدېس شۇنداق دېدى:

— كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە، سېنىمۇ مېنىڭكىدەك تەقدىر كۈتۈپ تۇرىدۇ.

مېزانتىئۇس ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ:

— مانا ئۆل! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئورودېسنىڭ تېنىدىن نەيزىنى تارتىۋالدى. ئورۇدېسنىڭ كۆزلىرىنى تۇمۇردەك ئېغىر ئۇيقۇ، رەھىمسىز ئاراملىق يۇمدۇرۇپ قويىدى، كۆزىدىكى نۇر مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قامىلىپ قالدى.

قاتتىق قول ئۇرۇش ئىلاھى مارس ھەر ئىككى تەرەپنى كونترول قىلىپ تۇرغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى ۋە تالاپىتى ئوخشاشلا ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتە يەر چىشلىگەنلەر، يىقىلغانلار بولدى، غەلىبىمۇ، مەغلۇبىيەتمۇ كۆرۈلدى، ئەمما ھېچقايسىسى چېكىنمىدى ياكى قاچمىدى.

زەپىران چىراي قىساس ئىلاھەسى تىسپونى قوشۇن ئىچىدە ھەريان چېپىپ يۈرەتتى، مېزانتىئۇس نەيزىسىنى ئوينىتىپ جەڭ مەيدانىدا تەلۋىلەرچە ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۇ غايەت زور بەستى بىلەن گويا دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ يۈرۈش قىلىۋاتقان كاتتا چولپان، ئوۋچى ئورىئونغا، ياكى بېشىدا بۇلۇتمۇ يوق ھالەتتە قۇرۇقلۇقتا مېڭىۋاتقان ئورىئونغىلا ئوخشايتتى.

ئانېئاس ئۇزۇن كەتكەن جەڭ سېپىگە نەزەر سېلىپ مېزاد-

تىئۇسقا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئېلىشاي دەپ
ماڭدى. مېزانتىئۇس چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن تاغ كەبى
مەزمۇت تۇرۇپ قەھرى تاشقان دۈشمىنىگە تەمكىن قاراپ تۇردى.
بىرنېمىلەرنى دەپ تۇرۇپ ئارىلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئاندىن يى-
راقتىن نەيزە ئاتقانىدى، نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ باردى، ئەمما
ئانېئاسنىڭ قالقىنىغا ئۇرۇلۇپ قاڭقىپ ئۇنىڭغا يېقىنلا تۇرغان
بىر ئادەمگە تەگدى. ئانېئاسمۇ بىر نەيزە ئاتتى. بۇ نەيزە مېزانتى-
ئۇسنىڭ ئۈچ قەۋەت مىس تاختا، كۆپ قەۋەتلىك كەندىر رەخت،
ئۈچ پارچە كالا تېرىسىدىن ياسالغان قالقىنىنىڭ قىرىغا تېگىپ
بېلىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئانېئاس دۈشمەندىن ئاققان قاننى
كۆرۈپ خۇشال بولدى ـ دە، دەرھال بېلىدىن قىلىچىنى سۇغۇ-
رۇۋېلىپ تىترەۋاتقان دۈشمىنىگە تىقماقچى بولدى.

مېزانتىئۇس قالقىنىغا سانجىلغان نەيزىنى ئېلىۋېتىمەن دەپ
نەيزە بىلەن ھەپىلىشىپ جەڭ قىلالماي، نائىلاج كەينىگە چېكىن-
دى. بۇ ئەھۋالنى ئوغلى لاۋسۇس كۆرۈپ قېلىپ يۈگۈرۈپ
كېلىپ جەڭگە كىرىشتى. ئۇ ئانېئاسنىڭ دادىسىغا تىقماقچى بو-
لۇپ ئېگىز كۆتۈرگەن قىلىچىنى توسۇۋالدى. مېزانتىئۇس ئوغ-
لىنىڭ قالقىنىنىڭ دادلدىسىدا چېكىندى. لاۋسۇسنىڭ ھەمراھ-
لىرى ھەرە تەرەپتىن نەيزە ئېتىپ ئانېئاسنى ئۇلارغا يېقىن كەل-
تۈرمىدى.

ئانېئاس غەزەپتىن ئۆرتىنىۋاتقان بولسىمۇ، يامغۇردەك يې-
غىۋاتقان نەيزە ـ ئوقيالاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر
بولدى. لاۋسۇس ھەمراھلىرىنى ئالقىش ئىچىدە كۆرەڭلەپ سەك-
رەپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ترويا داھىيسى ئىختىيارسىز ھالدا
غەزىپىنى باسالماي قالدى. تەقدىر ئىلاھەسىمۇ لاۋسۇسنىڭ ۋۇ-
جۇدىدىن ھاياتلىق نۇرىنى يىغىۋالدى.

ئانېئاس قىلىچنى جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا كۈچەپ
تىققانىدى، خەنجەر ئۇنىڭ قالقىنى، ھەتتا كۆڭلىكىنىمۇ تېشىپ

ئۆتۈپ تېنىگە سانجىلدى. ئىسسىق قېنى ئانىسى يۇمشاق مەشۇت يېپتا تىكىپ بەرگەن كۆڭلىكىنى قىپقىزىل بوييۋەتتى، جېنى تېنىدىن ئايرىلىپ، ھاياتى پاجىئەلىك يوسۇندا ئەرشكە چىقىپ كەتتى.

ئانىئاس ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئاجايىپ بىر خىل سۈزۈك تاتىرىشىنى كۆرۈپ قالدى. لاۋسۇس-نىڭ دادىسىغا ئامراقلىقى، دادىسىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ئانې-ئاسقا ئۆزىنىڭ دادىسىنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى-دە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ ئوڭ قولىنى سو-زۇپ:

— بىچارە بالا، — دېدى، — مەن ئانىئاس ساڭا بۇ ئالىيجا-ناب پەزىلىتىڭگە لايىق كېلىدىغان، ساڭا بولغان ھۆرمىتىم، مەدھىيەمنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان قانداق نەرسىنى سوۋغا قىل-سام بولار؟ ئامراق قورالىڭ ئۆزۈڭدە قېپقالسۇن. ھەي شور پېشانە، سەن پاجىئەلىك يوسۇندا ئۆلدۈڭ. ئەمما سەن ئۇلۇغ ئانىئاسنىڭ قولىدا ئۆلدۈڭ، بۇ ساڭا ئاز - تولا تەسەللى بولار.

ئانىئاس لاۋسۇسنى يەردىن كۆتۈرۈۋالدى، ياش يىگىتنىڭ پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق چاچلىرى قانغا مىلەنگەنىدى.

مېزانتىئۇس دىب دەرياسىنىڭ بويىدا يارىسىنى يۇيۇۋاتاتتى، مىس دۇبۇلغىسى يېقىنلا يەردىكى دەرەخ شېخىغا ئېسىلغان، ئېغىر ساۋۇتى ئوت - چۆپ ئۈستىگە قويۇلغان. يېقىن مۇلازىملىد-ىرى بولسا ئەتراپىدا تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۆزىدە بەكمۇ ھارغىنلىق ۋە نامەلۇم بىر قايغۇلۇق تۇيغۇ سەزدى. دەرەخكە يۆلىنىپ ئېغىر نەپەسلەندى. بوينىنى، ئۇزۇن ساقىلىنى، كۆكرىكىنى سىلىدى. ھە دەپ لاۋسۇسنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى. ئەندى-دىشىلىك ئوي - خىياللار بىلەن ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە بىر-قانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتى.

لاۋسۇسنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر يىغلىغان پې-

تى كۆتۈرۈپ كەينىگە قايتتى. مېزانتىئۇسنىڭ كۆڭلى شۇم خەۋەرنى تۇيدى. يىراقتىن يىغا - زارىمۇ ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاق ئارىلىغان چېچىغا ئەخلەت - چاۋانى چېچىپ قوللىرىنى ئاسمانغا سوزدى. ئۆز پۇشتىدىن ئايرىلىش بەكمۇ يۈرىكىنى ئەزدى، شۇڭا بەدىنىدىكى جاراھەتمۇ ئاچچىق ئاغرىپ كەتتى.

مېزانتىئۇس پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ ئورنىدىن تۇردى. ئېغىر يارىلىنىش تۇپەيلى ئۇ بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي غەيرىتىگە ئېلىپ ئاتقا مىندى. پۇتلىرى ئادىتى بويىچە ئۆز ئورنىنى تاپتى. قوللىرى ئېغىر نەيزىنى چىڭ تۇتتى، مىس دۇبۇلغىسى يالتىراپ، كۆپۈپ تۇرغان پەيلەر يەلپۈندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قايغۇلۇق ھالەتتە جەڭگە ئاتلاندى. ئاتىلارغا خاس قىساس ئېلىش ئىرادىسى ئۇنىڭغا چەكسىز جاسارەت، باتۇرلۇق بەخش ئەتتى.

ئۇ ئۈنلۈك ئۈچ قېتىم توۋلاپ ئانېئاسنى جەڭگە چاقىردى. ئانېئاس ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. چوقۇم ئۆلىمەنغۇ دېگەن نىيەت بىلەن كەلگەن، غەزەپ، ئەلەمدىن ئۆزىنى يوقاتقان مېزانتىئۇس دۈشمىنىگە قەھرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن نەيزە ئاتتى… ئەمما ئوتتۇرىسى ئالتۇندىن قىلىنغان قالقان - نەيزىلەرنى توسۇپ قالغانلىقتىن ئانېئاس مىدىر - سىدىر قىلماي مەزمۇت تۇردى.

مېزانتىئۇس ئانېئاسنى سول تەرەپتىن ئۈچ ئايلىنىپ توختىماي نەيزە ئاتتى، بۇ تروييا قەھرىمانىمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئۈچ قېتىم ئايلاندى. ئۇنىڭ مىس قالقىنىغا نەيزىلەر سانجىلىۋېرىپ غەلىتە ئورمان ھاسىل قىلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قالقانغا نەيزە سانجىلىۋەردى ۋە بۇ نەيزىلەر بىر - بىرلەپ ئېلىۋېتىلدى. ئاخىر ئانېئاس پۇرسەتنى توغرا تۇتۇپ، سەكرەپ بېرىپ ئاتنىڭ قاشقىسىغا بىر نەيزە ئېتىۋىدى، ئات تىكلەندى، پۇتلىرى ھاۋادا تېپچەكلەپ

ئۇستىدىكى ئادەمنى يەرگە ئاتتى. ئاندىن ئۆزىمۇ بېشىچە يىقى-لىپ، ئېغىر تېنى بىلەن مېزانتىئۇسنى بېسىۋالدى.

تروياليقلار بىلەن لاتىنلار تەڭلا تۇۋلاپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئېتىلغان ئوت كالتىكىدەك كۆككە يەتتى، ئانېئاس ئۇچ-قاندەك يۇگۇرۇپ مېزانتىئۇسنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، غىلاپتىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋالدى. مېزانتىئۇس ھوشىغا كەلدى، كۆز-لىرى كۆككە تىكىلدى. ئۇ ئانېئاسنىڭ خەنجىرىنى ئېلىۋېلىپ بويىنىغا چېپىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە

# ئاساسلىق جەڭ ۋە ئاساسلىق يارىشىش

ئانىئاس مېزانتىئۇسنىڭ كۆز چاقنىتىدىغان ساۋۇت - دۇبۇلغىسىنى يېشىۋېلىپ، جەڭ غەنىيمىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغ ئورۇش ئىلاھىغا تەقدىم قىلدى. ئاندىن ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قوشۇنغا سۆز قىلدى:

— سەپداشلار، بىز ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نەرسىدىن قورقمايمىز. ئەمدى قوراللىڭلارنى قولۇڭلارغا ئېلىپ، روھىڭلارنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭىۋاشتىن جەڭ قىلىشقا تەييارلىقنى پۇختا قىلىڭلار. ئەرش ئىلاھى جەڭ تۇغىنى يەردىن ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈشىمىزگە رۇخسەت قىلغان ھامان، قوشۇن دەرھال قورغاندىن چىقىپ يۈرۈش قىلىدۇ. ھازىر بىز باتۇر پاللاسنى ئېفاندېرنىڭ پايتەخت شەھىرىگە ئاپىرىپ بېرەيلى.

پاللاسنىڭ جەسىتى بارگاھ ئالدىغا قويۇلغان بولۇپ، پاللاس ئائىلىسىنىڭ بارلىق چاكارلىرى ۋە بىر توپ تروياللىق ئۇنى چۆرىدەپ تۇراتتى. ئاياللار ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ماتەم تۇتۇپ چاچلىرىنى چۇشۇرۇۋېتكەنىدى.

ئانىئاس بارگاھنىڭ ئېگىز، يوغان ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىگە، قايغۇرۇپ تۇرغان كىشىلەر مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. پاللاسنىڭ چىرايى قاردەك ئاقارغان، بېشى يەرگىلا قويۇلغان، سىلىق كۆكرىكىدىكى ئىتالىيىلىكنىڭ نەيزىسىدە جاراھەتلەنگەن جاراھەتنىڭ ئاغزى ئوچۇق ئىدى.

ئانىئاسنىڭ كۆزلىرىدىن تارامال ياش تۆكۈلدى.

— بىچارە بالا، — دېدى ئۇ، — تەقدىر ئىلاھەسى سېنىڭ گۈزەل چىرايىڭ، تەڭداشسىز باتۇرلۇقۇڭنى كۆرەلمەي، مېنىڭ يېنىمدىن ئەكەتتىمۇ قانداق، ياكى سېنىڭ غالىب سۇپىتىدە زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، ئەجدادىڭنىڭ ماكانىغا قايتىپ كېتىشىڭگە كۆڭلى ئۇنىمىدىمۇ يا؟

ئانىئاس بىچارە پاللاسنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەمدە قوشۇن ئىچىدىن مىڭ نەپەر پالۋاننى تاللىۋېلىپ، بىللە بېرىپ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش، ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى بىلەن بىر-لىكتە ماتەم بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. بىر قىسىم كىشى-لەر مېركا دەرىخىنىڭ يۇمشاق شاخلىرى ۋە كاۋچۇك دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن يۇمشاق تەختىرۋان ياسىدى، يوپۇرماقلاردىن تەخ-تىرۋان ئۈستىگە سايىۋەن بېكىتتى.

كىشىلەر جەددىي قىياپەتتە پاللاسنى دېھقانلارنىڭكىدەك يا-سالغان قوپال تەختىراۋانغا ياتقۇزدى. ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن بۇ سۇباتلىق يىگىت بەئەينى قىزلار مەستلىكى كېلىپ ئۈزۈۋالغان ۋىئولېت ياكى ساڭگىلاپ تۇرغان شەرق نەرگىز گۈلىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى، تەقى - تۇرقى ئۆز پېتى بولسىمۇ، لېكىن زېمىن ئانا ئەمدى ئۇنى باقمايتتى، ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلمايتتى.

ئانىئاس كەشتىلەنگەن، ناھايىتى ئېسىل ۋە سىپتا، تۈزلا تىكىلگەن ئىككى كىيىمنى ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىرىنى پاللاسقا كىيگۈزۈپ قويدى، يەنە بىرىنى پاللاسنىڭ كۆپ ئۆتمەي كۆيدۈرۈلىدىغان بېشىغا ئوراپ قويدى.

ئانىئاس يەنە پاللاس قولىغا چۈشۈرگەن جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئۈزۈن قاتار قىلىپ تىزىش، ئۇنىڭغا يەنە تۆت ئات ۋە غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغلارنى قوشۇشقا بۇيرۇدى. ئانىئاس بۇنىڭدىن

بۇرۇن ئۇ يەنە قېنىنى پاللاسنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرىدىغان ئوتقا چېچىش ۋە ئۇلارنىمۇ نەزىرلىك سۈپىتىدە باقىي ئالەمگە ئۇزىتىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ئەسىرلەرنى باغلاتقۇزۇپ قويغانىدى.

دەپنە قىلغۇچىلار ناھايىتى ئۇزۇن قاتار بولۇپ ماڭدى. ئېتىز - دالىنى يىغا - زارە قاپلىدى. كىشىلەر رۇتۇلىيالىقلارنىڭ قان داغلىرى بىلەن بويالغان جەڭ ھارۋىسىنى سۆرەپ ماڭدى. ھارۋىنىڭ كەينىدە پاللاسنىڭ جەڭ ئېتى ئايتان كېلەتتى، ئۇنىڭ ئىگىرى ئېلىۋېتىلگەن، كۆزلىرىدىن ئاققان تارام - تارام ياش يۈزىنىڭ مويلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. يەنە بەزى كىشىلەر پاللاسنىڭ نەيزىسى بىلەن دۇبۇلغىسىنى كۆتۈرگەن. ئۈنسىز ماتەم ئىچىدە كېتىۋاتقان قوشۇن ئىچىدە تروياللىقلار، ئېترۇلىيەلىكلەر ۋە ئاركادىيىلىكلەر بولۇپ، ھەممەيلەن قورالىنى تەتۈر تۇتۇۋالغانىدى. ئانېئاس بۇ ئۇزۇن قوشۇن مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن قەدىمىنى توختىتىپ، پاللاس بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتى.

لاتىنلار بىلەن تروياللىقلار ئۆزئارا ئەسىرلەرنى ئالماشتۇردى ھەمدە 26 كۈندىن 12 كۈنگىچە ئۇرۇش توختىتىشنى بەلگىلىدى. سۇبھى ئىلاھەسى سېخىي تاڭ نۇرىنى بىچارە كىشىلەرگە چاچتى. بىر مىللەتنىڭ بېشى بولغان ئانېئاس بىلەن پادىشاھ تاركان دېڭىز ساھىلىغا نۇرغۇن ياغاچ تەييارلاتتى. كىشىلەر ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەكېلىپ ياغاچ دۆۋىسىگە ياتقۇزغاندىن كېيىن، قارا ئىس چىقىرىپ تۇرغان ئوت بىلەن ياغاچلارغا ئوت ياقتى. ئاسمان شۇئان (قويۇق) ئىس - تۈتەك ئارىسىدا قالدى.

جەڭ مەيدانىنىڭ يەنە بىر چېتىدە لاتىنلارمۇ قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە جىق ئوتۇن دۆۋىلىدى. بىر قىسىم لەشكەرلەرنىڭ جەستى توپىغا كۆمۈلدى. بىر قىسىملىرىنىڭ جەستى شەھەرگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن دالىغا قويۇلدى. قالغانلىرى سانىمۇ ئې-



لىنماي، نەزىرمۇ قىلىنماي دۆۋىلىنىپ قويۇلدى. گۇرۇلدەپ
كۆيگەن ئۇلۇغ ئوت ئۇلارنى دەپنە قىلدى. شۇڭا ئېتىز - داللار
دۆۋە - دۆۋە ئوت گۇلخانلىرى بىلەن يورۇپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى سۇبھى ئاسماندىن سوغۇق سايىنى يۆتكىۋەت-
كەندە، كىشىلەر قايغۇلۇق هالدا دۆۋە - دۆۋە كۈللەرنى مالتىلاپ
قېپقالغان سۆڭەكلەرنى يىغىۋېلىپ، ئىسسىقى كەتمىگەن توپىغا
كۆمدى.

ئەڭ باي لاتىنۇس پايتەختى ۋە خان ئوردىسىدا (هەرەمدە)
هەممىدىن قاتتىق يىغا - زارە ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ماتەم -
هازا بولدى. بۇ يەرگە ئۆلگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە بىچارە
كېلىنلەر، ئامراق تۇغقانلىرىدىن جۇدا بولۇش دەردىگە چىدىماي
قالغان ئاچا - سىڭىللار، ئاتىلىرىدىن ئايرىلغان پەرەنتلەر...
يىغىلىشقانىدى. هەممەيلەن بۇ دەهشەتلىك ئۇرۇش ۋە تۇرنۇسنىڭ
توي ئىشىنى قارغىدى. ئىتالىيىنىڭ پادىشاهلىق تەختىنى ۋە ئەڭ
ئالىي شان - شەرەپنى قوغلاشقان، تالاشقان ئادەم تۇرنۇس بولغان-
دىكىن، ئۇ بۇنچىۋالا بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇربان قىلماستىن،
ئۆزى يالغۇز جەڭگە چىقىپ بېشىغا كەلگەننى كۆرسە بولماسمى-
دى، دەپ ئاغرىنىشتى. كىشىلەر غەزەپتىن بۇغۇلدايت-
تى، پىكىر - ئىختىلاپلار تۇغۇلدى، مۇنازىرە كەسكىن بولدى.
مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا يۇنانلىقلار ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى،
دېگەن خەۋەر تارقالدى. كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بۇ شۇم خەۋەرنى
ئاڭلاپ لاتىنۇس پادىشاهمۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس -
تاماس قالدى. ئىتالىيە خەلق ئاممىسى تېخىمۇ پاتپاراق بولدى،
گەپ - سۆز كۆپەيدى، تالاش - تارتىش ئاۋازلىرى گويا شىددەت-
لىك دولقۇن تاشقا ئۇرۇلغاندىكىدەك گۇركىرەشكە باشلىدى.

لاتىنۇس ئېگىز، سەلتەنەتلىك تەختتە ئولتۇراتتى. كىشىلەر
تىنچلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئالدى بىلەن ئەرش ئىلاهىغا چوقۇندى،
ئاندىن سۆزگە كىرىشتى:

— لاتىن قېرىنداشلار، بىتەلەيلەر، بىز مۇۋاپىق بولمىغان بىر چاغدا جەڭ قىپتۇق. يەنە كېلىپ رەقىبىمىز ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى، بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان ئادەم چىقىپ قالدى. ئۇلار جەڭگە كىرسە ھاردىم - تالدىم دېمەيدىكەن، يېڭىلگەن تەقدىردىمۇ قورال تاشلىمايدىكەن. بىز ھەرقايسىمىز ھەر خىل ئارزۇ - ئۈمىدلەردە بولغانىدۇق. ئەمما ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ھەرقانداق ئارزۇ - ئۈمىدلەر بەربات بولدى. قالغان ئىشلارنىمۇ كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر. ئەمەلىي كۈچىمىز تەلتۆكۈس يىمىرىلدى. كۈچ - مادارىمىزدىنمۇ كەتتۇق. لېكىن مەن ھېچقانداق بىر كىشىنى ئەيىبلىمەيمەن.

— شۇ تاپتا، دېگەندەك ئىشەنچىم بولمىسىمۇ، بەزىبىر پىكرىمنى سىلەرگە ئېيتماقچىمەن. بىز تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى كۆزلەپ، ترويالىقلار بىلەن باراۋەرلىك ئاساستا شەرتنامە تۈزۈپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقداشىمىز سۈپىتىدە دۆلىتىمىزدە ماكانلىشىشقا تەكلىپ قىلايلى. مېنىڭ نىيىتىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشكە مەن ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان يۈز نەپەر لاتىننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئۇلار تىنچلىق بەلگىسى بولغان زەيتۇن شېخىنى تۇتۇپ، تۇرلۇك سوۋغات، ئالتۇن، پىل چىشى ۋە مېنىڭ نوپۇزۇمنىڭ سىمۋولى بولغان شاھانە كۇرس ۋە شاھانە توننى ئېلىپ بارىدۇ. مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتتىن قانداق قۇتۇلىمىز، خانلىقىمىزنى قانداق قۇتقۇزۇپ ۋە ساقلاپ قالىمىز، بۇنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئويلاپ بېقىشىنى سورايمەن.

ئىچىدە تۇرنۇسقا غۇم ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋەزىرلەر لاتىنۇسنىڭ تەكلىپىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئەيىب ۋە غەزەپ تىغىنى تۇرنۇسقا ياغدۇردى:

— ھەي تۇرنۇس، لاتىنۇسنى بالاغا تىققان باش جىنايەتچى سەن ئىدىڭ، بىچارە قېرىنداشلىرىڭنى يەنە نېمىدەپ ھالاكەت غارىغا ئىتتىرىسەن؟ ئۇرۇش بىزنى قۇتقۇزالمايدۇ، بىز ھەممىمىز

تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەمدى قېرىنداشلىرىڭغا ئېچىڭ ئاغرىسۇن، سەن ھاكاۋۇرلۇق قىلماستىن مەغلۇپ بولغىنىڭنى تەن ئالغىن. بىز گۇناھسىز ئادەملەرمىز. ئەگەر سەن يەنىلا نام - ئابرۇيى قوغلىشىدىغان بولساڭ، ئىشەنچىڭ بولسا، دۈشمىنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشقىن. سېنىڭ بىر مەلىكىنى ئەمرىڭگە ئېلىشىڭنى دەپ جېنىمىزنى سېلىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ بىزنىڭ ھاياتىمىز شۇنچە ئەرزىمەس نېمىمۇ، ئۆلۈكلىرىمىز تاغدەك دۆۋىلىنىپ، يىغلايدىغان، كۆمىدىغان ئادەم چىقمايدىغان ھالغا چۈشسەك مەيلى بولامدۇ؟

تۇرنۇس ئۆتى تاشقۇدەك ئاچچىقلىنىپ داسقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەپ كەتتى. ئۇ ھېيلىگەر، قۇرۇق گەپ سېتىپ قېچىشنىلا بىلىدىغان ۋەزىرلەرنى ئۈنلۈك سۆزلەپ قاتتىق سۆكتى، ئۇ پادىشاھ لاتىنۇسقا يۈزلىنىپ:

— شەپقەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلىغايسىز، — دېدى ئۇ، — ئەگەر سىز قوراللىق كۈچىمىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن بولسىڭىز؛ بىز ھەقىقەتەن ھەممىنى بىزار قىلغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولساق؛ بىر قېتىملىق جەڭلا بىزنى راستتىنلا روھىي جەھەتتە شۇنچە تۈگەشتۈرۈۋەتكەن بولسا، دەرۋەقە تەقدىر - قىسمىتىمىزنى پەقەتلا ئوڭشىغىلى بولمىسا، ئۇ ھالدا بىز ياۋاشلىق بىلەن قول سوزۇپ تىنچلىق تەلەپ قىلساق بولىدۇ.

— ئەمما، بىزدە ئاز - تولا غەيرەت - جاسارەت بولىدىغان بولسا، كۆزىمىز بۇ نەپرەتلىك مەغلۇبىيەتتىنلا كۆرمەسلىكى كېرەك. ئۆلۈمگە دادىل يۈزلىنىپ، جەڭ مەيدانىدا مەردانىلەرچە ئۆلۈشنى ئىختىيار ئەيلىگەن ئادەملەرلا ئەڭ بەختلىك، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم، روھىي جەھەتتە ھەممىدىن ئالىيجاناب ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

تۇرنۇس سۆزىنى داۋام ئەتتۈردى:

— بىز نېمىشقا بوسۇغىغا قەدەم قويماستىنلا، مەغلۇپ بولدۇق، دەپ قاراپ ئۆزىمىزنى رەسۋا قىلىمىز؟ جەڭ بۇرغىسى چېلىنا ـ چېلىنماي تۇرۇپلا نېمىشقا لاغىلداپ تىترەپ كېتىمىز؟ بىزگە دىئومېدېس ياردەم قىلغىلى ئۇنىمىسا، باشقىلار ياردەم بېرىدۇ، ئىتالىيىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە خەلق بىزگە ھەمدەم بولىدۇ. بۇلار لاتىئۇم ۋە لاۋرېنسنىڭ خىل سەركەردىلىرى، قەھرىمانلىرى، يەنە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ۋورىسكى مىللىتىنىڭ ئايال سەركەردىسى بولغان كامىللا بار. كامىللارنىڭ قول ئاستىدا مىس ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق لەشكەرلەر بار.

— ئەگەر تروياللىقلار مېنى يەككە ھالدا جەڭگە چاقىرىدىغان بولسا، مەن رەقىبىم بىلەن ئاكىللېستىنمۇ كۈچلۈك ئادەم بولغان، ئاكىللېسنىڭكىگە ئوخشاش، فۇركان ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ـ دۇبۇلغا ساۋۇت كىيگەن تەقدىردىمۇ، مەن چوقۇم كۆكرىكىمنى كېرىپ، مەردانىلىك بىلەن جەڭگە چىقىمەن. مەن تۇرنۇس كۈچ جەھەتتە قەدىمكى زاماندىكى قەھرىمانلاردىن ھەرگىز قېلىشمايمەن. مەن ھاياتىمنى بۇرۇنلا سىلەرگە ئاتىغانمەن. چۈنكى، بۇ جاسارەت ۋە شان ـ شەرەپ مەسىلىسى. مەن ئۇنىڭ جەڭ ئېلان قىلىشىنى قوبۇل قىلىمەن.

### قىرىقىنچى قىسىم

## ئايالىلارنىڭ جەڭگە چىقىشى

لاتىنلار بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئەھۋالى ئۈستىدە كەس-كىن تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقان پەيتتە، ئانىئاسنىڭ قوشۇنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنلىك خەۋىرى لاتىنۇسنىڭ ئوردىسىغا ئاڭلاندى. شۇئان كىشىلەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ پاتپاراق بولۇشتى.

بىراق، بۇ زور ئىش ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنى قاتتىق غەزەپ-لەندۈردى. كىشىلەر ھودۇقۇش، ھاياجان ئىلكىدە مۇشتلىرىنى پۇلاڭلاتتى، ياشلار قورالىنايلى، دەپ توۋلىدى. ياشانغانلار ھەسرەت چەكتى. ھەر قىسما ئاۋازلار، چۇقانلار ھەممە ياقنى قاپلاپ، بەئەينى نۇرغۇن قۇشلار توپى تاسادىپىي ھالدا شاخلارغا قونۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك سايرىغانغا ئوخشاش بىر ھالەت شەكىللەندى.

تۇرنۇس پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن كىشىلەرنى دەيدەيگە سالدى. ئاندىن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئوردىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

كىشىلەر شۇئان شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شەھەر چېتىگە يوپۇرۇلدى. پادىشاھ لاتىنۇس بايىقى مۇھىم تەكلىپىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. بۇ پالاكەت باسقان پەيتتە، بۇ پادىشاھ-نىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولدى، ئانىئاسنى قوبۇل قىلمى-سام، ئۇنى كۈيئوغلۇم ۋە بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز، دەپ بىلمە-سەم بوپتىكەن، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

لاتىنلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا خەندەكلەرنى ياسىدى، تاش، ياغاچلارنى ئەكەلدى. قولاقتا ياقمايدىغان بورغا ئاۋازى قانلىق جەڭنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگەن ئاياللار، باللار سېپىلنى ئوراپ تۇردى. بۇ ئاخىرقى تىركىشىش بارلىق كىشلەرگە قىلىنغان بىر مۇراجىئەت بولدى.

تۇرنۇس جىددىي ھەرىكەت بىلەن قوراللاندى. يەنى قىزغۇچ رەڭلىك ساۋۇت كىيدى. ئۇنىڭدىكى مىس ياپراقچىلار بېلىق قاسراقلىرىغا ئوخشايتتى، ئۇ ئالتۇن تىزلىقنى پۇتىغا چىڭ باغلىدى. بېلىگە قىلىچىنى ئاستى.

ئۇ بەجايىكى بىر نۇر، چولۋۇردىن ئايرىلغان توسۇن ئات كەبى بارگاھتىن چۇشۇپ كەلدى. تۇرقىدىن تەكەببۇرلۇق ئېپادىلىنەتتى.

ئانېئاس ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تۇزلەڭلىكنى تازىلاشقا ئالدىن يۇرەر قىسىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا تاغ – ئېدىرلار، قاقاسلىق، چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، لاتىنۇس شەھىرىگە يۇرۇش قىلدى. تۇرنۇس يولىنىڭ ئىككى بېشىنى توسۇش ئۇچۇن قوراللىق لەشكەرلەرنى ئورمانلىقتىكى پەس، ئويمان چىغىر يولغا پىستىرما قىلىپ قويدى.

بۇ يەر يىلان باغرى جىرا بولۇپ، قويۇق، قاپقارا سايىلەر ئۇنى يېپىپ تۇراتتى، بۇ يەرگە تۇتاشقان تار چىغىر يول تارغىنا ئېغىز (ئۆتكەلنى) نى ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا بۇ كىنكىردەك ھېسابلىنىدىغان مۇھىم يول ئېغىزى ئىدى. تاغ ئۇستىدىن قارىسا ئادەم ئايىغى كەمدىن – كەم بېسىلىدىغان تۇپتۇز جاي بار ئىدى. بۇ يەرگە لەشكەرلەر خاتىرجەم پىستىرما قۇرۇپ ئوڭ، سول تەرەپكە ھوجۇم قىلغىلى، تاغ تۆپىسىدە تۇرۇپ پەسكە چوڭ – چوڭ تاشلارنى دومىلاتقىلى بولاتتى.

ياش تۇرنۇس چىغىر يوللار ۋە تونۇش جايلار بىلەن مېڭىپ

مۇشۇ جايغا كەلدى - دە، بۇ يەر شارائىتىنى ئىگىلەپ، ھىيلە - مىكرىنى ئىشقا سېلىش پەيتىنى كۈتۈپ ئورمانلىقتا ماراپ ياتتى.

كامىللا ۋولىسكى قوشۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرگە كېلىپ تۇرنۇس بىلەن ئۇچراشتى، كامىللا ئاتتىن چۈشۈپ تۇرنۇسقا:

— ئەگەر باتۇرلار ئۆزىگە ئىشىنىشكە ھوقۇقلۇق بولىدىغان بولسا، ئەنە شۇنداق باتۇر مانا مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ، — شۇڭا ئانېئاسنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى توسۇشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلدىم. ئېترۇلىيىلىكلەرنىڭ ئاتلىقلىرىغا قارشى ئۆزۈم جەڭگە چىقىشنى خالايمەن. ھاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بىرىنچى بولۇپ جەڭگە چىقىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز.

كامىللا ئىلاھە دىئانانىڭ ئەڭ ئامراق ئادىمى ئىدى. دادىسى تەكەببۇر، زالىم ئادەم بولۇپ، ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويۇپ قوغلانغان، شاھلىق تەختىدىن مەھرۇم بولغان. ئۇ قەدىمىي پايتەختتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان چاغدا، كىچىككىنە قىزىنى ئېلىپ جەڭ ئوتلىرى ئىچىدىن چىقىپ، قوشنا ئەلگە قېچىپ كەتكەن، بۇ گۆدەك قىز ئۇنىڭغا سەرگەردانلىق ھاياتىدا ھەمراھ بولغانلىقتىن، ئۇنى كامىللا دەپ ئاتىغان.

ئۆز ۋاقتىدا ئۇ كامىللانى كىيىمىگە ئوراپ باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئۇزۇن ئېدىرلارنى بويلاپ جىمجىت ئورمانلىقتا قاراپ چاپتى. رەھىمسىز قىلىچلار تەرەپ - تەرەپتىن يامغۇردەك ئېتىلدى، ئۇ قېچىۋەردى، ئالدىغا چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقان يامغۇردا سۈيى ئۇلغىيىپ، كۆۋرۈكلەشكەن سۈيى قىرغاقلارغىمۇ يامرىغان، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان چوڭ بىر دەريا ئۇچرىدى.

ئۇ دەريادىن ئۇزۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە ھازىرلاندى، ئەمما قۇچىقىدىكى بالىنى ئېلىپ ئارىسالدى بولدى. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئالدىراش - تېنەش بىر قارارغا كەلدى. ئۇنىڭ

سېھىرگەرلەرنىڭكىدەك چاققان قولىدا بىر نەيزە بولۇپ، نەيزىنىڭ سېپى قوپال، بۇدۇر – چوقۇر ئىدى، بۇ ساپ قىزىتىلغان كاۋچۇك ياغىچىدا ياسالغانىدى. ئۇ ئاۋۋال شاختىن شىلىۋالغان قوۋزاقتا بالىنى چىڭ باغلىدى. ئاندىن بالىنى نەيزە سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەھكەم باغلىدى – دە، بەردەم ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دىئاناغا دۇئا قىلىپ، قىزىنى ئىلاھەگە تاپشۇردى.

ئۇ قولىنى چۈشۈرۈپ، نەيزىنى بار كۈچى بىلەن ئاتتى. تۆۋەندە دەريا سۈيى شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى، ئاجىز كامىللا ۋىژىلداپ ئۇچقان نەيزە بىلەن تەڭ جىددىي ئېقىندىن ئۆتۈپ ئۇ قىرغاققا چۈشتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەر يېقىنلاپ قالدى. كامىللانىڭ دادىسى دەرياغا سەكرەپ، قارشى قىرغاققا غەلىبە بىلەن ئۆتتى. ئاندىن ياپيېشىل چۆپلۈك ئىچىدىن دىئاناغا تاپشۇرغان قىزىنى تېپىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ قاقاس تاغلاردا، يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان ئورمانلاردا، چاتقاللاردا چارۋىچىلار بىلەن بىرگە ياشىدى، قىزىنى ئاتقا، بەزى چاغلاردا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئېمىتكۈزدى.

قىزى يېڭىلا ماڭغان، يەرگە مەزمۇت دەسسەپ تۇرىدىغان چاغدىن باشلاپ، ئۇنىڭ قوللىرىغا كىچىككىنە نەيزىنى تۇتقۇزۇپ مەشىق قىلدۇردى. كامىللا چېچىغا چازا قىسىپ، باغلاپ باقمىدى. چۈنكى ئۇ بىر چىشى يولۋاس تېرىسىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە ئارتىۋالاتتى، ئۇ ئەنە شۇ ھالەتتە ئوماق، نازۇك قوللىرى بىلەن نەيزە ئېتىشنى ئۆگەندى، سىلىق تېرە تاسمىنى بېشى ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىنى ياكى قاردەك ئاق قۇنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىغان بولدى. ئىلاھە دىئانا بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقى، شەپقەتسىز تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، خىزمەتكارى ئوپىسنى قاراپ باققىن، دەپ زېمىنغا ئەۋەتتى.

## قىرىق بىرىنچى قىسسە

# ئايال قەھرىماننىڭ جاسارىتى

تروياللىقلار شەھەرگە قىستاپ كەلدى، پۈتۈن دالىنى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى بىر ئالدى، جەڭ مەيدانىدا كۆز يەتكۈسىز، سان - ساناقسىز نەيزىلەر ئوت يالقۇنىدەك ۋالىلدى.

ئۇلارغا قارشى سەپتە رۇتۇلىيىلىكلەر، لاتىنلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ۋە كامىللا خان قىزنىڭ ئاتلىقلىرى تۇراتتى. ئۇلار ئوڭ قوللىرىدىكى نەيزىنى ئالدىغا بەتلەپ ئېتىشقا تەييار ھالەتتە ئىدى، نەيزىنىڭ ئۇچى توختىماي تەۋرىنەتتى، ئادەملەر يۈرۈش قىلاتتى، ئاتلار كىشنەيتتى. ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى نەيزە ئاتسا يەتكۈدەك ئارىلىققا كېلىپ توختىدى. ئۇشتۇمتۇت بىر بۇرغا ئاۋازى بىلەن سەپ يېيىلىپ، ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتلىرىنى دىۋىتتى، ئاتلار ئۇچقاندەك چاپتى، نەيزىلەر ھەر تەرەپكە ئېتىلىپ، قار پارقىراپ يېغىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەندى. شۇئان نەيزە تەگكەنلەرنىڭ يىقىلغان ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ سوقۇلۇشلىرى جاھاننى بىر ئېلىپ، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك بولدى.

لاتىنلار بىر مەھەل سەپ قالايمىقانلىشىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار قالقانلىرى بىلەن دۈمبىسىنى مۇداپىئە قىلىپ شەھەرگە قاراپ ئات چاپتۇردى. تروياللىقلار تېز قوغلىدى. ئۇلار شەھەر سېپىلىغا ئاز قالغاندا،

تىنـﻪلار چۇقان ـ سۈرەن ئىچىدە كەينىگە بۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تروياللىقلار قاچتى. تروياللىقلار ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بوشىتىپ خېـ
لى يىراققا چېكىندى. بۇ بەئەينى دېڭىز قاتتىق دولقۇنلىنىپ، بىردە كۆۋەجەپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، شۇ ھامان يەنە كەينىگە يانغاندەك بىر ئىش بولدى. تروياللىقلار ئىككى قېتىم رۇتۇلىيدـ لىكلەرنى سۆرەپ توقاي قىلىپ شەھەر چېتىگە ئاپاردى، ئۆزلىرىمۇ ئىككى نۆۋەت رۇتۇلىيىلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەينىگە چېكىندى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ئۈچىنچى نۆۋەت تۇتۇشقان چاغدا، پۈتۈن سەپتىكى جەڭچىلەر جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشتى، يېـ ڭىش، يېڭىلىشنى ئايرىماق قىيىن بولدى. ھەربىر ئادەم رەقىـ بىنى تاللايتتى، ئارقىدىنلا ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىڭراش ئاڭلىناتـ تى. قورال ـ ياراغ ۋە جەسەتلەر قانغا مىلىنىپ ياتاتتى، ئادەملەر ئارىسىدا ئۆلگەن ئاتلارمۇ ئۇچرايتتى. جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى، نەيزە ـ قىلىچ كىشىلەرگە ئۆلۈملا ئېلىپ كېلەتتى. لەشكەرلەر بولسا جاراھەتلەنگەن ئەھۋالدىمۇ شەرەپ قوغلىشىپ ئۆـ لۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كامىللا ئامازوننىڭ ئايال جەڭچىلىرىگە ئوخشاش ئوقدان ئاسقان، جەڭگە قولايلىق بولسۇن دەپ بىر كۆكسىنى ئوچۇق قويغان ھالەتتە ئادەملەر ئورۇلغان چۆپتەك يىقىلىپ ئۆلۈۋاتقان جەڭ مەيدانىدا، ھېلى دۈشمەنلەرگە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ نەيزە يامغۇرى ياغدۇرسا، ھېلى ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن قوش بىسلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ قىر ـ چاپ قىلاتتى.

ئۇ ئالتۇندىن ياسالغان ئوقيانى مۈرىسى بىلەن تەڭ تۇتۇپ ھەر تەرەپكە ئوق ئۈزەتتى، ئوقلار شامالدەك تېز ئۇچاتتى. ئۇ ئىلاجىسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئەھۋالدىمۇ قېچىپ كېتىـ ۋېتىپ كەينىگە قايرىلىپ ئوقيادىن ئوق ئاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىللانغان يېقىن لەشكەرلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ساـ



دىق ئىتالىيىلىك ئايال قەھرىمانلار ئۇنى يەنىمۇ يارقىن تۇسكە كىرگۈزگەندى.

ۋەھشىيلىشىپ كەتكەن بۇ قىز يەنە قانچىلىك ئادەمنى يىقىتىپ، قانچىلىك ئادەمنىڭ بېشىغا چىقار؟ ئۇنىڭ قولىدا بىرىنچى بولۇپ ئۆلگەن ئادەم ئونېئۇس بولدى. ئونېئۇسنىڭ ساۋۇتسىز كۆكرىكىگە كامىللانىڭ نەيزىسى سانجىلىپ، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقتى ـ دە، يىقىلدى. ئاغرىققا چىدىماي يەردە دومىلاپ ـ دومىلاپ كەتتى.

كامىللا ئارقىدىنلا رىلىس، پاگسۇس قاتارلىق نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىنى ئالدى. چۈنكى، ئۇ ئاتقان ھەربىر نەيزە بىلەن بىر تروياللىق يىقىلاتتى. ئۇنىڭغا يېقىنلا جايدىكى لەشكەرنىڭ ئىسمى ئورنىتۇس بولۇپ، ئەسلى ئوۋچى ئىدى. ئۇ ئانچە ئادەتلەنمىگەن قورال ـ جابدۇقلار بىلەن قوراللىنىپ ياپىكس ئېتىنى مىنگەن، يوغان بىر پارچە كالا تېرىسى بىلەن مۈرىسىنى ياپقان، بېشىغا بۆرە بېشىنىڭ تېرىسىنى كىيىۋالغانىدى. بۆرىنىڭ يوغان

ئېچىلغان ئاغزىدىن ئاپئاق ھىڭگاك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باشقىلاردىن بىر باش ئېگىز، بەستىلىك بۇ ئادەم سەپنىڭ ئالدىدا ھەرىكەت قىلاتتى. قوشۇن چېكىنىۋاتقاندا كامىللا ئۇنىڭغا ئاسانلا قول سالدى ـ دە، ئۇنى يەرگە يىقىتتى. كامىللا ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئورھىلوكۇس بىلەن بىتيەننى ئۆلتۇردى. بۇ ئىككى ترويالىق ئاجايىپ يوغان ئادەملەردىن ئىدى. كامىللا ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ تۇرغان بىتيەننىڭ ساۋۇت بىلەن دۇبۇلغىسى ئوتتۇرىسىدىكى بوينىنى چەنلەپ نەيزە ئۇرغانىدى. شۇئان ئۇنىڭ ئاپئاق بوينى قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئورھىلوكۇس بولسا كامىللانى ئايلىنىپ يۈرۈپ قوغلىدى. كامىللا ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يوغان پالتىسىنى باش ئۇستىدە ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭ ساۋۇت بىلەن ئۇستىخانلىرى تۇتاشقان جايغا ئۇردى. شۇئان جاراھەت ئورنىدىن ئىسسىق مېڭە قېتىقى چۇۋۇلۇپ چىقتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كامىللاغا ئاپىنىن تېغىدا ياشايدىغان ئاۋنۇسنىڭ ئوغلى دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ لەشكەر بولسىمۇ، ئەمما كامىللاغا تۇيۇقسىز دۇچ كېلىپ قېلىپ قورقۇپ تۇرۇپلا قالدى. ھەرقانچە تېز قاچقىنى بىلەنمۇ بۇ جەڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى، ئايال پادىشاھنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنالمايدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى ـ دە، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئايال پادىشاھقا:

— ئايال لەشكەر بولۇش ئاجايىپ قالتىس ئىش، — دېدى، — ئەمما ئېتىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز قولىڭىزدىن قانچىلىك ئىش كېلەر؟ ئات دېگەن قېچىشقا ئەپلىك جانىۋار. سىز ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى تاشلىۋېتىپ يەرگە چۈشۈڭ ـ دە، مەن بىلەن ئېلىشىڭ. شۇندا كىمنىڭ پو ئاتىدىغانلىقى، كىمنىڭ ھەقىقىي لەشكەر ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىۋالىسىز. بۇ گەپ بىلەن كامىللانىڭ قاتتىق ئوغىسى قايىندى. ئۇ ئېيتقۇسىز غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە ئېتىنى مولازىمغا بېرىۋېتىپ يەرگە چۈشتى. قارشى تە-

رەپكە ئوخشاشلا غىلاپتىن چىقىرىلغان قىلىچ ۋە قالقانىنىلا قورال قىلدى. چىرايىدا قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئۇ يىگىت كامىللا مېنىڭ قاپقىنىمغا چۈشتى، دەپ ئويلاپ دەرھال چۇلغۇۋرىنى بىر ياققا قايرىپ ئاتنى شىپورا بىلەن قاتتىق دۈمبىلىدى. ئۇنىڭ ئېتى تاغ - دە، ئالمان - تالمان قاچتى. كامىللا بۇ ھارامزادە يىگىتكە قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى ۋە قويۇندەك تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتنىڭ ئالدىنى توستى، ئاندىن چۇلغۇۋرنى تۇتۇۋېلىپ يىگىتنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇ-ۋۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ يىگىت ھىيلىگەرلىكىنىڭ جازاسىنى تار-تىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن بەدەل تۆلىدى.



## قىرىق ئىككىنچى قىسسە

# داڭدار سەركەردىنىڭ گۈلى توزىدى

يۇپىتېر ئولىمپىس تېغىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. بۇ تەڭرى ئاتا ئېترۇلىيىلىك تاركاننى دەي-دەيگە سېلىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. تاركان مەغلۇبىيەتلىك جەڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، جەسەتلەر بىلەن تولغان جەڭ مەيدانىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇننى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن رىغبەتلەندۈردى، ھەربىر لەشكەرنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ئۇلارنى روھلىنىپ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشقا ئۈندىدى.

ئۆزىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن قوشۇن ئىچىدە دۈشمەنگە زەربە بېرىپ ئۆلۈشكە تەييارلاندى. ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋېتىپ ۋىنۇرۇلىقا يولۇقۇپ قېلىپ، شۇئان ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئالدى - دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئاتنى چاپتۇرۇپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

ئاسمان - پەلەككە ياڭرىغان قاتتىق چىرقىراش ئاۋازى بىلەن تەڭ بارلىق لاتىن لەشكەرلىرى بۆرۈلۈپ كەينىگە قارىدى. دۈشمىنى ۋە ئۇنىڭ قورالىنى ئالدىغا باسقان تاركان بىر پارچە ئوتتەك تۇزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئېترۇلىيىلىكلەر داھىيسىنى دوراپ دۈشمەن سېپىگە ئېتىلدى. نەيزە تۇتقان ئالۇنىس ھەرتۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئويلاپ، ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولۇپ قالارمى-

كىن، دەپ ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرگەن كامىللانىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەشكە باشلىدى. كامىللا ھەر قېتىم جەڭ مەيدانىغا ئەسە- بىيلەرچە ئېتىلىپ كىرگەندە، ئالونس ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۇنىڭ كەينىگە كىردى، مەيلى كامىللا غالىب كېلىپ قايتسۇن ياكى دۈشمەن سېپىدىن چېكىنگەندە بول- سۇن، بۇ ياش لەشكەر ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ھېلى ئوڭ، ھېلى سولغا بۇراپ، شەپقەتسىز نەيزىنى تۇتقىنىچە پۇرسەت كۈتۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى.

كۈتۈلمىگەندە كىرورېئۇس پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى فىلگىنىيە ساۋۇتى، سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك كىيىمى يە- راقتىن كۆزگە چۈشۈپ، يالتىراپ كۆز چاقاتتى. ئۇ مىنگەن ئاغزىدىن كۆۋرۈك چاچراۋاتقان تۇلپارغا مىس ياپراقچىلاردىن توقۇلغان، سېرىق يىپتا تۇتاشتۇرۇلغان ساۋۇت يېپىلغان بولۇپ، ئاتنىڭ مويى پۈتۈنلەي پەيدەك كۆرۈنەتتى. بېشىدىمۇ ئالتۇن دۇبۇلغا، مۈرىسىدە ئالتۇن يالتىلغان ئوقيا بار ئىدى.

ئېھتىمال كامىللا بۇ ترويالىقنىڭ ئېسىل قوراللىرى ۋە كىيىمىنى تارتىۋېلىپ، ئىبادەتخانا ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇشنى ئويلىغان ۋە ياكى كۆز چاقنىتىدىغان بۇ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى راسا بىر كۆرسىتىۋالغۇسى كەلگەن بولسا كې- رەك، جەڭ مالىمانچىلىقىدا كامىللا ئاياللارغا خاس ئاچ كۆزلۈك بىلەن غەنىيمەت ئېلىش ئىستىكىنىڭ دەۋتىدە ئۇنىڭغىلا كۆز تىكىپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ پۈتۈن سەپنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

ئاخىر پۇرسەت كەلدى. ئالونس تۇيدۇرماستىن نەيزىنى كامىللاغا قارىتىپ ئاتتى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان نەيزىنىڭ كۆكتە ۋىژىلداپ ئۇچقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بارلىق ۋولكىسلار ئالا- قىزادە بولۇپ، نەزىرىنى ئايال پادىشاھقا ئاغدۇردى.

جەڭ مەيدانىدا دىققىتىنى تارتقان ھېلىقى نىشاندىن قوغ-

لاپ يۈرگەن كامىللا نەيزە ئوچۇق تۇرغان كۆكسىگە چوڭقۇر سانجىلىپ، ئۇنىڭ ئىسسىق قېنىنى شورىغانغا قەدەر ـ ھېچنېمىنى — خەتەرلىك ئاۋاز ۋە ھاۋا ئېقىمىنى پەقەتلا سەزمىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەپداشلىرى ئالمان ـ تالمان يىغلىشىپ، يىقىلغان ئايال سەركەردىسىنى يۆلىدى.

ئالونىس ھەممە ئادەمدىن بەكرەك ھودۇقۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ كىشىلەر قورال كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەلگۈچە ئارىلىقتا، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئادەملەر ئاسانلىقچە ئاياغ باسمايدىغان تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىمجان بولۇپ قالغان كامىللا نەيزىنى تارتىپ ئېلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق نەيزە ئۇستىخانغىچە سانجىلغان، جاراھەت ئاغزى يوغان بولغاچقا، قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ، بۇ ئايال پادىشاھ يىقىلدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ خۇنۇكلەشتى، چېھرىدە ئادەتتە پارلاپ تۇرىدىغان قىزىل نۇرنىڭ ئورنىنى تاتىرىش ئالدى.

بۇ قەھرىمان ئايال پادىشاھنىڭ تېنى ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ، روھى تېنىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. يۇمشاپ قالغان بويىنى ۋە ئۆلۈم تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بېشى ساڭگىلىدى، قوراللىرىمۇ بىر يانغا چۈشتى. جېنى يىغلىغان ۋە ئاغرىنغان ھالدا جەھەننەمگە ماڭدى.

دىئانانىڭ خىزمەتكارى ئوپىس تاغ چوققىسىدا ئولتۇراتتى، يىراقتىن كامىللانىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، يىغلاپ نالە ـ زار ئەيلەۋاتقان قوشۇننى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇ يېنىك، ئەمما مەزمۇت قەدەملەر بىلەن قەدىمىي لاۋرېنتوم قەبرىستانلىقىغا كەلدى. بۇ يەردىكى ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ ئالونىسنى ئىزدىدى.

ئۇ كۆز چاقنىتىدىغان ساۋۇت كىيگەن. تەكەببۇر ئالونىسنى كۆرۈپلا، ئالتۇن يالتىلىغان ساداقتىن پەي يا ئوقىنى ئالدى،

يانىڭ كىرىچىنى تاكى ئىككى ئۇچى بىر - بىرىگە تېگىپ قالغۇچە ئېگىپ، سول قولىنى ئوققا تاقاپ، ئوڭ قولىدا كىرىچنى مەيدىسىگىچە تارتىپ ئوق ئۈزدى. ئالونىس ۋىژىلدىغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بولغۇچە يا ئوقى بېرىپ ئۇنىڭغا تەگدى. سەپداشلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغاچقا، ئۇ توپىلىق دالىغا يىقىلدى. ئاخىرقى قېتىم بىر نەپەس ئېلىپ جان بەردى. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەتمۇ قىلمىدى، ئۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدى.

كامىللا يىقىلغاندىن كېيىن، ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق يىغا - زارە پەلەككە يەتتى. جەڭ تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بارلىق ترويا قوشۇنى، ئېترۇلىيە سەركەردىلىرى، ئاركادىيە ئاتلىقلىرى زىچ ئۇيۇشۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

داھىيسىدىن ئايرىلغان كامىللانىڭ يېنىك ئاتلىقلار قوشۇنى بىرىنچى بولۇپ قاچتى. رۇتۇلىيىلىكلەرمۇ ئالاقزادىلىكتە چۈشۈپ قاچتى. قوشۇندىن ئايرىلغان سەركەردىلەر بىلەن سەركەردىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قوشۇنلار ئۆزلىرىگە بىخەتەر جاي ئىزدەش كويىغا چۈشۈپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ شەھەر، قەلئە تامان چاپتى. دېڭىز دولقۇنىدەك شاۋقۇن سېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ترويالىقلارغا قارشى جەڭگە چىقىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. قاچقانلارنىڭ مۈرىسىدىكى ئوقيالار بوشاپ، مۈرىلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى، ئۈركۈگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى دالىنى تىترىتىپ، توپا - لايلارنى ئۇچۇراتتى، توپا - چاڭ قويۇق ئىس - تۈتەككە ئوخشاش شەھەرگىچە سوزۇلدى. پوتەيلەردە تۇرغان ئانىلار مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىشاتتى. بىرىنچى تۈركۈم ئاتلىقلار شەھەرگە كىرگەندە، ئارقىدىن سوڭدىشىپلا كەلگەن دۈشمەنلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ شەھەرگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردە قىر - چاپ باشلىنىپ، قاچقان بىچارە لەشكەرلەر ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆلۈش - يارىلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى.



كىشىلەر ئالمان - تالمان شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، ئۆز ئادەملىرىگىمۇ يوچۇق قويۇشقا پېتىنالمىدى.

سېپىلدە تۇرغان ئانىلار كامىللانىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوتىدا يېنىپ، ئۇنىڭدىن قالغۇسى كەلمەي، تىترىگەن قوللىرى بىلەن نەيزە ئاتتى، ياكى قاتتىق كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ياغاچلىرىنى قورال قىلدى. ھەممىلا ئادەم شەھەرنى قوغداش يولىدا قۇربان بولۇشنى ئىختىيار قىلغانىدى.

خەۋەرچىلەر بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى تۇرنۇسقا يەتكۈزدى. تۇرنۇس دەرغەزەپكە كەلدى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يوشۇرۇنۇپ ياتقان تاغدىن چۇشتى. دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ قاپلىغان ئورماندىن چىقتى. ئۇ بۇ جايدىن ئايرىلىپ تۇزلەڭلىككە كېلىشىگە، ئانېئاس ھېچكىم قوغدىمىغان كېكىردەكتەك مۇھىم بۇ جايغا يېتىپ كەلدى - دە، تاغقا چىقتى، قويۇق ئورمانلىقتىن ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بىرلا

ۋاقىتتا شەھەرگە قاراپ جىددىي يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىمۇ يېقىن ئىدى. ئانېئاس يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەن تۈزلەڭلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ لاۋرېنتۇم قوشۇنىنى كۆردى. تۇرنۇسمۇ ئاتنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ۋە كىشنەشلىرىنى ئاڭلاپ، تولۇق قوراللانغان، شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان ئانېئاسنى تونۇدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ھازىرلا جەڭنى باشلاپ ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويغۇسى كېلەتتى.

بىسى كەڭ ئىككى نەيزە تۇتقان تۇرنۇس ئاق بوز ئات قوشۇلغان جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلەتتى. ئۇدۇلدىن كەلگەن ئانېئاسنىڭ قولىدا قالقان ۋە ئەرش ئىلاھى ياساپ بەرگەن قورال ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقاتتى.

بۇ چاغدا تۇرنۇسنىڭ ھەدىسى رۇتورنا يۇنونىڭ پەرمانى بىلەن يەر يۈزىگە چۈشتى. كاتتا سەركەردە قىياپىتىگە كىرىپ قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا كەلدى - دە، ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ كۆپچىلىكنى دەي - دەيگە سالدى. ئۇنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن ياش لەشكەرلەرنىڭ مېڭىسى قىزىدى، قوشۇندا ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىدەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بىر لەشكەر ئالدىغا چىقىپ دۈشمەنگە چەنلەپ نەيزىنى بىر ئاتقانىدى، گىلاس ياغىچىدىن ياسالغان نەيزە ۋىژىلداپ ھاۋانى يېرىپ ئۆتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ئىنتايىن ھاياجانلاندى، يۈرىكى قايىنىغان قازاندەك ۋاراقشىپ كەتتى.

لاۋرېنتۇم قوشۇنىمۇ ئۇدۇلدىن چىقىپ كەلدى، ئارقىدىن ترويا قوشۇنى، ئېترۇلىيە قوشۇنى ۋە رەڭگارەڭ كىيىنگەن ۋە ھەر خىل قورال - ياراغلارنى تۇتقان ئاركادىيە قوشۇنىمۇ كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ جەڭگە كىرىشتى. كۆپچىلىكتە جېدەل - ماجىرانى قورال ئارقىلىق ھەل قىلىمىز، دېگەن بىرلا ئوي بار ئىدى.

ئۇلار مېھرابلارنى بۇزۇۋەتتى، قالايمىقان ئېتىلغان نەيزىلەر

گويا بوران ـ چاپقۇن كەبى ئاسماننى قاپلىدى، ئاندىن يامغۇر
كەبى يەرگە تۆكۈلدى. بەزىلەر جەڭ هارۋىلىرىنى هەيدىسە، بەزد-
لەر قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئاتقا مىندى. بىر ترويالىق
مېهرابتىن كۆيۈۋاتقان بىر تال ياغاچنى ئېلىپ ئۆزىگە قاراپ
يۈگۈرۈپ كەلگەن لاتىنلىقىقا ئاتقانىدى، لاتىنلىقنىڭ ساقىلى كۆ-
يۈپ كەتتى. ئارقىدىن هېلىقى ترويالىق لاتىنلىقنى چېچىدىن
تۇتۇۋېلىپ تىزلاپ پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ،
زەرپ بىلەن بېلىگە خەنجەر ئۇردى. پودالىرىئۇس ئىسىملىك
باشقا بىر ترويالىق قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ رۇتۇلىيىلىك چوپان
ئارىسۇسنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئارىسۇس جەڭنىڭ ئەڭ ئالدىنقى
سېپىدە قىلىچ ـ نەيزىلەرگە قارىماي چېپىپ يۈرەتتى. پودالىرد-
ئۇس يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ پالتىسى بىلەن پودالىرىئۇسنىڭ
يۈزىگە چېپىپ، يۈزىنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋەتتى.
پودالىرىئۇسنىڭ كۆزلىرىنى رەهىمسىز ئۆلۈم ۋە تۈمۈردەك ئې-
غىر ئۇيقۇ يېپىۋەتتى. ئارىسۇسنىڭ دۇبۇلغىسىمۇ قان دېغى بد-
لەن بۇلغاندى. توساتتىن بىر ئوقيا كېلىپ ئانېئاسقا تېگىپ ئۇنى
يارىلاندۇردى... ئانېئاسنىڭ سەپتىن چېكىنگەنلىكى، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى سەركەردىلەرنىڭ هودۇققانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرنۇستا
ئۇشتۇمتۇت بىر ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ دەرهال ئېتىنى ئەكەلدۈ-
رۈپ، قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ جەڭ هارۋىسىغا چاقماق تېزلد-
كىدە چىققى ـ دە، جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئات سالدى. جەڭ
هارۋىسىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن جەسەتتىن نەيزىنى سۇغۇرۇ-
ۋېلىپ، قېچىۋاتقان دۈشمىنىگە ئاتتى. ئۇنىڭ قالقىنى سىلكىنىپ
جاراقلايتتى، ئېتى بولسا كەڭ دالىدا شامالدەك ئۇچاتتى.

ئۇ جەنۇب ۋە غەرب شامىلىدىنمۇ بەك تېز چاپقانلىقتىن،
هەتتا تراكېنىڭ ئەڭ يىراق ـ چەت جايلىرىدىكى زېمىنمۇ ئات
تۇيىقى ئاستىدا ئىڭراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇلازىملد-
رى، يەنى قاپقارا يۈزلۈك ۋەهىمە ئىلاهى، غەزەپ ئىلاهى ۋە
هىيلە ـ مىكىر ئىلاهىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قەدەمدە چېپىپ

كېلەتتى. تۇرنۇس قالايمىقان سەپ ئىچىدە خۇددى ئۇرۇش ئىلاھى مارىسقا ئوخشاش ئېتىنى ھەدەپ قامچىلايتتى. ئۇچقاندەك چېپىدۋاتقان تۇياقلاردىكى تاقىلاردىن تەپچىگەن قانلار يەردىن چاچراپ چىقىۋاتقان توپىلارغىمۇ قىزىل رەڭ بەردى.

تۇرنۇسنىڭ قەدىمى يەتكەنلا جايدا خۇددى تراكىيەدىن گۈركىرەپ چىققان شامال ئېچىن دېڭىزىغا كېلىپ، دېڭىز دولقۇنىنى شىددەت بىلەن قىرغاققا ئۇرغانغا، يەنە شۇنداقلا قارا بوران چىققاندا قارا بۇلۇت ئاسماننى سۈپۈرۈپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، دۈشمەن قوشۇنىدا پاتپاراقچىلىق بولاتتى، دۈشمەن تىرىپىرەن بولۇپ كېتەتتى.

تۇرنۇس قەھرىمانانە ئىلاھىي كۈچى بىلەن تىنىماستىن ئىلدىغا چاپاتتى، ھارۋىنىڭ ئۇچقاندەك چېپىشى بىلەن دۇبۇلغىسىنىڭ پۆپۈكى لەپىلدەپ تۇراتتى. تۇرنۇسنىڭ ۋەھشىيلىكى، تەكەببۇرلۇقىنى كۆرگەن ترويالىق لەشكەر فوگئۇسنىڭ قېنى قىزىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئوتى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈردى. ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ھارۋىنى توستى - دە، كۈچلۈك ئوڭ قولى بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتنىڭ ئاغزىدىن كۆۋرۈك قايناۋاتقان بېشىنى بىر ياققا بۇرىدى. ئەمما ئۆزى ھارۋىغا سۆرىلىپ قالدى، ساۋۇت - دۇبۇلغىسى يەرگە چۈشۈپ، نېپىز كىيىم ئىچىدىكى بېلى، مۈرىسى ئېچىلىپ قالدى. تۇرنۇس پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ نەيزە ئۇرغانىدى، نەيزىنىڭ ئۇچلۇق ئۇچى ئۇنىڭ قوش قەۋەتلىك ساۋۇتىدىن ئۆتۈپ تېنىنى شىلىۋەتتى. ئۇ قالقىنىنى كۆتۈرۈپ خەنجىرىنى ئالدى - دە، يارىلانغانلىقىغا قارىماي تۇرنۇس بىلەن ئېلىشتى. ئەپسۇس، شەپقەتسىز ھارۋا توختىماي چاپاتتى، شۇڭا ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. تۇرنۇس شۇئان يېتىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ چاپتى. فوگئۇسنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ دومىلاپ كەتتى. سېرىق توپىلىق يەردە تېنى مىدىرلاپ - مىدىرلاپ يېتىپ قالدى.

## قىرىق ئۈچىنچى قىسىم

# ئانىلىق مېھرى

تۆرنۆسىنىڭ قىر - چاپ قىلىشلىرىنى قويۇپ تۆرۆپ، ئانې-ئاسقا نەزەر سالايلى. ئانېئاسنى مېنېستېئۆس، ئاكاتېمىس ۋە ئىئولۆس بىرلىكتە يۆلەپ بارگاھقا قايتتى. ئانېئاسنىڭ پۈتۈن بەدىنى قان بولۇپ، ئۇ يارىلانغان پۇتلىرىنى نەيزىگە تىرەپ ئارام ئالدى. نەيزىنىڭ تېنىدە سۇنۇپ قالغان ئۈچىنى ئالالماي غەزىپى يۇرىكىگە تۇتاشتى.

ئانېئاس توم بىر نەيزىگە تايىنىپ بار ئاۋازى بىلەن نەرە تارتقاندەك توۋلىغاندى، ئەتراپىغا بىرمۇنچە سەركەردە - لەشكەر-لەر يىغىلدى. قېرى كاھىن ياپىكىس تونىنى قايرىپ كەينىگە چىگدىدى - دە، تېبابەت ئىلاھىدەك شىپا ئاتا قىلغۇچى قوللىرى بىلەن، جىددىي يوسۇندا تۈرلۈك ئاماللارنى قىلدى، ئاپوللونىڭ تۈرلۈك ئۈسۈملۈك دورىلىرىنى سۈركىدى. نەيزە ئۈچىنى قولى بىلەن، قىسقۇچ بىلەن قايرىغاندەك تارتىپ باقتى، بىراق بىرد-نىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ ئامىتى قاچقان، پىرى ئاپوللومۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ.

جەڭ مەيدانىدا قورقۇنچلۇق قىر - چاپ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. بالا - قازا كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. كىشىلەر كۆردى-كى، چاڭ - توزان ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلمەكتە، دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنى بارا - بارا يېقىنلاپ كەلمەكتە، نەيزىلەر قارا يامغۇر كەبى بارگاھقا چۈشمەكتە ئىدى. ئېلىشقان چاغدىكى قور-

قۇنچلۇق ھۆركىرەشلەر، شەپقەتسىز ئۇرۇش ئىلاھى چاناپ يىقىتقان لەشكەرلەرنىڭ نالىسى پەلەككە يەتمەكتە ئىدى.

ئانا بولغان ئادەم ئوغلىنىڭ بىھۇدە ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەبتىن ۋېناس ئىدې تېغىغا ئۇچۇپ كېلىپ جاراھەتنى داۋالايدىغان ئىلاھىي شىپالىق دورا ئۆسۈملۈكىنى ئالدى ـ دە، سۇغا چىلاپ ئەكېلىپ ئانېئاسنىڭ يېنىغا قويدى.

ئانېئاسنىڭ جاراھىتىگە بۇ خاسىيەتلىك دورا قويۇلۇشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ پۇتۇن تېنىنى قاقشىتىۋاتقان ئاغرىق «شاپ» قىلىپ توختاپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. جاراھەت ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان قانمۇ توختىدى. نەيزە ئۇچىمۇ سىقىماستىنلا ئۆزلۈكىدىن چىقىپ يايپىكىسنىڭ قولىغا چۈشتى. دېمەك، ئىلاھەنىڭ ئوغلىنى ئىلاھەنىڭ سېھرىي كۈچى داۋالاپ ساقايتتى، ئانېئاس بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك، زەبەردەس ھالىتىگە قايتتى.

جەڭگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئانېئاس پاچىقىغا ئالتۇن ساۋۇتنى ئورىدى، ساۋۇتنى كىيىپ، ۋالىلداپ تۇرغان قالقىنىنى بېقىنىغا ئاستى، نەيزىسىنى پۇلاڭلاتتى. ئاندىن دۇبۇلغىسىنىڭ يۈز نىقابىنى قايرىۋېتىپ، ئىئولۇسنىڭ لېۋىگە بوشقىنا سۆيۈپ قويۇپ:

— ئوغلۇم، — دېدى، — سەن نېمىنىڭ باتۇرلۇق، نېمىنىڭ ھەقىقىي جاپا ـ مۇشەققەت ئىكەنلىكىنى مېنىڭدىن ئۆگىنىۋال. نېمىنىڭ ئامەت، تەلەي ئىكەنلىكىنى بولسا، باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋال، دېدى.

بۇ گەپتىن كېيىن، غەيرەت ـ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشقان ئانېئاسنىڭ غايەت زور بەستى كىشىلەر توپى ئارىسىدا غايىب بولدى. ئانېئاس پارلاپ تۇرغان قۇياشنى توسۇۋالغان يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت، ياكى شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان قاتتىق بوران كەبى تېز ئىلگىرىلەپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقتى. ترويا-

نىڭ بۇ باتۇر قوماندانى باشچىلىقىدىكى قوشۇن چۇقان - سۈرەن
بىلەن جەڭ مەيدانىغا كىردى، ھەر كىم ئۆز ئورنىنى تېپىپ،
پۈتۈن قوشۇن شۇتا شەكلىدە زىچ قاتار ھاسىل قىلدى. بۇ چاغدا
ترويالىق يەنبىلئۇس ئىتالىيە سەركەردىسى ئوسىرىسنى ئۆلتۈر-
گەن. مېنېستېئۇس بولسا ئاركىتاۋىسنى ئۆلتۈرگەن، ئاكاتېس
ئوپىرونىڭ كاللىسىنى ئالغان، جۇئاس ئۇفىنىنىسنى يوقاتقانىدى.
بۇ قېتىم قېچىش نۆۋىتى رۇتۇلىيلىكلەرگە كەلگەن بولۇپ، پۈ-
تۈن دالىنى چۇقان - سۈرەن قاپلىغانىدى. ئۇلاردىكى قورقۇنچ،
ۋەھىمە ئىچى - ئىچىگە ئۆتكەن، شۇڭا ئۇلار توپا - چاڭدىن
پايدىلىنىپ ئېتىز - دالىغا قاچقانىدى. ئەمما ئانېئاس بۇ ئادەتتىد-
كى، ئاددىي قاچاق لەشكەرلەرنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشنى خىيالىغا
كەلتۈرمەستىن، گۇرۇلدەپ قايناۋاتقان توپا - چاڭ ئىچىدىن
تۇرنۇسنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ئەس - يادى تۇرنۇسنى تېپىپ
ئۇنىڭ بىلەن روبىرو جەڭ قىلىش ئىدى.

ئايال لەشكەر رۇتۇرنا بۇ جەڭ كۆرۈنۈشىدىن قورقۇپ ئالاق-
زادە بولدى. تۇرنۇسنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەۋاتقان ھارۋىكەشنى
ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ،
چۇلۋۇرنى دولقۇن كەبى ئوينىتىشقا باشلىدى، ئۆزىمۇ ئاۋازى،
تۇرقى، قورال - ياراغلىرىغىچە ئىلگىرىكى ھارۋىكەشكە ئوپمۇ
ئوخشاش قىياپەتكە كىردى.

رۇتۇرنا جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ دۈشمەن سېپى ئىچىدە
ئۇيان - بۇيان چېپىپ، پۈتۈن جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقتى.
ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇيەردە يۈرۈپ كىشىلەرگە ئىنىسىنىڭ
روھلۇق سايىسىنى كۆرسەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا جەڭ قىلىش پۇر-
سىتى بەرمىدى.

پۈتۈن ئەس - يادى تۇرنۇسنى قوغلاشتىلا بولغان ئانېئاس
رۇتۇرنانى كۆزدىن يوقاتماي قوغلاپلا يۈردى، قالايمىقان سەپ
ئىچىدە بار ئاۋازى بىلەن تولىدى، دۈشمەن كۆزىگە چېلىققان

هامان دۈشمەننىڭ قانات چىقارغاندەك چىپىۋاتقان ئاتلىرىغا يېتىۋالمىسىمەن دەپ بار كۈچى بىلەن چاپتى. بۇنداق چاغلاردا رۇتۇرنا دەرھال ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ نىشاننى ئۆزگەرتىپ ئانېئاسقا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئانېئاس بەئەينى دولقۇن ئۈستىدە سىلكىنىپ يۈرگەنگە ئوخشاش قىينىلىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ قوغلاپ يېتىشەلمىدى. تۇرنۇسنىڭ سىياقى پەقەت يىراقتىلا مىدىرلاپ يۈرەتتى.

پۈتكۈل جەڭ مەيداندا ھېلى ئانېئاس، ھېلى تۇرنۇس ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. ھەر ئىككىسى ئۆز رەقىبىنى قوغلايتتى. ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىستىكىدە، ياناتتى. غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشاتتى، يۈرىكى يېرىلىپ، ئۆتى تاشقۇدەك ئارامسىزلىناتتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭگە ئۆزىنى ئۇراتتى، جەڭ ۋەزىيىتى تازا ئەۋجىگە چىقتى.

## قىرىق تۆتىنچى قىسسە

# دۇئېلغا چىقىش

ئانېئاسنىڭ تەڭداشسىز ساھىبجامال ئانىسى ۋېناس ئۇنى لاتىنلارنىڭ پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىش، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئار-قىلىق، لاتىنلارنى مالىمان قىلىۋېتىشكە دەۋەت قىلدى. تۇرنۇس-نى ئىزدەۋاتقان ئانېئاس جەڭ مەيدانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. دەرۋەقە شۇنچە زور، قانلىق ئۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، لاتىنلارنىڭ پايتەختى شۇنداق ھەيۋەتلىك، ئاۋۋالقىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ترويا لەشكەرلىرى قالقان ۋە قىلىچلارنى مەھكەم تۇتۇپ، شوتا شەكلىدە قاتار بولۇپ، زىچ قوشۇن ھالىتىدە شەھەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. توساتتىن لاتىنلارنىڭ شەھىرىدە ئۇزۇن شوتىلار ۋە مەشئەللەر پەيدا بولدى. ترويا قوشۇنىنىڭ بىر بۆلىكى ھەرقاي-سى شەھەر دەرۋازىلىرى ئالدىغا بېرىپ، قاراۋۇللارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ يىقتتى؛ بىر بۆلىكى شەھەرگە نەيزە ئاتتى، قارا يامغۇردەك ئېتىلغان نەيزىلەر كۆك ئاسماننى يېپىۋالدى. داھىي ئانېئاس قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىغا چىقىپ، قول شىلتىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا لاتىنۇسنى تىللىدى ۋە ئەيىبلىدى.

تۇرنۇس جەڭ مەيدانىنىڭ باشقا بىر بېشىدا جەڭ قىلىۋاتات-تى. ئاتلارنىڭ چېپىشلىرى ئۇنى ئانچە ھاياجانغا سالمايتتى، ئۆزىمۇ ئىلگىرىكىدەك جەڭگە شىددەت بىلەن ئېتىلمايتتى. بىر

شامال كېلىپ ئۇ يىغا - زارە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، بىر دە ئېنىق، بىردە ئاجىز يىغا - زارىگە قورقۇنچ ۋەھىمە ئارىلاشقاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز شەھەر تەرەپتىن كېلەتتى، يەنە كېلىپ خۇشال - خۇراملىق ئاۋازلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

تۇرنۇس پەرىشان بولۇپ چۆلۋۇرىنى تارتىپ جايىدا توختىدى. شۇ ئارىدا بىر ئالاقىچى دۈشمەن سېپىنى يېرىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزىدە يا ئوقى شىلىپ ئۆتكەن يارا ئىزى بار ئىدى. ئېتىنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپتتى. ئۇ تۇرنۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇۋلاپ:



— تۇرنۇس، — دېدى يېلىنىش ئاھاڭىدا، — ھەي رۇتۇلى-
يە شاھى، لاتىنلارنىڭ قەھرىمانى، بىزنىڭ ھايات قېلىش -
قالماسلىقىمىز سىزگىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ئانېئاس دەھ-
شەتلىك گۈلدۈرمامىدەك بىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، ئىتالىيە
قەلئەيىمىزنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ھازىر مەشئەل-
لەر ئۆيلىرىمىزنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ! لاتىنلارنىڭ
نەزىرى سىزگە ئاغدۇرۇلدى، لاتىنلارنىڭ كۆزلىرى سىزگىلا
تىكىلدى. سىزگە ئىنتايىن سادىق خانىش پانىي ئالەم يورۇقلۇقى-
دىن قېچىپ ئۆز ھاياتىنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇردى. ھەي تۇرنۇس،
خەلقىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! شەھەر ئالدىدا سەپنى چىڭ
ساقلاپ تۇرغانلار پەقەت مېنساپۇس ۋە قەھرىمان ئاتىناس، ئۇلار-
نىڭ ئەتراپىدا قاتمۇقات دۈشمەن، ئۇلار قىلىچ - نەيزىلىرىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، بەئەينى ئېگىز ئۆسكەن زىرائەتلەردەك تۇرۇشى-
دۇ. سىز نېمىشقا خەلقىڭىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ
بوش ئوتلاقتا جەڭ ھارۋىڭىزنى چاپتۇرۇپ يۈرىسىز؟

تۇرنۇس ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىدىن چۆچۈپ ۋە ھەيران بو-
لۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى، خىيالى دولقۇنلى-
ناتتى. خىجىللىق ئارىلاش ئەسەبىيلىك، قايغۇ - ھەسرەت،
شىرىن مۇھەببەت ۋە قىساس ئوتى چىرمىشىۋالغاندەك بىر خىل
ھاياجانلىق ھالەت يۈرىكىنى تىلغاپ ئېيتقۇسىز ئازابلىدى. ئۇ ئۆز
ھاياتى بەدىلىگە شان - شۆھرەتكە ئېرىشىدىغان پۇرسەتنىڭ ئەمدى
كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، لاتىئۇم
شەھەر راۋىقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىنىڭ دولقۇن كەبى
كۆككە سوزۇلغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. تۇرنۇس دۈشمەن سېپىنى
يېرىپ ئۆتۈپ شەھەرگە قاراپ چاپتى. يول بويى زېمىننى قانغا
بويىدى، نەيزىلەر سايراپ ئۇچتى.

تۇرنۇس بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ:

— رۇتۇلىيىلىكلەر، جەڭنى توختىتىڭلار، — دېدى، —

لاتىنلار، قورالىڭلارنى تاشلاڭلار، تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى مەيلى
قانداق بولسۇن، جىمى ئىشنى يالغۇز مەنلا ئۈستۈمگە ئالاي،
ھۆكۈمنى قورال چىقارسۇن.

ئانېئاس ئالدىغا چىقىۋىدى، كىشىلەر كەينىگە چېكىنىپ،
ئوتتۇرىدىن بىر پارچە بوشلۇق ئېچىلدى. بارلىق رۇتۇلىيىلىكە-
لەر، تروياللىقلار ۋە ئىتالىيىلىكلەر پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى
بىلەن، بۇ ئىككى گىگانت ئادەمگە قاراپلا قالدى. سېپىل ئۈستىد-
نى ساقلاۋاتقانلار، شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن سېپىلنى بولقا بىلەن
ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋاتقانلارمۇ ئىشىنى توختاتتى. ھەممىلا ئادەم مۇ-
رىسىدىن قورالىنى ئالدى. جاھاننىڭ جەنۇب - شىمالىدا تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن بۇ ئىككى گىگانت ئادەم بۈگۈن بىر يەرگە كەلدى.
ئەمدى ئۇلار جان تىكىپ ئېلىشىش يولى بىلەن ھايات - ماماتىنى
بەلگىلەيتتى.

### قىرىق بەشىنچى قىسسە

## بۈيۈك ئىشلار قان ئىچىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ

ئىككىيلەن مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىردى، خېلى يىراق ئارىلىق- تا تۇرۇپلا نەيزىلىرىنى ئاتتى، ئاندىن ئېلىشىش باشلاندى. بۇ باتۇرلۇق، ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولىدىغان ئېلىشىش ئىدى. ئىككىيلەننىڭ قالقىنى قالقانغا، قىلىچى قىلىچقا روبىرو بولى- دى، ئۆزئارا ئۇرۇلدى، سوقۇلدى، جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازى ئاسمان - پەلەككە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئايغى ئاستىدا زېمى- نىمۇ ئىڭراپ كەتتى.

ئەرش ئىلاھى يۈپىتېر بىر تارازىنى ئېلىپ توغرىلىغاندىن كېيىن، ئىككىيلەننىڭ تەقدىرىنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى تارازا تەخسىسىگە قويدى. بۇ قىيىن جەڭدىن كېيىن قايسى پالۋان غالىب كېلەر، قايسى پالۋان ئۆلگەندىن كېيىنكى ئېغىرلىقى بىلەن تارازىنى بېسىپ كېتەر، دەپ كۆزىتىپ ئولتۇردى.

تۇرنۇس بىر پۇرسەت تېپىپ چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى - دە، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئانېئاسنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چاپتى. ئانېئاسنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى سىرقىرد- غان تروياللىقلار بىلەن نەتىجىنى كۈتۈۋاتقان لاتىنلار چۇقان سې- لىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ سەركەردە، لەشكەرلىرىنىڭ نەزىرى تۇرنۇسقا تىكىلدى. ئەپسۇس، قىلىچى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدى. يەنى ئۇ قىلىچنى دەرغەزەپ بىلەن چاپقاندا قىلىچ سۇنۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ھودۇقۇپ قاچتى. تۇرنۇس شامالدەك تېز يۈگۈرەتتى.

تۇزلەڭلىكتە ھېلى شەرق، ھېلى غەربكە مېڭىپ، مەقسەتسىز، نىشانسىز ئايلىنىپ يۈردى. تروياللقلار تۆت تەرەپتىن ئوراپ كېلىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرە ھاسىل قىلدى. بۇ جاينىڭ بىر تەرىپى چوڭ سازلىق، يەنە بىر تەرىپى ئېگىز سېپىل بولۇپ، تۇرنۇسقا باشقا يول قالمىغانىدى.

تۇرنۇسنى قىستاپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئانېئاس ئۇنىڭغا نەيزە ئاتتى. كۈچەپ ئېتىلغان نەيزە ۋىژىلداپ بېرىپ دەرەخ يىلتىزىغا چوڭقۇر سانجىلىپ قالدى. ئانېئاس تۇرنۇس يەنىمۇ تېز قاچسا يېتىشەلمەي قالماي، دەپ ئەنسىرەپ، نەيزىنى تارتىپ ئېلىپ قايتا تۇرنۇسقا ئاتماقچى بولۇپ، ناھايىتى كۈچەپ تارتتى.

قاتتىق قورقۇنچتىن ساراسىمىگە چۈشكەن تۇرنۇس ساراڭدەكلا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ فائۇنۇسقا ۋە ۋەتىنىنىڭ زېمىنىغا، ئانېئاسقا نەيزىنى تارتىپ چىقارغۇزماڭلار دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئانېئاس ھەرقانچە كۈچەپمۇ نەيزىنى مىدىرلىتالمىدى.

ترويا داھىيسى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ نەيزە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان چاغدا، رۇتۇرنا ھارۋىكەش قىياپىتىگە كىرىپ، ئىنىسىغا قىلىچىنى ئەكېلىپ بەردى. رۇتۇرنانىڭ شۇنچە قاپ يۈرەك بولۇپ كەتكىنىدىن قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ۋېناس كېلىپ نەيزىنى دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن چىقىرىپ ئوغلىغا بەردى. ئىككى پالۋان قورالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، روھلىنىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى. ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ ئالدىدا روبىرو تۇرۇپ ھالدا ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشقا تەييارلاندى.

يۇپىتېر رۇتۇرنانى يەنە ئاكىسىغا ياردەملىشىپ جەڭ قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن چاقىرتىپ كېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بەدىنىگە يىلانلار يۆگىشىۋالغان ۋابا ئىلاھەسىنى ئەۋەتتى. ۋابا شامال قوغلايدىغان قاناتلىرىنى قېقىپ، قۇيۇن كەبى تېزلىكتە كىشىلەر دۇنياسىغا كەلدى. ئۇ تروياللقلارنىڭ بارگاھى بىلەن تۇرنۇسنىڭ

قوشۇنىنى كۆردى ـ دە، كىچىككىنە بىر قۇشقا ئايلاندى. بۇ خىل
قۇش بەزى كۈنى كېچىسى قەبرىلەرگە، ئۆگزىلەرگە قونۇۋېلىپ،
تۈن سايىسىدا ماتەم ناخشىسى ئېيتاتتى.

ۋابا ئىلاھى قۇشى تۇرنۇسنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ
قالقىنىغا قاناتلىرىنى ئۇردى. تۇرنۇس ئىنتايىن قورقۇپ پۈت -
قوللىرى بوشاپ، چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئاۋازىمۇ بوغۇزد-
غا تىقىلىپ قالدى. رۇتۇرنا يىراقتىن بۇ شۇملۇق ئىلاھەسىنى
تونۇپ، ئىنىسى ئۈچۈن قايغۇردى. ئۇ تۈگۈۋالغان چاچلىرىنى
چۇۋۇدى، يۈزى ۋە مەيدىسىنى تاتىلاپ يول - يول قانلىق يارىلارنى
ھاسىل قىلدى. چۈنكى، ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق بېشارەت (ئالامەتكە)
كە قارشىلىق كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچ - قۇدرەتكە، بىچارە ئىنىد-
سىغا ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى.
شۇڭلاشقا، ئۇ تەڭرى ئاتىنىڭ ئەمرىگە باش ئېگىپ، دەريا سۈيى
ئەڭ چوڭقۇر جايدا غايىب بولدى.

ئانېئاس دۈشمىنىگە قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى، دەرەخ-
تىن تارتىپ ئالغان توم نەيزىسىنى تۇرنۇسقا غەزەپ بىلەن شىل-
تىپ، :

— نېمىشقا جەڭنى كەينىگە سۆرەيسەن، نېمىشقا چېكىنىد-
سەن؟ ھەي تۇرنۇس، غالىب كېلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنى
رەھىمسىز قورال بىلەن بەلگىلەيلى، — دېدى.

تۇرنۇس بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— ھەي ھاكاۋۇر ناكەس، بۇ يوغان گەپلىرىڭ بىلەن مېنى
قورقۇتالمايسەن. مەن پەقەت ئەرش ئىلاھلىرى بىلەن يۇپىتېرنىڭ
ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

تۇرنۇس باشقا گەپ قىلمىدى. كەينىگە قاراپ يوغان قەدىمىي
بىر تاشقا كۆزى چۈشتى ـ دە، تېزلىكتە بۇ تاشنى ئېلىپ قەددىنى
رۇسلىدى. ئاندىن ئازراق يۈگۈرۈپ دۈشمىنىگە ئاتتى. بۇ يوغان
تاش ھاۋادا دومىلاپ ئۇچتىيۇ، ئۇزۇنغا ئۇچالمىدى، كۆزلىگەن

نىشانغا ھەم تەگمىدى.

تۇرنۇس ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۆزىگە چىقىش يول تاپالمىدى. چۈنكى، ھېلىقى رەزىل ۋابا ئىلاھەسى ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. شۇڭا، ئۇ رۇتۇلىيىلىكەر ۋە پايتەختكە نەزەر سېلىپ قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى، قورقتى، ئارىسالدى بولدى، تىترەپ كەتتى، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىندى، دۈشمىنى بىلەن ئېلىشقۇدەك مادارىمۇ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيدى.

تۇرنۇس ئارىسالدى بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە، ئانېئاس جان ئالغۇر نەيزىسىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ ئېگىز كۆتۈردى، پەيتنى مۆلچەرلەپ يىراقتىن بار كۈچى بىلەن ئاتتى. قونداقلىق ئوقيادىن ئېتىلغان تاشنىڭ ئاۋازىمۇ بۇنچىلىك جاراڭلىق چىقمايدۇ، چاقماقنىڭ چېقىلىشىمۇ ئۇنچىلىك دەھشەتلىك ئاڭلانمايدۇ. ئەمما جاننى ئالىدىغان بۇ قورقۇنچلۇق نەيزە قارا قويۇندەك ئۇچۇپ بېرىپ، تۇرنۇسنىڭ ساۋۇتىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ۋە قالقىنىنىڭ قىرنى تېشىپ ئۆتۈپ، «تاس» قىلىپ يوتىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگدى.

تۇرنۇس بۇ زور كۈچنىڭ تەسىرىدە تىزلىرى ئېگىلىپ يەرگە يىقىلدى. بارلىق رۇتۇلىيىلىكلەر سەكرەپ كەتتى ۋە ئازابلىق يىغان چەكتى. ئەتراپتىكى تاغلار بۇ يىغانغا ئاۋاز قوشتى. يىراق - يېقىن، ئېگىز جايلاردىكى ئورمانلىقتىنمۇ بۇ ھەسرەتلىك سادادىن ئەكس سادا ياندى.

تۇرنۇس ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى، ئانېئاسقا يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ، ئىلتىجا بىلەن قولىنى سوزدى. ئانېئاسنىڭ چىرايى سۇرلۇك ئىدى، ئەمما كۆڭلى سەل يۇمشىدى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى تۇرنۇسنىڭ مۈرىسىدىكى ياش يىگىت پاللاسنىڭ مۈرىلىكى ۋە كەمىرىگە كۆزى چۈشتى. بۇ غەنىيمەتلەرنى كۆرۈپ، ئانېئاس ئىختىيارسىز ياشانغان پادىشاھ ئېفاند-

دىر، ياش قەھرىمان پاللاس ۋە ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ ئەھدىلەشكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپ ـ نەپرەت قايناپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتى قايتىدىن لاۋۇلدىدى. ئۇ لاتىنلارنىڭ زېمىنىدا چېنىدىن جۇدا بولغان لەشكەرلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىشى كېرەك.

قېنى قىزىغان ئانېئاس قىلىچىنى كۈچ بىلەن تۇرنۇسنىڭ كۆكرىكىگە تىقتى. بىچارە تۇرنۇسنىڭ پۈت ـ قوللىرى سېزىمىدىنى يوقاتتى. ئازابلىق ئىڭراش ئىچىدە تېنىدىن ھاياتلىقمۇ غايىب بولدى ـ دە، ئاچچىق، ئەلەم بىلەن جەھەننەمگە يول ئالدى.

ئانېئاس ترويالىقلارنى باشلاپ لاتىنلارنىڭ پايتەختىگە ھەيۋەت ۋە سەلتەنەت بىلەن كىرىپ كەلدى. دېمەك، دەھشەتلىك، شەپقەتسىز ئۇرۇش تامام بولدى. مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، سەرسان ـ سەرگەردان بولغان ترويالىقلار ئاخىر تەڭرى ئاتا قىلغان زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىنى بەرپا قىلدى، قەھرىمان، قورقۇمسىز باتۇر ئانېئاس تەڭرىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇرچىنى ئادا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك رىم ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، لاۋىنئۇم ساھىلىدا پارلاق نۇر چاچتى.

[General Information]
书名=征服者阿涅埃阿　维吾尔文
SS号=40300680